# ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: ماخمۇتجان ئىسلام
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: جالالىدىن بەھرام
مەسئۇل كوررېكتورى: ئازاتگۈل

# ئەھمەد زىيائى ئەسەرلىرى

*


شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جيەنجۇڭ كوچىسى №54)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 3 - باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 850 × 1168 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 7.5 قىستۇرما ۋارىقى: 4
1987 - يىل 5 - ئاي 1 - نەشرى
1988 - يىل 2 - ئاي 1 - بېسىلىشى
تىرازى: 1,600 —— 1
ISBN7 — 228 — 00138 — 9/I.53
باھاسى: 1.70 يۈەن



## مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى، ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ۋەكىللىرىدىن بىرى بولغان ئەھمەد زىيائىينىڭ نامى كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا تونۇشلۇق. ئۇ ئۆزىنىڭ يېرىم ئەسىرلىك ئىجادىي ئەمگىكى بىلەن خەلقىمىزنىڭ قەلبىدىن مۇھتەرەم ئورۇن ئېلىپ كەلدى.

ئەھمەد زىيائىي 1913 - يىلى قەشقەرنىڭ يېڭىشەھەر ناھىيىسىدىكى خانئېرىق يېزىسىدا دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر مەرىپەتلىك ئائىلىدە دۇنياغا كەلدى. ئۇنىڭ ئاتىسى موللاخۇن ھاجىم مەككە ۋە مەدىنىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، شۇ زامان ئىلمىنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە يۇقىرى سەۋىيىگە يەتكەن مەشھۇر مۇدەررىس، مەرىپەتپەرۋەر شائىر بولۇپ، شەخسىي كۇتۇپخانىسى بار ئىدى. ئەھمەد زىيائىي شۇڭا كىتابلار دۇۋىسى ئىچىدە ئۆسۈپ چوڭ بولدى. موللا ھاجىم ئۆزى شېئىر يېزىشتىن تاشقىرى، تالىپلىرىنىمۇ شېئىر يېزىشقا ئىلھاملاندۇراتتى. بۇ ھال ئەھمەد زىيائىينىڭ كىچىكىدىنلا شېئىرىيەتكە قىزىقىشىنى ئويغاتتى. ئۇ ناۋائىي، فۇزۇلى، شىرازى، ھۇۋەيدا ھەمدە ئاتىسىنىڭ شېئىرلىرىنى يادلىدى، ئۆزىمۇ شېئىر يېزىشقا كىرىشتى. 30 - يىللارنىڭ باشلىنىشى بىلەن تەڭ ئانا تىلى ۋە باشقا تۈركىي تىللارنى، شۇنداقلا ئەرەب، فارس تىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ قائىدە - قانۇنلىرىنى پۇختا ئۆگىنىپ، بۇ تىللاردىكى دىنىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلارنى مۇتالىئە قىلىپ زاماندىشلىرى ئارىسىدا تونۇلدى.

ئەھمەد زىيائىي 1935 - يىلى 11 - ئايدا قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدىكى «يېڭى ھايات» گېزىتىگە ئو-

رۇنلىشىپ گېزىتچىلىك ھاياتىنى باشلىدى، ھەر خىل ئەسەرلىرىنى ئې-
لان قىلدى. كېيىنچە بۇ گېزىت «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» دەپ
ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىتنىڭ تىرازى ئەينى يىللاردا ئەڭ كۆپ
بولۇپ، سەھىپىلىرى رەڭدار، مەزمۇنى مول ۋە يېڭى ئىدى، بۇ گې-
زىت خەلق ئاممىسىنىڭ ئېڭىنى ئويغىتىش، ئۇلارنى قوزغىلىپ نا-
دانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى كۈرەش قىلىشقا ئىلھاملاندۇرۇش
رولىنى ئوينىغانىدى. 1938 - يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا قۇتلۇق ھاجى
شەۋقى تۈرمىگە تاشلاندى، «قەشقەر شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ بارلىق
مەسئۇلىيىتى ئەھمەد زىيائىينىڭ ئۈستىگە چۈشتى. ئۇ بۇ ۋەزىپىنى
1943 - يىلىنىڭ باشلىرىغا قەدەر بېجىردى. گېزىتتە تەشۋىق قىلىن-
غان ئىلغار پىكىرلەر ۋە دېموكراتىيە، ھۆررىيەت سادالىرىدىن قورق-
قان ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ئەھمەد زىيائىينى نەزەربەند قىلىپ،
كۆزىگە يېقىن تۇتۇش ئۈچۈن 1943 - يىلى 4 - ئايدا ئۈرۈمچى-
گە — «شىنجاڭ گېزىتى» گە يۆتكىدى. ئۇ 1944 - يىل 3 - ئاي-
غا قەدەر مەزكۇر گېزىتنىڭ ئەدەبىيات بېتىدە ئىشلىدى. تولۇق
بىر يىلغىمۇ يەتمىگەن ئەنە شۇ قىسقىغىنا بىر مەزگىل ئىچىدە،
ئۇ «رابىيە-سەئىدىن» ئوپېراسىنى، «مۇھەببەت ۋە ھايات» قاتار-
لىق كۆپلىگەن شېئىرلارنى يېزىپ ۋە ئېلان قىلىپ ئەدەبىيات سا-
ھەسىدە چوڭ تەسىر قوزغىدى. لېكىن شائىرنىڭ ئەركىن پىكىرلى-
رى ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمەتنىڭ سىياسىتىگە مۇخالىپ كەلگەنلىك-
تىن، ئۇ 1944 - يىل 3 - ئايدا تۈرمىگە تاشلاندى. شائىر 1946-
يىلى 6 - ئايغىچە تۈرمە ھاياتىنى باشتىن كەچۈردى. ئۇ ئەركىن-
لىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن قەشقەرگە قايتىپ، سودا
كارۋانلىرىغا قوشۇلۇپ، لاداخ سەپىرىنى باشلىدى. بۇ سەپەر ئۇ-
نىڭ كېيىنچە «لاداخ يولىدا كارۋان» ناملىق خاتىرە شەكىللىك
پوۋېستىنى يېزىشىنى مول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلىدى. شائىر 1947
يىلى ئەتىيازدا سەپەردىن قايتىپ «11 بىتىم» مۇناسىۋىتى بىلەن
«قەشقەر گېزىتى» نىڭ مەسئۇلى بولدى. ئاردىن ئانچە ئۇزۇن

ئۆتمەي ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي تازىلاش نەتىجىسىدە گېزىت نەشر قىلىنىشتىن توختىدى. كېيىنچە «ئاڭ گېزىتى» نەشر قىلىنىپ، ئەھمەد زىيائىي گېزىتنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى بولدى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي «ئاڭ گېزىتى» نەشردىن توختاپ، «قەشقەر گېزىتى» دېگەن نامدا نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەھمەد زىيائىي 1952 - يىلىغا قەدەر بۇ گېزىتنىڭ مەسئۇللۇقىنى ئۆتىدى. شۇنىڭدىن كېيىنكى مەزگىللەردە، شائىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى، ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى قاتارلىق ئورۇنلاردا ئىشلىدى، ئەدەبىي ئىجادىيەت ۋە ئىلمىي تەتقىقات بىلەن شۇغۇللاندى.

ئەھمەد زىيائىي 1923 - يىلى 10 ياش ۋاقتىدا شېئىر يېزىشقا كىرىشكەن بولۇپ، 1926 - يىلى 13 ياش چېغىدا «گۈل ۋە بۇلبۇل» ناملىق داستاننى يازغان. شۇندىن بويان ئۇ «قارا كۆزلەر، نۇرلۇق ھايات»، «ۋاڭ جېڭۋى»، «رابىيە - سەئىدىن» قاتارلىق دراما، ئوپېرالارنى، «تۇرمۇش سازىنىڭ بۇزۇق پەردىسى»، «پىداكارلىق مېدالى» دېگەندەك پوئېما - داستانلارنى، «ياش يازغۇچىلارغا ياردەم» قاتارلىق ئىلمىي - نەزەرىيىۋى ماقالىلەرنى يازدى. 1947 - يىلى «قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە ئەھمەد زىيائىينىڭ «تۇزۇماس چېچەكلەر»، «لاداخ يولىدا كارۋان»، «ۋىجدان ۋە مۇھاكىمە» دېگەن ئۈچ كىتابى نەشر قىلىندى. ئازادلىقتىن كېيىن، شائىر «نەي ساداسى»، «سايرا»، «ۋەتەن — تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى» قاتارلىق شېئىرلارنى، «تارىخىي مىراس ‹قۇتادغۇبىلىك› توغرىسىدا» دېگەندەك ئىلمىي ماقالىلەرنى يازدى. 1985 - يىلى شائىرنىڭ چوڭ ھەجىملىك داستانى «رابىيە - سەئىدىن» مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى. شائىر «رەۋزەتۇسسەفا» (دوستلار گۈلىستانى)، «بۈيۈك ھون ئىمپېراتورلۇقى تارىخى»، «ئىسلام پەلسەپە تارىخى»، «قۇتادغۇبىلىك ئىنجۇلىرى»، «قۇتادغۇبىلىك ئىندېكىس» دېگەندەك كىتابلارنى پارس ۋە تۈركچىدىن تەرجىمە قىلدى. نىزارىنىڭ «رابىيە - سەئىدىن»، موللا

شائىرنىڭ «زەپەرنامە» داستانىنى نەشرگە تەييارلاپ، كىتابخانلى-
رىمىزنى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ نادىر ئۈلگىلىرى بىلەن تو-
نۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى پار-
لاق نامايەندە «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى-
دىكى نەزمە يەشمىسىنى نەشرگە تەييارلاشقا قاتناشتى.

شائىرنىڭ ئەسەرلىرىدە ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى، مۇستەقىللىقى
مەدھىيىلەنگەن، ئازادلىق ۋە ئەركىنلىك جەڭچىلىرى كۈيلەنگەن،
جاھالەت، نادانلىق، قاششاقلىق، خوراپىيلىق پاش قىلىنغان، قاراڭ-
غۇ ئۆتمۈشنىڭ پاجىئەلىرى، قانلىق زۇلۇملىرى سۆكۈپ تاشلانغان،
مەرىپەت، ئەمگەكچانلىق، چىن مۇھەببەت، ساداقەت چىرايلىق سۆز-
لەر بىلەن تەرغىپ قىلىنغان، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقپەرۋەرلىك
گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن شائىرنىڭ خېلى نۇرغۇن ئە-
سەرلىرى يوقالغان بولغاچقا بۇ توپلامغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق
بولالمىدۇق. كەڭ كىتابخانلارنىڭ بۇ جەھەتتە بىزنى كەچۈ-
رۈشىنى، ئەھمەد زىيائىينىڭ يوقالغان ئەسەرلىرىنى تېپىشتا بىزگە
ياردەملىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز، شۇنداقلا بۇ پېشقەدەم شائىر، درا-
ماتورگ ۋە ئەدەبىياتشۇناسىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە مۇۋەپپەقىيەت
تىلەيمىز.

# مۇندەرىجە

## توزۇماس چېچەكلەر


يۇرت - ئەل ئۈچۈن ........................ 1
ۋەتەن - تەن ئېرۇر، ئىستىقلال جېنى........................ 2
نەي ساداسى........................ 6
ئاختۇرۇپ يۈردۈم مەھبۇبنى ........................ 13
كىشىلىك كۈلسە خۇشلۇق بىرلە كۈل........................ 14
ھەيرەت ئىچرە ........................ 15
كونا يولداش بىرلە........................ 16
ھەمىشە باھار ئاگا ........................ 16
شائىر خىيالى ........................ 17
قېنى تاڭنىڭ نەسىمى........................ 18
تىلەك........................ 19
خوپ........................ 20
ئۆمرۈڭ ئۆتەر سۇدەكلا........................ 21
تەربىيەت ........................ 21
ياخشىلىقنى يار تۇت ........................ 22
ئىچكىنىڭ كىمنىڭ قېنى ........................ 23
يار كېلۇر ........................ 24
يۈزلىرىڭ گۈلمۇ ياكى........................ 24
كەلمىدى يار........................ 25
جاھان گۈلزارىدا ........................ 26
جاھان لەنگەر ........................ 27
كۈلنارقىز ........................ 28

ئۈمىد گۈلى ..................................... 29
گۈل تولا گۈللۈكتە، ئەمما ..................................... 30
يۈرەكنى ئۆگەت خەلق غېمىگە ..................................... 30
باغرىمغا سالدى كىرپىكلىرىڭ داغ ..................................... 31
سۆزلىسەم داغدىمەن ..................................... 32
جاھانغا باق چوڭقۇر نەزەردە ..................................... 34
كۆڭۈل ئالماق ھەممىدىن ئەۋزەل ..................................... 35
بولاي دېسەڭ غەمدىن خالاس ..................................... 36
ئۆمۈر كەتمەكتە ئېقىن سۇدەك ..................................... 36
كىزگۈل ..................................... 37
بىلمىدىم ..................................... 38
كۈرەشچان بولمىغۇنچە ..................................... 39
ئەل ناخشىسىدەك ..................................... 39
ئوخشارمۇ ..................................... 40
بولماس يىلاننى قويۇنغا سېلىپ ..................................... 42
كۆڭلۈمگە خىتاب ..................................... 43
كۆرۈپ ئىلمىي چېچەكلەرنى ..................................... 43
بۇلبۇلغا خىتاب ..................................... 44
ئارزۇ ..................................... 45
سېلىپ مېھرىڭنى كۆڭلۈمگە ..................................... 46
قىز كۆڭلىنى باستى غەم ..................................... 47
چىن مۇھەببەت بولسىلا ..................................... 48
سۆيۈن كۆڭلۈم ..................................... 48
كۆڭۈل گەر رەنجىسە ..................................... 49
كەتمىگەي ھەرگىز سېنىڭ يادىڭ ..................................... 50
ھايات جەڭ ..................................... 50
ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ ..................................... 51
گۈزەل دىيارىم ..................................... 53

ئىلىم سۆيگۈسى دىلىدا.............................. 55
دېدىم، دېدى.......................................... 58
سايرا ................................................ 59
رۇبائىلار.............................................. 61
قىتئەلەر............................................... 67
رابىيە - سەئىدىن......................................... 72
ئەدەبىي ماقالىلار
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن
ئۆگىنىدىغانلىرىمىز.................................... 106
كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىملىكى ۋە ئۇنىڭ چەت
تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى ......................... 120
تارىخىي مىراس «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا ............. 135
«قۇتادغۇ بىلىك» كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل... 217

# تۇزۇماس چېچەكلەر

## يۇرت - ئەل ئۈچۈن...

يۇرت - ئەل ئۈچۈن تارتقان ئەلەمنى،
شاھلىق تەختىگە قىياس ئەتكۈلۈك.

خەلق يولىدىكى بىر مىنۇت قايغۇ
مىڭ يىللىق راھەت ئۈچۈن يەتكۈلۈك.

جاھان، شۇ جاھان، كەلگەنلەر كېتەر،
ئۆزدىن ياخشى ئىز قويۇپ كەتكۈلۈك.

ياخشى ئىز نېمە؟ ئەل ئۈچۈن خىزمەت،
ئەمەس ياخشى ئىز مال بىلەن مۈلۈك.

ئەلنىڭ ھاياتى ئەگەر تىلەركىن
جاننى، شادلىنىپ ئۇنى بەرگۈلۈك.

تىرىشىپ ئالغا چەكسىز ھەم مېھنەت،
تارىخ چەرخىنى ئالغا سۈرگۈلۈك.

زامان گەرچە ئۇ نامەرد زاماندۇر،
مەرد يىگىت بولۇپ دەۋران سۈرگۈلۈك.

ھايات كۈرەشتىن ئىبارەت ئېرۇر،
توسالغۇلارنى كۈرىشىپ يەڭگۈلۈك.

كېتەلمەس ساڭا ئوخشىشىپ ھېچقاچان،
قوياش، ئاي ۋە يا سۇبھىنىڭ كۈلگىنى.
تەرەققى ۋە شەۋكەت پۈتۈن سەن بىلەن،
ئىي، بىرلىك سائادەت دۇرىنىڭ كېنى.
كىمكى سېنى كۆڭلىدىن سۆيمەسە،
مۇقەررەر ئۇدۇر ئەل، ۋەتەن دۈشمىنى.
ئۇپۇقتا شەپەق بىرلە ھەر سۇبھى - شام
يېزىلماقتا خەتكىم، شۇدۇر مەزمۇنى:
ۋەتەن — تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

خىيال، ئەقىل، تەيەككۇر بۇلار ھەر بىرى
يېيىشتى قاناتىنى ئۆتمۈش سىرى،
چېكى يوق ئۇ بوشلۇقتا جەۋلان قىلىپ،
كېتىشتى ئۇچۇشۇپ ناھايەت نېرى.
تەسەۋۋۇردىن ئارتۇقچە تېزلىك بىلەن،
قېقىلدى ناھايەت ئېگىزدە پەرى.
فەزانى① مۇشۇنداق ساياھەت قىلىپ،
گۈزەل نەرسىگە چۈشتى كۆزنىڭ قىرى.
ئىدى ئۇ زاماننىڭ تەۋارىخ تومى.
ۋاراقلاندى بەتلىرىنىڭ ھەر بىرى،
ئۇلار كۆزى ئالدىدا بولدى ئايان.
ھاياتنىڭ سىنالغان مۇشۇنداق قۇرى:
ۋەتەن — تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.
بۇلار قىلدى سەير مۇڭدىشىپ ئۆزئارا،
دېدى ئەقىل يولداشلىرىغا: قارا!!

① فەزا - ئاسمان بوشلۇقى

غايىلىك شەخسكە دۇشمەن كۆپ بولۇر،
ئۇنداق دۇشمەننى توزانغا كۆمگۈلۈك.

شەخسىي دۇشمەنلىك يىگىتلىك ئەمەس،
يۇرت - ئەل دۇشمىنىنى دۇشمەن بىلگۈلۈك.

ئۇتتۇق ئالماققا چىدامىلىق شەرتتۇر،
قىيىنچىلىققا چىداپ كۆرگۈلۈك.

تاماگەر بولۇپ تىرىك تۇرغۇنچە،
قانائەت قىلىپ ئاچتىن ئۆلگۈلۈك.

بۇمۇ ھەم يەنە يىگىتلىك ئەمەس،
ئىشلەپ لوقما يەپ ئازادە يۈرگۈلۈك.

سەئى غەيرەتكە تايىنىپ تۇرۇپ،
مۇراد غۇنچەسىن زاماندىن ئۈزگۈلۈك.

تولكىلىك قىلىپ ھايات سۈرگۈنچە،
شىرانە سۆۋلەت بىلەن ئۆلگۈلۈك.

ئەلنىڭ بەختىنى كۆزلەپ ئەي زىيا،
يىغلىسا يىغلاپ، كۈلسە كۈلگۈلۈك.

1947 - يىل

ۋەتەن - تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى...

(تەرجىئى بەند)

ئىناقلىق گۈلى، كىممۇ سۆيمەس سېنى،
ئى بەختلىك ھاياتنىڭ گۈزەل گۈلشىنى.

ئىناقلىق سۇيىدىن سىراپ بولمسا،
ئاخىر چۈشىدۇ باشقا دەردى پىراق.
گۈزەل يارنىڭ ۋەسلىدىن ئايرىلىپ
جۇدالىق ئوتىدا كۆيەر ئۇ بىراق.
نە ئىشرەت، نە تۇرمۇش، نە ئارام ئۇنىڭا،
قارا تۈنلىرى ھەرگىز بولمايدۇ ئاق.
يۈكسەك غايىلەرگە بولار يەتكىلى
ھەقىقەتتە بولغاندا چىن ئىتتىپاق.
سائادەت ئىناقلىقتا باغلىق ئىرۇر،
ئۇپۇقتا يېزىلغان مۇشۇ قۇرغا باق:
ۋەتەن - تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

دېدى پىكىر - خىيالغا خىتابەن ئەقىل:
بولۇر ئىتتىپاق نېمە قىلسا ھاسىل؟
ئىرۇر ئىتتىپاق ئىككى نەرسە ئارا،
ئەگەر ئىككىسى بولسا ئۇ ئىككى خىل،
بۇ چاغدا ئىناقلىق ئۆزى يوق بولۇر،
بۇنىڭا تۈز بىلەن ئەگىر ئوبدان دەلىل.
ھەر ئىككى تەرەپ تەڭ تىرىشقاندىلا
ئۆزۈلمەس بۇ ئىككى ئارادىكى قىل.
«قۇتادغۇ بىلىك» تىكى شۇ بېيتلىنى
ئوقۇپ ئۇستىدە بىر پىكىر ئەيلىگىل:
«سەنى سىز تەسەلەر ئانى سىز تىگىل،
تاقى ئاندا يەگرەك يانۇت سۆزلىگىل.
قىيا ياڭقۇسىدىن قوزى بولمىغىل،
سەنى سەن تەسەلەر ئانى سەن تىگىل.»
«سېنى سىز دېسىلەر ئانى سىز دېگىل،

ئىناقلىق گۈلىدىن زوق ئالمىغان
كىشىنىڭ ئىچىدۇر قازانىدىن قارا.
ئىرۇر بىرلىك ئۇ، بىر خازانسىز باھار،
ئۇنىڭ بىرلە ياشنار شەھەر، تاغ - دارا.
چېچىلمىغۇلۇق، ئىختىلاپ بىر بالا،
ئۇنىڭ ياراسىدۇر ساقايماس يارا.
گۈزەل بىر ھاياتنىڭ خۇشھال سىرىنى،
يېزىلغان مۇشۇ قۇر ئىچىدىن ئارا:
ۋەتەن — تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

بۇ بىرلىك، ھايات بەخش قۇياشتۇر ھامان،
ئىرۇر چېچىلىش، قارا زۇلمەت تۇمان.
بۇ ئۆتكەن زامانغا قارالسا ئەگەر،
ئىناقسىز بولۇشتۇر ياماندىن يامان.
راۋاج ياكى روناق تېپىپ ئۆتمىگەن،
ئىناق بولمىغان ئەل ئىشى ھېچقاچان.
تىلى، كۆڭلى بىر بولمىغان خەلق سوپى
ھەمىشە كۆرۈپ كەلدى قاتتىق زىيان.
ئىناقلىق ئاساسىدا دەۋر ئەيلىگەچ
تىنچ ئايلىنار يەر، قۇياش، ئاسمان،
سېلىنسا ئەگەر مەنىۋى بىر قۇلاق،
جاراڭلاپ كېلۇر شۇ سادا ھەر زامان:
ۋەتەن - تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

يار ئۇ بولمىسا يار بىلەن ئىتتىپاق
قاچاندا بېرەلەيدۇ زوق، ئىشتىياق،

ئەجەب جان كۆيدۈرەر بىر ئۈن بىلەن كۈيلەيدىكەن ھەر تۈن،
ئۇنىڭ مۇڭلۇق ساداسى تىترىتىپ دىلنى ئۆتەر جاندىن.
قىلىپ ھەيران قۇلاق سالدىم بۇ ئۈنلەرگە بولۇپ تەشنا،
ئالاي دەپ ھەسسە بۇ نەيدە كۆمۈلگەن سىررى پىنھاندىن.
دېدىكىم: ئى نادان! گەر ئىستىسەڭ ئۆمرۈڭگە بىر مەنا،
ۋۇجۇدۇڭنى مۇنەۋۋەر قىل پۈتۈنلەي ئىلمۇ ئىرپاندىن.
يېتەكلەيدۇ ھەقىقەت سەيرىگاھىغا سېنى بۇ نۇر،
تاپالمايسەن بۇ نۇرنىڭ سىررىنى خۇرشىدى تاباندىن①.
دىلىڭدۇر كەڭرى بىر دۇنيا تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولماس،
تەپەككۇر قۇشلىرى تۇرغۇن ئېرۇر ھەيرەتتە ھارغاندىن.
ھاياتتا قانچە سىرلار بار، ئەقىل بىلمەكتىن ئاجىزدۇر،
بۇ سىرلارغا چۈشەنمەك تاشقىرىدۇر ھەددۇ ئىمكاندىن.
ئۆتەر بەزى ھاياتنىڭ ئەيشۇ ئىشرەتلەر ئارا ئويناپ،
شارابۇ ساز، مەھبۇبلار بىزەلگەن لالە - رەيھاندىن.
كېلۇر ئالدىڭغا گاھى شۇ قەدەر مۇدھىش بايابانكىم،
ئۇنىڭ ھەر ماڭدىمى تولغان پىراقۇ، دەردۇ ھىجراندىن.
ھەسەلنىڭ نېشى①، گۈلنىڭ خارى②، راھەتنىڭ جاپاسى بار،
باھارنىڭ بار خازانى، يازغىدۇر ئازار زىمىستاندىن،
شۇڭا ئىستەر ھايات سەبرۇ ساباتۇ، ئەقلۇ چىڭلىقىنى،
كۈرەشنى، ئىلمۇ غەيرەتنى، پىداكارلىقنى ئىنساندىن.
ئەگەر سەن ئۆشبۇ خىسلەتلەردە مەھكەم تۇرمىساڭ دائىم،
ئۈزەلمەيسەن مۇرادىڭنىڭ غۇنچىسىنى بۇ گۈلىستاندىن.
تىرىش، ئىشلە، يىقىلساڭمۇ قوپۇپ قايتا يولۇڭنى ماڭ،
كىشى ھەر نەرسىكىم تاپتى، ئۇنى تاپتى تىرىشقاندىن.
كېرەكلىك شەخسى بول جەمئىيەتىڭگە سەنئەتىڭ بىرلە،

① خۇرشىدى تابان — پارلاق قۇياش
① نېش — ھەرە ۋە باشقا چاقققۇچىلارنىڭ نەشتىرى
② خار — تىكەن

ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب سۆزلىگىل.
قىيا ياڭقۇسىدىن تۆۋەن بولمىغىل،
سېنى سەن دېسەلەر ئۇنى سەنلىگىل.»
بوۋاڭنىڭ ئادالەت بۇ ھەق سۆزىنى
مۇھىم ئىتتىپاقلىق تارازىسى قىل.
مۇشۇ شەرت ئاساسىدا سەن ئەرتە - كەچ،
تۆۋەندىكى مىسرالىنى ئوقۇغىل:
ۋەتەن — تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

تەپەككۇر، خىيال ئەقلىغا قويدى قول،
دېيىشتى ئىناقلىق يولى مۇشۇ يول.
ئادالەت سۇيىدىن بېرىلمىسە سۇ
ئىناقلىق پېغىدا ئېچىلمايدۇ گۈل.
ئىناقلىق يوقىلىپ چىققار ئىختىلاپ،
يېتىم بولغۇسى بالا، خاتۇنلا تۇل.
نەچە دېسىمۇ ئاغزىدا ئىتتىپاق،
ئىپادە قىلالمايدۇ مەنانى ئۇل.
تەۋارىخ بېتىگە قارالسا ئەگەر،
يېزىلغان شۇ شەرت بىرلە، شۇ سۆز نوقۇل:
ۋەتەن — تەن ئېرۇر، ئىتتىپاقلىق جېنى،
يېقىملىق باھارى، گۈلى، گۈلشىنى.

1984 - يىل، فېۋرال، ئۈرۈمچى

## نەي ساداسى

(قەسىدە)

كەل ئى دوست، نەي ئۈنىنى ئاڭلا ھەر تاڭدا تىيانشاندىن،
چىقار بۇ ئۈن جاراڭلاپ ياڭرىتىپ شاۋقۇنىنى ھەر ياندىن.

يۈزى گۈلدەك قىزىل دەپ، دائىما ماختايسەن يارىڭنى،
نەدەرسەن بۇ قىزىللىق بولسىمۇ ئالداپ ئويالغاندىن.
پەرىشان خاتىرەمنى جەم ئېتەر دەپ ئويلىما ئەسلا،
ئېچۆك يەتكەي خاتىرجەملىك ساڭا زۇلفى① پەرىشاندىن.
ئاتالماس ئارۇ ئىففەتسىز كۆڭۈلنىڭ خاھىشى سۆيگۈ،
كېلەمدۇ مۇشكى — ئەنبەرنىڭ ھىدى ئەخلەتچى — گوداڭدىن.
ھەقىقىي تۇيغۇ يوق دىلدا مۇھەببەت گۈللىرى ھىدسىز،
ئېچۇككىم ئاينەبى بەھرى چۈشكەن ئەكسى بوستاندىن.
مۇھەببەت گۈل، تۈرى سانسىز، سۆيەر ھەر دىل ئۆزى بىر گۈل،
ئۇنىڭغا ئىشتىياق باغلاپ ھۇزۇرىنى كۈتەر ئاندىن.
ۋەتەنپەرۋەر يىگىت بول، بولمىغىن ئەلدىن جۇدا ھەرگىز،
كۆيەر گۈل شاخى گۈلخاندا كېسىلگەندە گۈلىستاندىن.
مۇھەببەت — چىن مۇھەببەت، مانا شۇدۇر بىباھا گۆھەر،
ئەجەب راھەتلىنۇر جانلار قوشى شۇ گۈلگە قونغاندىن.
خىيال ھەرگىز سېنىڭ تەشنالىقىڭنى قاندۇرالمايدۇ،
بولامدۇ تەشنالار سىراپ، ساراپ② دەرياسى ئاققاندىن.
تەپەككۇر باشقا، ئەقىل باشقا، خىيال باشقا، بۇنى ئايرى،
كىشى ۋەيران قىلۇر ئۆزنى خىيالىي خامنى قىلغاندىن.
كۆڭۈل نازۇك خەزىنە، قىلمىغىل ھەرگىز ئۇنى ۋەيران،
ھەزەر قىل زۇلۇم تىغىدىن دىلى ئازاردا بولغاندىن.
غېرىبلار، خانىۋەيرانلارنى كۆرسەڭ ياردەمدە بول،
ئېچىلغاي بەختى ئىنسانىنىڭ رىياسىز خەيرى - ئېھساندىن.
ئېزىلگەن مەزلۇم ئەللەر ئاھىدىن قىلغىل ھەزەر، ياغقاي
بۇ ئاھ تەشكەن تۆشۈكلەردىن بالا بېشىڭغا ئاسماندىن.
ئۆزۈڭگە دوست تاپالا بولمىغىل مۇمكىنقەدەر دۈشمەن،

---

①زۇلۇپ — چاچ
②ساراپ — ھاۋا قىزىغاندا چۆلدە كۆرۈلىدىغان ھارارەت دەرياسى. يىراقتىن سۇ كۆرۈنىدۇ، يېقىن بارسا ھېچنېمە يوق

لاچىن ئەل ئالدىدا ھەر ۋاقىت ئۇستۇلوندۇر سىغىنغاندىن.
ئۆزۈگىدە يوق ھۆنەر، سەن سەنئەت ئەھلىگە ھەسەت قىلما،
كۆرۈپتۇ كىم ياسالغاننى چىمەن ئالەمدە جىغاندىن.
كامالەت پەزىل توپلاپ، شۇ بىلەن ماختانغىنىڭ ياخشى،
ساڭا يوق پائىدە ئانچە قۇرۇق گەپلەرنى ساتقاندىن.
تىرىشماستىن بېغىڭنىڭ گۈللۈكى ھەرگىز چېچەك ئاتماس،
بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى سەن سوراپ كۆر گۈلچى باغۋەندىن.
ھورۇنلۇق ھەمدە تەييارتاپ بولۇش بەكمۇ يامان ئادەت،
ئىبارەتتۇر بۇ ئىككىسى يىگىتلىكنى يوقاتقاندىن،
ئۇپۇقتا ھال شەپەقتىن ھەر سەھەر شۇ خەت يېزىلغايكىم:
«ئەمەس ھېچ نەرسە تاتلىقراق ئۆزى ئىشلەپ يېگەن ناندىن».
ئەقىللىقلار بىلەن بول، قىلما جاھىللار بىلەن سۆھبەت،
زىيانلىقراق ئەمەستۇر ھېچ نەرسە دوست ناداندىن.
ئىلىم - جەھىل كۈن ۋە تۈندەك بىر - بىرىگە قارشىدۇر دائىم،
جاھىللار بىر شەپەرەگدۇركى، رەنجىيدۇ تاڭ ئاتقاندىن.
بىلىمسىزدىن ئەقىللىق قانچىلىك نەپرەت بىلەن قاچسا،
نادانمۇ شۇنچە نەپرەتتە بىلىملىك بىرلە بولغاندىن.
تاپالمايسەن ھەقىقەت جەۋھىرىنى چەكمىسەڭ مېھنەت،
قاچان چىققاي مۇشەققەتسىز باھالىق لەئلىلەر كاندىن.
قىيىنلىق تارتمىغۇچە تاپقىلى بولمايدۇ راھەتنى،
بوتا① دا ئېرىگەن چاغدا تاپار ئالتۇن باھا ئاندىن.
كۆڭۈل مەقسەتلىرىڭگە يەتمىگەندە بولمىغىن مەيۇس،
داۋاملىق كىم ئۆزەلەپتۇ مۇراد غۇنچىسىنى دەۋراندىن.
مۇھەببەت سىرى — ئەسرارى ئېرۇر سىرلار ئارا بىر سىر،
ئاقىللار ئەقلى ھارغۇندۇر بۇ سىرنى كۆپ قېدىرغاندىن.
مۇھەببەتكە سەۋەب يالغۇز ئەمەستۇر نازىنىنلارلا،
چۈشەر ھەر دىلغا بىر ئىشىق شۇ نېمىنىڭ ئەكسى ئۇرغاندىن.

---

① بوتا — ئالتۇن ئېرىتىدىغان قاچا.

نە ھاسىل پايدىسىز سۆزدىن قۇرۇق قۇرلارنى تىزغاندىن.
يىراقنى ئويلا، ھەرگىز قىسقا ئوي بىناقۇەت بولسا،
كىشى بىناقۇەتلىكتىن تولا چاغ ئايرىلۇر جاندىن.
«تۆۋرنى قىسقا كەس ئۇيغۇر، ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇنراق كەس»①
بۇۋاڭ شۇنداق سالاتتى جار ئۆتمۈشتە تىيانشاندىن.
ئۈمىدلىك بول، ئۈمىدسىزلىك كىشىگە ئەڭ ئېغىر ئاپەت.
نەسىۋىسى ئۈمىدسىزنىڭ مۇرادسىزلىق بۇ داستاندىن.
ئۈمىددۇر روھ پەرۋەر تەن بىلەن جېنىڭغا زور قۇۋۋەت،
قارا ئۈمىد كۆچىنى سەن ھوسۇل خۇشتارى دېھقاندىن.
قاناتى بىرلە قۇش ئۇچسا، ئۇچۇر ھىممەت بىلەن ئادەم،
زىيانلىقراق ئەمەس ھېچ نەرسە پەس ھىممەتتە بولغاندىن.
كۈرەش دۇنياسىدا مەقسەت قۇشىنى ئۇۋ قىلۇر بولساڭ،
يېتەلەيسەن بۇ مەقسەتكە ئۈمىد نۇرىنى قۇرغاندىن.
كۆزى ئاچ تويمىغۇرلۇقتىن ئۆزۈڭنى ساقلىغىل زىنھار،
بولۇپ قالما چۈمۈلىدەككى چىشلەر ئۇچرىغان داندىن.
قاناتەت تاغىغا قون، بول ھۇما② دەك ھەممىدىن ئازاد،
كېتەر قەدرىڭ چىۋىندەك شىرىنلىك ھەر جايغا قونغاندىن،
ئۆزۈڭنى تۇت كىچىك، ھەرگىز تەكەببۇرغا ئورۇن قويما،
نە ھاسىل مېۋىسىز شاختەك ئۆسۈپ شۇنداق غادايغاندىن.
غۇرۇرى بار كىشىلەرنى يەنە ئېيتما تەكەببۇر دەپ،
مەزەللەتكە③ تاۋازۇ نام ئىبارەت سىرف يالغاندىن.
غۇرۇرى بولمىغان شەخستە كۈرەش روھىنى تاپماق تەس،
مەزەللەت قوللىرىدۇر نائۈمىد ئىززەت شەرەپ - شاندىن.
غۇرۇر بىرلە تەكەببۇر، خارلىق بىرلە تاۋازۇنىڭ،
چېكى بار پەرق ئېتەر ھەركىم ئەقىل شەمئىنى ياققاندىن.
كىچىكلەرگە ھاقارەتلىك قاراشتىن دائىما ساقلان،

① «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكى خەلق ماقاللىرىدىن
② ھۇما — چىرىگەن سۆڭەك يەيدىغان قۇش، قاناەت سىمۋولى
③ مەزەللەت — خارلىق

ۋاپادار دوست يىغىش ياخشى كۈمۈش - ئالتۇننى يىغقاندىن.
ۋە لېكىن دوست - دۈشمەن ساقلىنىپ بولمايدىغان ئەھۋال،
بولۇر دۈشمەنلەرنىڭ دوست، دوست - دۈشمەن دەۋرى - دەۋراندىن.
دېمەك، ھەر ئىككىسىدە ئۆزگىرىش يۈز بەرگۈسى دائىم،
بۆلەك بىر باشقا يول يوقتۇر بۇڭا تەييار تۇرغاندىن.
دېمىش بىر پەيلاسوپ: «دوستۇڭغا بەرمە ھەممە سىرىڭنى»
ئەگەردە دۈشمەن ئولسا ساقلىنالماي قالىسەن ئاندىن.
شۇنىڭدەك دۈشمىنىڭگە ئەيلىمە ھەممە يامانلىقنى،
ئەگەر دوستۇڭغا ئايلانسا خىجىلسەن كۆڭلى سۇنغاندىن.
كۈچۈم بار، بىر يولى يەنجىپ قىلۇرمەن يوق دېمە ھەرگىز،
ھەزەر قىل دەرد چەككەن قەلبىنىڭ دەھشەتلى ۋولقاندىن.
ئېنىق بىلگى، پەلەك چەرخى داۋام ماڭمايدۇ مەيلىڭچە،
ھېسابات بېرىسەن بىر كۈن زۇلۇم تىغىنى چاپقاندىن.
يېقىن دوستتىن كۆرۈلسە نامۇۋاپىق ئىش، كەچۈر ئانى،
ئەمەس ئەيىبلىك سۇزۇك سۇ، ئانچە - مۇنچە خەس ئېقىتقاندىن.
خازانسىز بىر گۈلىستاندۇر ئەدىپلىك باغۇ بوستانى،
ئۇڭا يەتمەس زىيان - زەخمەت جاھان جۇتلارغا تولغاندىن.
كىشىنىڭ ئېتىبارى، ئىپتىخارى، قۇدرىتى سۆزدۇر،
بىلۇرسەن پەرق ئېتەر ئىنسان مۇشۇ سۆز بىرلە ھايۋاندىن.
شۇڭا بۇ قۇدرىتىڭنى نامۇۋاپىق جايغا سەرپ ئەتمە،
قەلەم تەگلىك چېكەر ئىلكىڭدە، ناچار سۆزنى يازغاندىن.
يامان سۆز سۆزلىگۈچە سۆزلىمەي قويغان ئېرۇر ياخشى،
بويۇن زۇننارسىز خوپراق ئىششەك مۇنچاقنى ئاسقاندىن.
تەپەككۇر قۇشلىرى شۇنداق ئاجايىپ تېز پەرۋاز كىم،
پۈتۈنلەي تاشقىرىدۇر تېزلىكى ئۆلچەم ۋە مىزاندىن.
مانا بۇ قۇش سېنىڭ ئىلكىڭدىدۇر ئى يازغۇچى بىلسەڭ،
ئىرىش، پەرۋازىدىن قايتسۇن ئېلىپ سىر مارىس، چولپاندىن.
تەپەككۇر ئەيلە! ياز! يازغان سۆزۈڭ كۆپ مەنىدار بولسۇن.

ئىشتكەچ بىباھا شۇنچە نەسىھەتلەرنى شۇ تاڭدا،
كۆڭۈل ئاينەسى تاپتى جۇلا ھەر تۈرلى توزاندىن.
تەپەككۇر قۇشلىرى قوندى قەلەمنىڭ ئۇچىغا ئەگىپ،
دېدى: ئىلھامغا چاپىماسەن، مۇشۇنداق مەنىلىك داندىن،
ئۈزۈلدى نەي ساداسى، بۇ زىيائى ئىنتىزارلىقتا،
ئۈزۈپ ئۆتسەم گۈزەل گۈلدەستە دەپ ئىلمىي گۈلستاندىن.
1957 - يىلى يېزىلغان، 1983 - يىلى بېسىلغان

## ئاختۇرۇپ يۇردۇم مەھبۇبنى

ئاختۇرۇپ مەھبۇبنى يۇردۇم سۆيگۈ گۈلزارى ئارا،
تاپمىدىم ھېچ بىر چىمەندىن يارنى مەن — بەختى قارا،

ئۇچرىشىپ ئۆتتى ماڭا گۈلشەن ئىچىدە كۆيلىرى،
ئۆزى گۈلزار ئىچىدە، لېكىن پىراقتىن دىل يارا،

ھەر سەھەر گۈل شېخىنى لەرزان ئېگىپ بادى سابا،
زەر تاراقتەك بەرگى گۈلنى مىدىرىتىپ لەرزان تارا،

ئىختىيارىم تىزگىنىنى ئالدى بۇ مەۋھۇم خىيال،
ھەر تەرەپتىن باشلىدىم بۇ يوشۇرۇن سىرنى ئارا.

بولدى شۇ مەلۇمكى سەپكەندە ئەزەلنىڭ دېقىنى
قايغۇ - غەمنىڭ دانەسىن چاچقان مۇشۇ گۈلشەن ئارا.

شۇڭا بۇ گۈلشەنگە قونغان ھەممە بۇلبۇللار كېلىپ،
سايرىشىپ بولمىش، ھەمىشە غەم بىلەن داستان سارا①

① داستان سارا - داستان سايرىغۇچى

قىلۇر بەزىدە يىگنە ئەڭ مۇھىمراق ئىشنى بازغاندىن.
كىشىلىككە زىت ئۇلغان ھەممە ئىشتىن تۇت يىراق ئۆزنى،
تىرىش بارلىق جەھەتتە پاك بولۇشقا ئەيىب - نۇقساندىن.
ئۆزىنى پاك تۇتماي باشقىلاردىن رەنجىسە بولماس،
نە ھاسىل يۈزدە كىر، ئەينەك قاراپ، ئەينەكنى چاققاندىن...
ئاخىردا نەي ساداسى شۇ قەدەر مۇڭلۇق تۇس ئالدىكىم،
بۇ ئۈن تەسىرىدىن تولدى يۈرەكلەر ھىس، ھاياجاندىن.
دېدى نەي: ئى كىشى ئويغان! غەپلەت ئۇيقۇدا ياتما،
كېتەر بىر خىش ھاياتىڭدىن مىنۇت ئۆمرۈڭ يوقالغاندىن.
غەنىمەتتۇر ھاياتىڭ، ياشلىقىڭ، ھەرگىز زايا قىلما،
نە پايدا ۋاقتى ئۆتكەندە يېگەن قاتتىق پۇشايماندىن،
بولۇر بىر كۈن قارا بېشىڭ چېچەكلىك شاخلىدەك ئاپئاق،
ئېگىلۇر سەرۋىدەك قەددىڭ، قالۇرسەن ھەممە دەرماندىن.
ئىپار بېشىڭغا سۈرتۈلگەي زامانىڭ قولىدىن كافۇر،
كۆرەرسەنكىم تېنىڭدە ئۆزگىرىش ياشلىق يوقاتقاندىن.
ئاچۇرسەن شۇندا ئۇيقۇدىن كۆزۈڭنى سەسكىنىپ، ئەمما
تاپالمايسەن بۇ دەردىڭگە داۋا ئەيسا ۋە لوقماندىن.
نەتىجە شۇ ئىكەن ئەمدى نېمە ئىش قىلغۇلۇق ئاخىر،
ئۆزۈڭ تاپ چارىسىنى تەكشۈرۈپ سەن ئەقلىي دىۋاندىن.
يېشىل، كۆك گۈمبىزى گىرۋەكلىرى ئالغاچ شەپەقتىن رەڭ،
چىقاردى نەي ئاخىرقى ئۈن، ئىبارەت ھىجرۇ ئارماندىن.
دېدى: قۇرۇغان قومۇشمەن، چىقتى مەندىن شۇقەدەر ھېكمەت،
بۇنىڭ ئەسرارى شۇدۇر كىم، سۇ ئىچكەنمەن نىيستاندىن①.
ئۆزۈم ئۈنگەن توپا ھەم ئەسلى نەسلىمدىن قۇۋۋەتلەنگەن،
ۋۇجۇدۇمدا تۆشۈكلەر، نەغمە - سازدۇر بەھرىلىك ئاندىن.
شۇڭا مۇڭلۇق سادايىم ھەم پۈتۈنلەي بىر ھەقىقەتتۇر،
تەپەككۇر قىلغۇدەك بولساڭ، قىممەتلىك ئۈنچە - مارجاندىن.

① نىيستان — قومۇشلۇق

## ھەيرەت ئىچرە

تاكى بارلىق بولدى يوقلۇقنىڭ فەزاسىدىن جۇدا،
كائىناتنىڭ تارىلىرىدىن چىقتى يۈزمىڭ خىل سادا.

يار ئەكسى جامۇ مەيدە قىلمىدى يالغۇز زۇھۇر①،
بارچە بارلىق يار ئەكسى سارى قىلدى ئىقتىدا.

خۇشمۇ بىر كۈن ئىردىكىم يوق ئىردى كۈن - تۈندىن ئەسەر،
يار ئەكسى پەر تۇۋى② ئىچرە ئىدى بارلىق ئادا.

سۆيگۈ سىرى ئىچرە تاكىم جىلۋە ئەنداز بولدى يار،
مومكىنات بۇ سىر لاھوتىلە ③تاپتى ئىھتىرا ④.

قالمىغاي بۇ سىر يېشىلگەن چاغدا مەنىلىككە ئورۇن،
سىر ئىبرۇر يەر - ئاسمان زەردە قۇياش شاھ ۋە گەدا.

ئۇشبۇ سىرلە ئىبرۇر ۋابەستە⑤ بارلىق رىشتىسى،
تەۋرىسە بۇ رىشتەگەر بولغاي ئاڭا مىڭ جان پىدا.

ھەيرەت ئىچرە بۇ زىيائى ئىنتىزار تا ئاڭلىغاي،
ئالەم ئىمكانىغا كۆچكەن چاغدىكى مۇڭلۇق نىدا.

1947 - يىل

①زۇھۇر - ئاشكارىلىنىش. يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىش
②پەر تۇۋى - نۇر، يورۇقلۇقى.
③لاھوتىلە - ئىلاھى ئالەم
④ئىھتىرا - ھىدايەت.
⑤ۋابەستە - باغلانغان

ئويلىغاچ بۇ نۇقتىنى بىلدى زىيائى شۇنىكىم،
شۇ سەۋەبتىنكىن داۋاملىق باغرى دەرد - غەمدىن يارا،

1943 - يىل

## كىشىلىك كۈلسە خۇشلۇق بىرلە كۈل

تۈزەت ئەخلاقنى يولداش، پەس خۇلۇقنى ئۆزگە يار قىلما،
مۇھەببەتلىك كىشى بول، بىۋاپالىقنى شۇئار قىلما،

بۇ كۆك گۈمبەز تېگى بىلكىم زىرائەت ئورنىدۇر ساڭا،
ئۇرۇقنى تاللا ياخشىغا، يامانىنى ئىختىيار قىلما.

شۇمۇر يەڭ، ئەيلە خىزمەت مەقسىتىڭ ئەل راھەتى بولسۇن،
تىرىش، ئىشلە ۋە لېكىن ھېچقاچاندا دىل ئازار قىلما.

سەھەر گۈللۈكتە سايراپ غۇنچىگە كۆپ دەيدىكەن بۇلبۇل،
بولۇپ ھۆسنۈڭگە مەغرۇر باشقىلارغا ئىپتىخار قىلما.

ئەدەپ، شەپقەت، ساداقەت، مېھرىبانلىقنى قىلىپ ئادەت،
بۇ مەيداندا قىيىنغا ئۇچرىساڭمۇ ئېتىبار قىلما.

قىلىپ چاك تون ياقاسىن ھەر سەھەر ئاتقاندا تاڭ دەرمىش،
كى ھەر بىر تون ئېخىرى سۇبھە تون دەپ ئاھ - زار قىلما.

كىشىلىك كۈلسە خۇشلۇق بىرلە كۈل، گەر يىغلىسا يىغلا،
زىيائى سەنمۇ بۇ يولدىن بۆلەكنى ئىختىيار قىلما.

1943 - يىل 11 - ئاي

كۆردۇڭمۇ سۈبھە قۇياش نۇرىدىن پەيز ئالۇر ئىكەن،
يەتكۈزمىدى قاراڭغۇ كېچىلەر غۇبار ئاڭا.

رابىئە جىسمى چۈن ئىكەن ئۇ قابىل جامال،
ئۆرتەندى ئىشقىدا سەئىدىن بولۇبان زار ئاڭا.

ئۇل غۇنچە كىم باھاردىن ئېتەررەڭ بوي قوبۇل،
گۈل يۈزلى قىز چېكىلىرىدە جاي بار ئاڭا.

جىسمىكى ئۇ تارتا ئالۇر ئۆزگە ياخشىلىق،
ئالەم ئارا بىر نەچچە كۆز ئىنتىزار ئاڭا.

ھەركىمگە ئۇ نەسىھەت ئۇستا، قىلۇر قوبۇل،
ئىقبال شارابى بەخت جامىدىن خۇشكۇار ①ئاڭا.

ئىستەر زىيائى كۆڭلى ئېنىڭ ئەتسە پەيز قوبۇل،
تا بولسا سەئد② كۆكلاردىن بەخت نىسار ئاڭا.

1947 - يىل

## شائىر خىيالى

شائىر خىيالى بىر قۇشتۇر ياۋا،
مەئنى پەزاسى ئاڭادۇر ھاۋا.

ئۇ كەڭرىلىكتە بۇ قۇش قېقىپ پەر،
ئىستەر ھەر زامان ئۆزگە ئۇۋا.

---

①خوشكۇار - لەززەتلىك

②سەئد - سائادەت

## كونا يولداش بىرلە

ئىككى تىللىق كونا يولداش بىرلە بىر بولدۇق يانا،
ساقلاغىل ئۇشبۇ زىبائىنى ئۆزۈڭ يارەببىنا.

دىل كۆيەرلىكنى ئېلىگە سەن ئۇنىڭ كۆڭلىگە سال،
رەھمىتىڭ بىرلە سىراتىل مۇستەقىمغە①ئېھدىنا.

ياخشى ئەخلاق بىرلە پاك ۋىجدان ئاڭا بولسۇن نېسىپ،
بىلمىسۇن بار دەپ ۋەتەندىن باشقا دۇنيادا ئانا.

ئەزگۈچى، ئېزىلگۈچى ئۇ ھېچقاچاندا بولمىسۇن،
خەلققە بىرلىك، باراۋەرلىكنى ئېھسان② قىلغىنا.

ياخشىلىق قىلماقنى ئىستەر ھەر زامان سۇنغان كۆڭۈل،
ئەزگۈلۈكتىن باشقا ھەممە بولغۇسىدۇر تېز مانا.

سۆيگۈ گۈلزارىدا بىر گۈل ئاشىقىدۇر خەستە دىل،
سۆيگۈنىگە بۇ زىبائىنىڭ قاچان باغرى قانا.

1947 - يىل

## ھەمىشە باھار ئاڭا

جىسمىكى قابىل پەيز ھەمىشە باھار ئاڭا،
بارسا قايانغا بولغۇسىدۇر بەخت يار ئاڭا.

---

①سىرا تىل مۇستەقىم - تۈز يول
②ئېھسان - ياخشىلىق قىلىش

تىلەرمەنكىم كۆڭنى بولغايمۇ ياردىم بىر نەزەر تاشلاپ،
ئىچۈك ھالىڭ دېگەي بارچە رەقىبنى شەرمىسار ئەيلەپ.

زىيائى دىلبەرنىڭ ئاسان ئەمەستۇر كەلمىكى قولغا،
كېلەرمۇ قولغا يا كەتكەيمۇ دۈشمەنلەرگە خار ئەيلەپ.
1947 - يىل

## تىلەك

تىلەرمەن ئايرىما دەپ مېھنەتىمدىن ھەر زامان يارەب،
نېسىپ ئەيلە ياشاشنى ئۆز كۈچۈمدىن باركى جان يارەب.

قانائەت قاپىيدىن بۇ ھىممىتىم سىھۇرغى جاي ئالسۇن،
بەلەند ھىممەتلىرىدىم ئالدىدا پەستۇر ئاسمان يارەب.

تەكەببۇرگە زىللەتتىن ئىبارەت بولسا ئىردى،
بويۇن ئەگمەس ئىدىم بولسا ئەگەر شاھىي جاھان، يارەب.

ھەقىقەتنى سۆيەر باغرىم، سۆكەر ئۇبى ھەقىقەتنى،
ھەقىقەتچى ئەمەس بولسا كېرەكمەس بەگ - خان، يارەب.

غېرىب كۆڭلۈم ھەمىشە خەستە مەزلۇم ئاھۇدادىدىن،
يېتىملەر دەردىگە يەتمەس كىشىلەردىن پىغان، يارەب.

ئۆزۈڭ داناسەنۇ، ئەمما ئېرۇر پوشىدە① ئۇشبۇسىر،
نېمىشقا مەزلۇم ئەللەر ئاھىدىن كۆيمەس جاھان، يارەب.

---

① پوشىدە - يوشۇرۇن

دەردۇمەند خىيالدۇر شائىر خىيالى،
يۈكسەك مەنىلەر ئۈنىڭغا داۋا.

مەنىنى گۆھىرى دانەسى ئۈندىك،
باشقا دانەدىن تاپماغاي ناۋا.

فىترەتى① بەلەند خىلقەتى سۆزلۈك،
ھەرنىچۈك دانە ئاگا ناراۋا.

زىيائى ئىرۇر بىر شائىر قۇلى،
كىم شېئىردە دۇر ئاھىڭى ناۋا.

1947 - يىل

## قېنى تاڭنىڭ نەسىمى

قېنى تاڭنىڭ نەسىمى② كەتسە كۆڭلۈمنى باھار ئەيلەپ،
خازان بولغان يۈرەكنى قايتىدىن بىرلا لەزار ئەيلەپ.

قىزىل گۈل غۇنچىسىدەك دەردلى كۆڭلۈم تەھبەتە قاندۇر،
ئۈمىدىم بۇلبۇلىغا ئۆتتى ئۆمرۈم ئىنتىزار ئەيلەپ.

بويۇن ئەگمەس چىمەندە سۇنبۇل نەركەسكە مەھبۇبۇم،
نازاكەت بىرلە ئۇ سەرۋۇ سەمەنگە ئىپتىخار ئەيلەپ.

مېنىڭكى مەقسىتىم بولماق ئىرور يار كويىدا قۇربان،
ۋە لېكىن ئۇ يۈرەر دائىم ياشا ئەغيارنى يار ئەيلەپ.

① فىترەتى - ئەسلى يارىتىلمىشى
② نەسىمى - سالقىن شامال، ئىلۋن شامال

## ئۆمرۈك ئۆتەر سۈدەكلا

ئۆمرۈك سۈدەكلا، كەتمەكتە ئۆتۈپ،
ئەجەل ئالدىڭدا تۇرماقتا كۈتۈپ.

هايات تەھتىسىدە ئۈيىنىدىڭ شەترەنج،
ئېيتچۇ نىمىلەر تۇپلىدىڭ يۇتۇپ؟

ئەزىز ئېلىڭگە خىزمەت قىلدىڭمۇ؟
ئۇخلىدىڭ ياكى قويدۇڭ ئۇخلىتىپ.

ئۆتمۈشۈڭگە سەن سەپسىلىپ قارا،
ئىبرەت ئەينىكىنى يۈزۈڭگە تۇتۇپ.

قورققىل شۇندىن كىم مۇبادا تارىخ،
سىنى قويمىسۇن ئۇچۇق كۆرسىتىپ.

زىيائى ئېيتۇر ئەل - يۇرتقا قارشى،
ئىشلىمە، ئۇنى بولماس ئۇنتۇپ.

1947 - يىل

## تەربىيەت

بەخت ساماسىنىڭ قۇياشى، يۇلتۇزىدۇر تەربىيەت،
قاپقارا تۇرمۇش تۈنىنىڭ كۈندۈزىدۇر تەربىيەت،

ئەگەرچە ئىززەت نەپسىمنى ھەرگىز خار ئەتمەسمەن،
يېتىملەر، بىۋەلەر①نىڭ خاكپايى ئۇشبۇ جان، يارەب.

زىيائى باغرى دەرد بىرلە ئېزىلگەن تەرپە شائىردۇر،
يامانلار قەسرىدىن بىچارەنى ئەيلە ئامان، يارەب.
1947 - يىل

## خوپ

بىلگىلى بولماس ئىكەن خەقتىن يىراق تۇرغانمۇ خوپ،
دەشتۇسەھرالار ئارا يالغۇزغىنا يۈرگەنمۇ خوپ.

ئادەمنىڭ خىسلىتى چۈن ياردەم قىلماق ئىكەن،
ئەيلىگەچكە ئەكسىنى، ئاندىن يىراق بولغانمۇ خوپ.

بىلمىدىم نېچۈن كىشى كۆڭلى بۇ دەردكە مۇپتىلا،
ئۆيلىساڭ كىر يۇقمىسۇن دەرد ئىمتىيار② قىلغانمۇ خوپ.

تەئنە قىلسام خەلققە بۇنداق ئويلىماڭ مەجنۇن مېنى،
ئەلئارا بولغان تۆبەنكى سۆزلەنى بىلگەنمۇ خوپ:

«گۈلمۇ خوپ، غۇنچەمۇ خوپ، ئاچىلدۇرۇپ قىسقانمۇ خوپ،
چوڭ بولۇپ دەرد تارتقۇچە، كىچىك تۇرۇپ ئۆلگەنمۇ خوپ»

ئادەمكى ئەي زىيائى چۈن ئەمەس ۋىجدانى يار،
بىر يولى ئۇنداق كىشىدىن ئىجتىناپ③ قىلغانمۇ خوپ،
1947 - يىل

① بىۋە - تۇل خوتۇن
② ئىمتىيار - پەرق ئەتمەك
③ ئىجتىناپ - ئۆزىنى ئاسراش

تاكى سەھەر گۈل شاخىغا بۇلبۇل قونۇپ سايراپ دېدى،
گۈلگە كىم ئەي گۈل ئۆزۈڭنى ئويلابى ئازار تۇت.

تۇت دىلىڭدا ئەي زىيائى ئۇشبۇ سۆزنى ھەرزامان،
ئىزدىسە ھەركىم ھەقىقەتنى ئۇنى سەن يارتۇت.

1947 - يىل

## ئىچكىنىڭ كىمنىڭ قېنى

ئىچكىنىڭ زالىم، قىزىل مەي، ئويلا كىمنىڭ قېنىدۇر؟
يېگىنىڭ قايسى غېرىب - بىچارىلەرنىڭ نېنىدۇر؟

ئەيلىمەي ئەمگەك سۈرەرسەن كامرانلىق دەۋرىنى،
زۇلۇم ئەمەسمۇ يا تەبىئەتنىڭ ساڭا ئېھسانىدۇر.

كۆلمىگىل ئىچىلدى دەپ بېغىم ئارا گۈل - غۇنچىلەر،
بىۋەلەر كۆز يېشى ياشناتقان گۈلى رەيھانىدۇر.

بەزمىگاھىڭ ئىچىدە ساز ئاۋازىنى مۇڭلۇق دېمە،
تۇل خوتۇن بىرلە يېتىملەر باغرىنىڭ ئەفغانىدۇر.

ئويلىما زۇلمۇم ھەمىشە جارى مەزلۇم ئۈستىدە،
بەلكى زالىم زۇلمى ھەرۋاقىت ئۆز جېنى زىندانىدۇر.

زۇلۇم ئىلە ھېچ ۋاقىت بولماس ئەل ئارا ئاسودە① لىك،
قايدا كىم ۋەيرانە كۆرسەڭ زۇلۇمنىڭ ۋەيرانىدۇر.

① ئاسودە - ئارام ئېلىش

كۆرمىدىڭمۇ تاغۇ بوستانلاردا تۈرلۈك مېۋىنى،
بىر قۇرۇق شاختىن ساڭا يەتكۈزگۈسىدۇر تەربىيەت.

باللىرىڭ كىم، ئۇ ھاياتىڭ گۈزەل بىر مېۋىسى،
رەھبىرى ئۇنىڭ ھەمىشە بولغۇسىدۇر تەربىيەت.

تەربىيە ئالغاچ قۇياشتىن لەئلە بولدى پەر باھا،
يەنى تاشنى لەئل رەخشان① قىلغۇسىدۇر تەربىيەت.

ياش ئىكەن ئەۋلادلىرىڭ، ئۆگەت ئىلىم بىرلە ھۈنەر،
تال - چىۋىقتەك ئېگىلىپ ئۆزلەشكۈسىدۇر تەربىيەت.

خار - زار قالغان ئىلىگنى ئەي زىيائى ياخشى بىل،
موئتەبەر بىر ئەل قىلىپ ياشناتقۇسىدۇر تەربىيەت.

1947 - يىل

## ياخشىلىقنى يار تۇت

يار كېرەك بولسا ساڭا بار ياخشىلىقنى يار تۇت،
ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى دىلبىرۇ دىلدار تۇت.

نازىنىن قىز ھۆسنىگە سەن بولما مەغرۇر ئەي يىگىت،
گەر تەرەققى ئىزدىسەڭ راھەتنى سەن ئاغيار تۇت.

بولما ئاشىق ھەرگۈلىستان گۈلىگە بۇلبۇل كەبى،
بول ئۆزۈڭ بۇلبۇل، ۋەتەننى بىر گۈزەل گۈلزار تۇت.

① لەئل رەخشان - پارقىراپ تۇرىدىغان لەئلى

قاشلىرىڭ قىرغان قەلەم يا تاغدىكى بەرگى قىياق،
چاچلىرىڭ سۇنبۇلمۇ، قۇندۇز يا ئەنبىرى سارامۇدۇر.

لەۋلىرىڭ لەئەل بەدەخشاندەك قىزىل قىزسەن ئۆزۈڭ،
نىقتە ئىچرە چىشلىرىڭ دۇررى جاھان ئارا مۇدۇر.

سۆيگۈڭ ئىچرە زارلەر كۆپ، سەندە يوق پەرۋا ئاڭا،
يۈرىكىڭ گويا تۆمۈر ياكىم قارا خارا مۇدۇر.

سۆزلىرىڭ تەسرى چىقماس دىلپكارلار① باغرىدىن،
سۆزمۇ ئول يا شەھۋەت - شېكەر يا ناۋوكى بوررا مۇدۇر②.

ساڭا دىل باغلاپ زىبائى ئۆرتىنەر سۆيگۈڭ ئارا،
ئىشقىڭ ئىچرە زار يالغۇز شائىر شەيدا مۇدۇر.
1947 - يىل

## كەلمىدى يار

ھىجران ئىچىدە ئۆتتى كۈنۈم، كەلمىدى ئول يار،
ۋەسلىنى كۈتۈپ يۈتتى قارارىم، بىلمىدى دىلدار.

كىرپىكلىرى ئوق، قاشى كاماندۇر، كۆزلىرى نەركەس،
ئالما يۈزىدۇر، چاچلىرى سۇنبۇل، ئەل ئۇڭا گىرىپتار.

غۇنچە ئىچىدە ئىنجۇ كۆرۈنەر يار يۈزىدە،
كۆيمەي نە قىلاي ياردە ئىرۇر جەمئى نەشئەلى گۈلزار.

① دىلپكار - دىلى جاراھەت
② ناۋوكى بوررا - كەسكىن ئوق

زۇلۇم ئېلى زۇلۇم ئەتمىكىدىن ئېردى يانسا كاشكى،
زۇلۇم يوقالسا، بۇ زىيائىنىڭ بۈيۈك ئارمىنىدۇر.

1947 - يىل

## يار كېلۇر

سۆيۈنچى ساڭا دىلىم، ئەمدى ئۆيگە يار كېلۇر.
تۈگەپ ئۇ پەسلى خازان، يىل مەۋسىمى باهار كېلۇر.

ئېلىپ قولىغا قەدەھ بىرلە شىشىنى ساقى،
سۇنۇپ ئەلەمزەدەلەرگە يوق ئېيتىپ خۇمار كېلۇر.

زۇلۇم شامىلى تىكەنلىك ئەيلىگەن گۈلشەن،
مۇراد گۈلى بىرلە ياشناپ لالەزار كېلۇر.

سەھەردە شەئلە نۇردىن ئەيلا بان تارغاق،
تاراپ چېچىنى، قىلىپ جىلۋە دىل ئۇزار كېلۇر.

زىيائى جاننى ئۇنىڭ مەقدەمىگە ئەيلە نىسار،
ئۇنىڭغا دۇررى گۆھەرلەر نىسارى ئار كېلۇر.

1947 - يىل

## يۈزلىرىڭ گۈلمۇ ياكى ...

يۈزلىرىڭ گۈلمۇ ۋە ياكى غۇنچە رەنامۇدۇر،
كۆزلىرىڭ چولپانمۇ ياكىم بىر گۈزەل شەھلامۇدۇر.

ئۇلۇغۋار روھ بىلەن ھەممەتنى قىلغىل سەن قانات - قۇيرۇق،
تەرەققىيات فەزاسىدا يېڭىدىن ئەيلىگىل پەرۋاز.

بەلەن ھەممەتنى تۇتمىشتۇر زىيائى ئۆزىگە رەھبەر،
ئۇنىڭ شېئىرىگە بەرمىش ھىممەتى بىر دىلرەبا ئاۋاز.

1947 - يىل

## جاھان لەنگەر

جاھان لەنگەر①، كىشىلەر كەلدى - كەتتى، كەلمىدى ھەرگىز،
ئۇ كەتكەنلەر نەھالدا، كىشى ئۇنى بىلمىدى ھەرگىز.

تۇغۇلدى، ئۆلدى، كۈلدى، يىغلىدى، كۆز يۇمدى دۇنيادىن،
ئۆزىگە ياخشىلىقتىن باشقا يولداش تاپمىدى ھەرگىز.

زامانغا نىسبەتەن بەك قىسقىدۇر ئۆمرۈك سىنىڭ ئىنسان،
ۋە لېكىن غەپلەت ئۇيقۇسىدىن كۆزۈك ئېچىلمىدى ھەرگىز.

جاھاندا مۈلۈك - مالىم باردىبان سەن بولمىغىل مەغرۇر،
قولۇڭغا كەلمىدى مۈلۈك باشقىلار تا ئۆلمىدى ھەرگىز.

يامانلىق ئەيلە خاھى ياخشىلىق، لېكىن شۇنى بىلگىم،
پەلەك ئەينىكى كۆرسەتمىگۈنچە قويمىدى ھەرگىز.

مۇيەسسەر بولغۇنچە ياخشىلىق قىل ياخشى ئات قالسۇن،
يامانسەن، ياخشى سەن، ئۆلدۈك بولەك ئات قالمىدى ھەرگىز.

① لەنگەر - ئۆتەڭ، دەڭ

ھەرچەند ئۇنىڭ ئىشقىدا مەن زار ئىرۇرمەن،
بىلمەيمەن ئۇنى، نېمە ئۈچۈن كۆپ ئىشكىدە ئاغيار.

زۇلفىغە ئەسىر ئەيلىدى، قويدى، سورىدىمدى ھالىم،
بىلدىمكى يېتەر ئەرلەرنى ئەسىر ئەيلىسە بىر تار.

گويا دىلىنى تەڭرى ياراتمىش بىر قارا تاشتىن،
پەرۋا يوق ئاڭا بولسا جاھان سۆيگۈسىدە زار.

يار كويىدا بىر شائىر شەيدا بۇ زىيائى،
يار ۋەسلىنى بىر كۆرسەم ئىدى دەپ ئۇندا ئۈمىد بار.

1947 - يىل

## جاھان گۈلزارىدا

جاھان گۈلزارىدا ھىممەت كەبى دۇردانە بەكمۇ ئاز،
ئىرۇرھىممەت گۈلى تازا قىش ئولسۇن ياكى بولسۇن ياز.

لاچىنلەر لەقمىسىدۇر ھىممىتىدىن مىرغىلەر باغرى،
تۆۋەن ھىممەتلى بولغاچ گۈل ئىچىدە يەر قارالاي غاز.

بەلەن تۇت ھىممىتىڭى، ئاشيانەڭدۇر سېنىڭ ئۈستۈن،
شىكار ئەيلەشكە ئىرپان قۇشلىرىنى سەن قاناتىڭ ياز.

ئىدىڭ بىر شانلى بۈركۈت، بوغدى جاھىللىق قاناتىڭنى،
تۇرۇپ سىلكىنگىل ئەي بۈركۈت، جاھالەتكە كۆرلەر قاز.

## ئۈمىد گۈلى

ئۈمىد گۈلى مۇشەققەت چەكمىگۈنچە ئېچىلماس،
دەۋراندا ئېبرۇر ھۆرمەت، تىرىشماستىن تېپىلماس.

بۇي بولمىسا ئۆزۈڭدە، بۇي ئەيلەتكۈچى شامال بول،
تا چىقمىسا شاماللار، گۈل بۇيلىرى چېچىلماس.

پەزىلىتىڭ كۆپ ئولسا ھەرگىز ئاغرىنماغىل زاماندىن،
كۆپ بولمىغۇنچە مېۋە شاخلارغا تاش ئېتىلماس.

نائەھلىلەردىن ساقلان! پەزىلىتىڭنى قىلما دەلۇم،
سايرىمىغۇنچە بۇلبۇل قەپەز ئارا سولانماس.

ھەر بىر گۈزەلنى كۆرسەڭ كۆڭلۈڭنى ئاڭا بەرمە،
تېشى گۈزەل يىلاننىڭ، ئەمما گۈزەل سانالماس.

بولماس كىشىگە ھېچ ۋاقىتتا تەھەقىر بىلەن قارالسا،
يىگنە ئىشنى ئويلا، قىلىچ كېلىپ تىلالماس.

قاتتىق ئېبرۇر بەدەنگە ئەلۋەتتە زەخىم نەيزە،
لېكىن بۇ زەخىم يۈرەككە دەشنام كەبى قادالماس.

دۇنيادا دوست كىشىگە كۆپتۇر زىيائى ئەمما،
خالىس دوستنى جاھاندىن ئىزدەپ كىشى تاپالماس.

1947 - يىل

كىشى دۇنياغا كەلدى، قالدۇرۇپ كەتمەك كېرەك بىر ئىز،
ئېلىگە خىزمەت ئەتكەنلەرنىڭ نامى ئۆچمىدى ھەرگىز.

1947 - يىل

## گۈلنار قىز

سەيرى گۈل ئەيلەپ چىمەندە ھەر سەھەر گۈلنار قىز،
ئالدى كۆڭلۈم جىلۋە بىرلە دىلبىرۇ دىلدار قىز.

ئەنبەردىن چېچى بىلەن ئاھۇ كۆزىنى ئويىنىتىپ،
سۇنبۇل نەركەسنى قول ئەيلەپ گۈزەل رەپتار قىز.

باي بېرىپ ئەقلىمنى باردىم قېشىغا قىلدىم سالام،
لەتىپ ئىلە بەردى جاۋابىم كۆزلىرى خۇمار قىز.

تاشلىماق بىر - ئىككى سۆزنى ئويلىغان ئىردىم ئاگا،
ئۇ نەپىس لەبلەر بىلەن بۇنداق دېدى ھوشيار قىز:

قىزىمەن ئۇيغۇر ئېلىنىڭ شەنىمگە ھېچ لايىق ئەمەس،
ئىززەتنى ساقلىماس، ئەخلاقىدا ناچار قىز.

قىزى ئۇيغۇرنىڭ ئورالغاي غۇنچىدەك ئىففەت بىلەن،
بولمىسا شەرمەندە ھەم پايمالىي ① ھەر ئاغيار قىز.

ئاڭلىغاچ بۇ سۆز زىبائى ئەيلىدى تەھسىن ئاگا،
چۈنكى ئۇيغۇر شەنىگە خاس قىلدى سۆز ئىزھار قىز.

1947 - يىل

---

① پايمال - ئاياغ ئېستى

ئۆگەت يۈرەكنى خەلقنىڭ غېمىگە،
بۇ غەمسىز ئالما ھېچقاچان نەپەس.

يۇرت - ئەل ئۈچۈن كۆي، يۇرت - ئېلىڭنى سۆي!
ۋىجدانلىق يىگىت باشقا ئىستەمەس.

يۇرت — ئېلىگە كۆيمەس ھەر قانداق كىشى،
زىيائى ئېيتۇر، خەسكە ئەرزىمەس.

1947 - يىل

## باغرىمغا سالدى كىرپىكلىرىڭ داغ

ئېچۈك كۈن ئىردىكىم، كىرپىكلىرىڭ باغرىمغا سالدى داغ،
چىرايىم سارغىيىپ بولدى خازان ۋاقتىتكى ياپراغ.

تىلەرمەنكىم ۋىسالىڭ ئەيلىسۇن دەردىمگە دەرمان،
پىراقىڭ ئىچرە باغرىم تىترىمەكتە ھەر زامان لاغ - لاغ.

گۇمان قىلغانىدىم كۆڭلۈمدىكى ئوتنى ئۆچۈرگەي ياش،
تەئەججۈپ كۆز يېشىم بولدى بۇ ئوتنى ياندۇرۇشقا ياغ.

ئۆزۈڭ بىر دىلبەر جانسۇز① ئىمىش سەن ئەي پەرى رۇخسار.
ئۈمىدىم شۇكى، بولغىل چىشىم بەدلەرىدىن ئۇزاق ھەم ساغ.

كى تا بىر كۈن چۈشۈپ كۆڭلۈڭگە سۆيگۈ ئوتىدىن زەررە،
ئەجەب ئىرمەسكى بولساڭ بۇ زىيائىغا يېقىن بىر چاغ.

1947 - يىل

① جانسۇز - جان كۆيدۈرگۈچى

## گۈل تولا گۈللۈكتە، ئەمما ...

گۈل تولا گۈللۈكتە، ئەمما ھەممىسى گۈلنار ئەمەس،
خوپلىرى كۆپتۇر ۋە لېكىن پارچىسى دىلدار ئەمەس.

بەزمىگاھىڭ ئىچرە ھەركىم لايىق سۆھبەت ئەمەس،
ھەرنېچۈك روھ ئاشنا بىل، مۇھەرەم ئەسرار ئەمەس.

ئىزدىبان ھەمدەردىن گەر تاپساڭ ئۇنىڭ مۇڭدىشى بول،
ئەھلى دەرد ھەر جايدا بولسۇن ھېچ ۋاقىت ئەغيار ئەمەس.

دۆلىتىڭ باردا كۆپتۇر يارۇ ھەمدەملەر ساڭا،
ئەكسى يۈز بەرگەندە بىلگىل ھېچقايسى يار ئەمەس.

قانچە زىبا بولسىمۇ راستەك بولالماس ساختا،
نەقىش گەرسىزغان گۈلىستان نەشئەسى گۈلزار ئەمەس.

ياخشىلىق ئەيلە ھامان، چۈنكىم قارا بىر يۈز بىلەن
باقىبان ئەينەگە سۆكمەك ئۇنى دەركار ئەمەس.

ئەي زىيائى ئۇيلىنىپ تەۋرەش كېرەك ئالەم ئارا،
كائىنات تەۋرەر ۋە لېكىن ھېچبىرى بىكار ئەمەس.

1947 - يىل

## يۈرەكنى ئۆگەت خەلق غېمىگە

ئەي يىگىت ساڭا خەلقىڭ غېمى بەس،
بۆلەك خىياللا ھەممىسى ھەۋەس.

غۇنچە ئاغزىگە،
سۆيسەم داغدىمەن،
سۆيمىسەممۇ داغ.

لەۋلىرى شېكەر،
ئۇندىن ھەم ئۆتەر،
تەڭرىم ئەسلىدىن
ياراتمىش مىگەر؛
سۆزۈك لېۋىدىن،
تاتلىق تىلىدىن،
شورىسام داغدىمەن،
شورىمىسامۇ داغ.

گۈزەل بويلىرى،
نازۇك بەللىرى،
چۈشەر بېلىگە
قۇندۇز چاچلىرى؛
قولۇم بويىنىغا.
نازۇك بېلىگە.
سالسام داغدىمەن،
سالمىسامۇ داغ.

مەخمەل تۈشەكتە
يار ئۇخلىغاندا،
زىيائى ئېيتۇر.
ئىشىق پىچاندەك؛

## سۆزلىسەم داغدىمەن ...

ھالىم پەرىشان،
رەڭگىم زەپىران،
سۆيگۈ ئوتىدىن
باغرىم ئىچىرە داغ.
پۈتتى قارارىم
قالمىدى ھالىم،
سۆزلىسەم داغدىمەن،
سۆزلىمىسەممۇ داغ.

يارىم يۈزى گۈل
چاچلىرى سۇنبۇل
نازىنىن قىزلار
ھۆسنىگىدۇر قۇل؛
[1] شامال ئورنىدا
قولۇم ئۇچىدا،
تۇتسام داغدىمەن،
تۇتمىسامۇ داغ.

قاشلىرى كامان،
كۆزلىرى چولپان،
بولسۇن يولىدا
پىدا يۈزمىڭ جان؛
ئايدەك يۈزىگە،

## كۆڭۈل ئالماق ھەممىدىن ئەۋزەل

جاھاندا ھەممىدىن ئەۋزەل ئېرۇر كۆڭۈل ئالماق،
نەخۇش كىشىگە بولۇر كارى دىلىنى خۇش قىلماق.

كىشىنى كۆڭلى ئېرۇر خانە، ئى خۇدا بىلىڭ.
كىشىگە كاتتا بالادۇر دىل ئازار بولماق.

كۆڭۈل ۋۇجۇد ئارا گەرچە كىچىك ئېرور پارچە،
كېرەك ئۇنى ھەممە چوڭلاردىن چوڭ دىبان تۇتماق.

چاراكى ئۇندە مۇسەۋۋەر ئۇلىكى بەش ھېستىن،
ۋۇجۇدقا بولسا ئايان تاغ، سۇ ئىلەن تۇپراق.

كىشى ھاياتىدا بوشتىن جەمى① بولغانلار،
بۈيۈك پىزالەرە، مۇمكىن بولمىغاي سىغماق.

ۋەلى كىچىك بۇ كېسەك كىم كۆڭۈل ئېرۇرنامى،
ئۇنىڭغا خاس ئېرۇر شۇنچە كۆپنى سىغدۇرماق.

بۈيۈك سانائىلە ھەمد سانى ئەزەلگەيىندىكىم②،
كۆڭۈلنى ئەيلىدى ھەممە كەڭرىدىن كەڭرەك.

سەن ئەي زىيائى كىشىنىڭ دىلىنى ئاغرىتما،
خەنزۇ بولسۇن ۋە ھىندۇ ياكى ئۇ قالماق.

1947 - يىل

① جەمى - يىغىلغان، توپلانغان

② سانى ئەزەل — خۇدادىن كىنايە

يارغا چىرمىشىپ
بىلىگە قول سىلىپ،
قۇچسام داغدىمەن،
قۇچمىساممۇ داغ.

1947 - يىل

## جاھانغا باق چوڭقۇر نەزەردە

تەپەككۇر ئەيلە، جاھانغا چوڭقۇر نەزەر بىلەن باق.
كەچۈردى كۆپنى سىنىگدەكتىن بۇ يېشىل رەڭ تاق.

ھامانكى بىر كۈنى ھەسرەت بىلەن كۆزۈڭ يۇمۇلۇر.
ئېلىڭگە تۆھپە قىلىپ كەت بىر گۈزەل ئەخلاق.

كىشىگە ياخشىلىق ئەيلە قىلما رەنجىدە،
بولۇرمۇ غۇنچە بىلەن ئوخشاش باغ ئارا يانتاق؟!

ئەگەردە سۆزلىگۈچى بولساڭ ئويلىنىپ سۆزلە،
جاھان بازىرىدا سۆز نەقدى قىممىتى كۆپرەك.

ۋە لېكىن ئويلىمىغىل قىممەت بولغۇسى ھەر سۆز،
بولۇرمۇ لەئلە بەدەخشان كەبى ئېشىك مۇنچاق.

باھارنەسىمى① كەبى ياشنات بىناۋالارنى،
نىتاڭ باھاردىن ئەگەر ئالسا شاخ، يېشىل ياپراق.

زىيائىي كەسىپ سائادەت قىلىشنى مەقسەت قىل،
چاراكى② بىركۈنى جىسمىڭ بولغۇسى تۇپراق.

1947 - يىل.

---

① باھارنەسىمى - باھارنىڭ سالقىن شامىلى

② چاراكى - چۈنكى

هەر سىكۈنت گويا مىنەققەش لەۋهەيى تەسۋىر① ئولوب،
لىيك بۇ ئول نەقىشدۇر كىم سۇ ئوزە چىكەي شامال.

غەم ئوتى بىرلە ۋۇجۇدۇم شوندا ئۇلپەت بولدى كىم،
بىرسەمەندەر② دەككى تاپقاي ئو يانار تاغدىن كامال.

بىلمىدىم دەۋراندا كىم ئۆزگەي ئۈمىدنىڭ غۇنچىسىن،
دەمرىدۇر چۈن سىفلە پەرۋەر③، سىفلە ئۆزگەي ئىهتىمال،

دەهرنىڭ ئىقبال④ ئىدبارىگە⑤ كۆز سالما زىيا،
كۆزنى سەندىن ئىلگىرى ئۆتكەنلىنىڭ هالىغا سال.

يىل 1947

## كۆكۈل

بۇ تەئەججۇپكىم هەمىشە تەرپە نالاندۇر كۆكۈل.
جەمئ بولسا غۇنچە ئوخشاش قاتمۇ قات قاندۇر كۆكۈل.

گاهى - گاهى يەتسە دەۋراندىن نەسىمى شادلىق،
بەرگى گۈلدەك چىچىلىپ هەريان پەرىشاندۇر كۆكۈل.

بىر نەپەس ساپ شادلىقنىڭ نەشئەسىدىن بەهرەمەند
بۇلا ئالماي داغ بىرلە زار هەيراندۇر كۆكۈل.

---

① لەۋهەيى تەسۋىر — نەقىش چىكىلگەن تاختا
② سەمەندەر — ئوتتا ياشايدىغان چاشقان
③ سىفلە پەرۋەر — پەسنى تەربىيىلىگۈچى
④ ئىقبال — ئالدىنى قىلىش
⑤ ئىدبار — ئارقىسىنى قىلىش

## بولاي دېسەڭ غەمدىن خالاس

كىمكى بولسۇن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ قويماق كېرەك،
كۆپچىلىكنىڭ راھىتىنى كۆڭلىدە تۇتماق كېرەك.

ياخشىلىقنى سوغا قىل، سۇ بىلمىسە بېلىق بىلۇر،
بىلمىسە بېلىق، بىلۇر خالىق دېبان قويماق كېرەك.

ھەر زاماننىڭ ئۆزىگە لايىق كىشىسى، ھالى بار،
ھەر مۇھىتنىڭ لايىقىدا كىشىلەر بولماق كېرەك.

كىشىگە بولماس مۇيەسسەر نەرسە يوق ئالەم ئارا،
بۇ ئۈچۈن ھىممەت ئاساسىن قولىغا ئالماق كېرەك.

ئەي زىيائىي ئىستەسەڭ بولماق خالاس غەم - قايغۇدىن،
ئىجتىھار، سەبرو سۇباتقا ئىنتىكا① قىلماق كېرەك.

### ئۆمۈر كەتمەكتە ئېقىن سۇدەك

كەلگىل ئەي ساقى، قەدەھ سۇن، نەغمىچى بىر چالغۇچال،
خەستە كۆڭلۈمدۇر بۇدەم ئەۋارەئى تۈرلۈك خىيال.

ئۆمۈر كەتمەكتە ئېقىن سۇدەك، گاھى لاي، گاھ سۈزۈك،
ھەرنەپەس ھەرلەھزەدە تۈرلۈك شىئون ھەم تەرپە ھال.

① ئىنتىكا — يۆلەنمەك

شائىرى شەيدا سۆپەت سەن ئەي زىيائى تۇنۇگۇن،
يار ئىكەن دوستۇڭ بۇگۇن ئەغيار① ئىكەننى بىلمىدىم.

### كۈرەشچان بولمىغۇنچە

جاھاننىڭ گۈللىكىدە ئۈنمىدى خۇش بۇي گىياھ ئۇندا،
ئېچىلغان رەڭمۇرەڭ گۈل، يوق لېكىن بۇيى ۋاپا ئۇندا.

يۇرەر ھەرياندا مىڭلاپ شەۋق بىلەن ئەپسانىلەر سۆزلەپ،
پۇتۇنلەي ساختا سۆزلەر زەرەر يوق سىدىق② ساپائاندا.

يۇگۇرتسەڭ قايسى ياققا كۆزنى دىققەت ـ ئېتىبار بىرلە،
ئېتەر ئەكس خەۋپلىك ھاڭلار تولا جەبرۇ جاپا ئۇندا.

دېمەك دۇنيا مۇشەققەت، داغ، كۈلپەتنىڭ ماكانىكەن،
توسۇر ئالدىڭنى ھەر ماڭدامدا مىڭ تەنە تاپا ئۇندا،

شۇڭا تا بولمىغۇنچە سەبرىجان ھەم مەرد بۇ دۇنيادا
كۈرەشچان بولمىغۇنچە يوق ئاسايىش، پاناھ ئۇندا.

چىدام بازغانلىرىلە چاقىلى بولغاي جاھان قەپىزىن،
زىيائى تۇتتى بۇ يول، چەكمىدى ھېچ ئاھ ـ ۋاھ ئاندا.

1947 ـ يىل

### ئەل ناخشىسىدەك.....

«ھويلاڭدىكى تېرەككە لاچىن قوندۇرالامسەن؟
ئاخشاملىقىقا بار دەيسەن، كۆڭلۈمنى ئالالامسەن؟»

---

① ئەغيار ـ يات
② سىدىق ساپا ـ راستچىللىق

غۇنچە ئى دىلگە مۇرادىنىڭ بۇلبۇلىكەن ئىنتىزار.
زاغىلەر مۇنقارى بىرلە خار - ۋەيراندۇر كۆڭۈل.

ھەر كۆتۈلكىنىڭ دىلدىكى، ئەينەككە تۈشكەن رەسىمدەك،
بى ۋۇجۇد بولغانلىقىغا ھەرلەھزە ئارماندۇر كۆڭۈل.

دەر زىبائى ياشنىغايمۇ غۇنچە ئى دىل بىلمىدىم،
لېكىن ئۇشبۇ دەمگىچە غەم بىرلە سۇلغاندۇر كۆڭۈل.

1947 - يىل

## بىلمىدىم

دەھرىنىڭ بۇنداقمۇ تېز غەددار① ئىكەننى بىلمىدىم،
غۇنچە دەپ تۇتقان ئۇمىدىم خار ئىكەننى بىلمىدىم،

چەرخ تافەرجام② ئىشىنى خوپ بىلۇر ئېردىم ۋەلى،
بۇ قەدەر تېز ئۆزگىرەر گۈلزار ئىكەننى بىلمىدىم.

مەن بىلۇر ئېردىم جاھاندا ھەممە يوللار تار ئېرۇر،
ئاشنالىق يولىمۇ ھەم تار ئىكەننى بىلمىدىم.

قەدىرلىكتۇر بۇ جاھاندا قەدىردان دوست خاتىرى،
خاتىرى دوست بۇنچە بىمىقدار ئىكەننى بىلمىدىم.

سۆھبىتى دىدارىدىن قالغان ۋاقىتتا ئايرىلىپ،
يۈرىكىم ھەسرەت بىلەن تىترەر ئىكەننى بىلمىدىم.

① غەددار — ئالدامچى، خائىن

② چەرخ تافەرجام— قاچاسى تولدايدىغان چەرخ

مالاھەت ئىچرە بىر يىگانەيى① دەۋران ئەسرىمەن،
دىلىمگە ئۇشبۇ سودا سۆيگۈ پىغانىگە ئوخشارمۇ؟

ئەگەرچە خەستە كۆڭلۈم ھىجىر ئوتىنىڭ دۇر گىرىپتارى،
جۇدالىق دەردىنىڭ زەھىرى زۇلۇم زەھرىگە ئوخشارمۇ؟

بىلۇر مەنكىم پىراق دەردى يامانراقتىن يامانراقتۇر،
يۇرىكى ۋەسلىسىزنىڭ مەزلۇم ئەل قەلبىگە ئوخشارمۇ؟

ئۈمىد ۋەسىل بىرلەن قانچە ئاشىق تۆكتىلەر كۆز ياش،
ئۈمىدلى كۆز يېشى ئاچچىق زۇلۇم يېشىغا ئوخشارمۇ؟

تولا ئاشىق ۋاپا كويىدا باش بەردى ۋە لېكىن ئۇ
زۇلۇمغا قارشى چىققانلار كېسۇك بېشىغا ئوخشارمۇ؟

ئەزەر تاشلانسا گەر بۇ نىلىرەڭ تاق② ئاستىغا چوڭقۇر،
جاھالەت ئىچرە بىز ئۇيغۇر بالىلىرى ھالىغا ئوخشارمۇ؟

جاھان ئالغا قاراپ كەتتى، ئۇنى ئېيتىشقا ھاجەت يوق،
ھايات بىزلەرگە گويا جەھەل زىندانىغا ئوخشارمۇ؟

قارالسا ھەر تەرەپكە ئەكس ئېتەر ئەجىز ③ ئىلە مىسكىنلىك،
ئاتوم دەۋرىدە بۇ يۇرت ۋەھشىلەر جايىغا ئوخشارمۇ؟

---

① يىگانەيى دەۋران — زاماننىڭ يىگانىسى
② نىلىرەڭ تاق — كۆك گۈمبەز، ئاسماندىن كىنايە
③ ئەجىز — ئاجىزلىق

ئەلنىڭ ناخشىسى بۇ بېيىت، ئويلاپ كۆرگىل ئەي شائىر،
سۆيگۈ سىرىنى شۇنداق چىرايلىق يازالامسەن؟

بۇ بېيىت ئۇنىڭ شۇنداق، مەزمۇنلۇق، يىغىنچاقكى،
ئۇنىڭدىكى سەنئەتنى سەن يېشىپ بىلەلەمسەن؟

بىر مىسراغە تەشبىھ ھەم كىنايە، تەفەۋۋۇقنى①،
سىغدۇرۇپتۇر، سەنمۇ ھەم شۇنداق سىغدۇرالامسەن؟

ئەل ناخشىسىنى كۆرگەندە پاتامەن شۇبۇ ئويغا،
سەنمۇ ئەي زىيا شۇ خىل گۈزەل سۆز قىلالامسەن؟

1947 - يىل

## ئوخشارمۇ

يېڭى ئاي نەشئەلى ئەمما نىگار قاشىغا ئوخشارمۇ؟
چىمەندە يەلپۈنۈپ سۇنبۇل قارا چاچىغا ئوخشارمۇ؟

يېشىل يايلاقتا ئويناپ ھەر تەرەپ كۆز تاشلىغان ئاھۇ
چىرايلىق كۆزلىرى يارنىڭ خۇمار كۆزىگە ئوخشارمۇ؟

ئېچىلغان لالەئى رەنا قىزىل مەن دەپ بولۇر مەغرۇر.
نىگارىمنىڭ نەپىس زىبا سۈزۈك لېۋىگە ئوخشارمۇ؟

نەسىم سۈبھىدىن گۈل غۇنچىسى قىلمىش تەبەسسۇملەر،
ۋە لېكىن بۇ تەبەسسۇم مەھبۇبۇم ئاغزىغا ئوخشارمۇ؟

سەھەر گۈللۈكتە سايراپ گەرچە بۇلبۇل ئالدى كۆڭلۈمنى،
بۇ ئالماق نازىنىن يارىم شېكەر سۆزىگە ئوخشارمۇ؟

① تەفەۋۋۇق — ئۈستۈنلۈك تالىشىش.

## كۆڭلۈمگە خىتاب

ساڭا ئاز، ئى كۆڭۈل، نېچۈن بۇ يولنى ئىختىيار ئەتتىڭ،
قەلەمدەك دەردى سەرنى دائىما ئۆزۈڭگە يار ئەتتىڭ.

يۈرەك سىرىنى تاپشۇردۇڭ ئۇنىڭغا ياخشى مەھرەم دەپ،
تەپەككۇر غەزنىسىدىن قانچە گۆھەرلەر نىسار ئەتتىڭ.

قەلەم ھەر نەرسىدىن ئەلا دېدىڭ، قويدۇڭ ئۇنىڭغا ئىشق،
قەلەم ئىلكى بىلەن دىل ئەينىكىنى بىغۇبار ئەتتىڭ.

ئۇنىڭ ئاۋازىنى سۆيدۇڭ، مۇھەببەت بىرلە باغلاندىڭ،
پۈتۈن زېھنى - ۋۇجۇدۇڭنى قەلەم سازىغا تار ئەتتىڭ.

نەتىجە بولدى شۇ ئاخىركى ئۆتكەن شۇنچە ئۆمرۈڭدىن.
جاھاننىڭ سەفەھەسىگە دەرد - ئەلەمنى يادىكار ئەتتىڭ.

شىكايەت قىلدى مەندىن دەپ، مېنىڭدىن رەنجىمە كۆڭلۈم!
زىيائىنى نەپەس خۇشلۇق ھاياتقا بەكمۇ زار ئەتتىڭ.

1968 - يىل ئاۋغۇست، قەشقەر

## كۆرۈپ ئىلمى چېچەكلەرنى...

كۆرۈپ ياشناپ ئېچىلغان خۇش پۇراق ئىلمى چېچەكلەرنى،
يورۇتتى بەخت - ئىقبالنىڭ كۈنى باتۇر يۈرەكلەرنى.

زىيائى دەر يازۇچىغا قەلەم بىر مۇھەررەم ئەسرار،
قەلەمدىن سىزغۇچى نەرسە شەھىد قانىغا ئوخشارمۇ؟

1947 - يىل

## بولماس يىلاننى قويۇنغا سىلاپ

كائىنات دۇنياسىدا بىل ھەممە شەيئى تەك بولمىغاي،
گەرچە سەبباغ① پەلەك بىر، ھەممە بىررەڭ ئالمىغاي.

تەگرى بىر نەۋئ خاسىيەت بەخش ئەيلەمىش ھەرنەرسىگە،
بۇ ئىلاھى خاسىيەتكە ئۆزگىرىش يول تاپمىغاي.

گەرچە تۇپراق بىرلە سۇ بىردۇر ۋە لېكىن ھېچقاچان،
خوخل ھەم يانتاق شېخىدىن ئەترە گۈل ئېچىلمىغاي.

ھەر تەبىئەتكە بېرىلمىش قابىلىيەت بار ئېرۇر،
قانچە باققان بىرلە سا شۇڭقار كەبى ئوۋ قىلمىغاي.

بەزى بىرلەر تەربىيەتنىڭ نۇرىدىن ئازار چېكەر،
شەپەرەڭدەك قۇياش نۇرى ئاڭا خوش ياقمىغاي.

كىمكى قىلماق بولسا بىر خىل تەربىيەت بىر نەرسىگە،
ئاۋۋال لازىم ئېرۇر قابىلىقىنى ئاڭلىغاي.

تەربىيەت قىلماق زىيائى كەلسە قولدىن ياخشىدۇر،
توگدى دەپ لېكىن يىلاننى قويۇنغا سالسا بولمىغاي.

1947 - يىل

---

① سەبباغ پەلەك — ئاسمان بوياقچىسى

مۇشۇنداق بىر يىغىنغا ھېچ قاچاندا قاتنىشالمايسەن،
كىشىلەر قەلبىگە ئىلىم ئىشتىياقىنى سالالمايسەن،
شۇڭا سەن ئۇشبۇ گۈللۈككە كېلىپ گۈل تاللىغىن بىزدەك.

بىلىم ئاشىقلىرىمىز، بېشىمىزدا ئىلىم سەۋداسى،
يۈرەك ئىلىم گۈللىرىنىڭ مەڭگۈلۈك بىر زار شەيداسى،
پۈتۈنلەي بىزنى تارتقاندۇر مۇشۇ گۈللەر تاماشاسى،
بېرىلگەن ئىلىم گۈلىگە بارچىمىزنىڭ ھەممە ئىخلاسى،
خازانسىز بۇ گۈلۈستاندا شەرەپلىك ياشىغىن بىزدەك.

1983 - يىل، ئۈرۈمچى

## ئارزۇ

ئىشىق ۋادىسىدىكىلەر بىرلە بولماق ئارزۇ،
قانچىلىك چەكتى ئەلەم - غەم، ئۇنى ئۇقماق ئارزۇ.

ئەكس كىم ئەتتى كۆڭۈل ئايىنەسىدە ئىشقىدىن،
ئۇنى دىل دەفتەرلىرىدە مەڭگۈ قىلماق ئارزۇ.

يېڭى ئايدەك ئىشىق كونىنىڭ چۆرىسىدە ئايلىنىپ،
بەھرى ئېلىپ ئۇندىن تولۇن ئايدەكلا تولماق ئارزۇ.

ئىشىق ھەر دىلغا مۇيەسسەر بولمىغان بىر نۇر ئىكەن،
گەر مۇيەسسەر بولسا ئۇ پەرۋانە بولماق ئارزۇ.

ئىشىق ئېلى نەرگەسلىرى تۆككەن قىزىل لەئلنى زىيا،
دۇر بولۇپ جان بويىنغا زۇننار قىلماق ئارزۇ.

1984 - يىل

قاچان كۆرگەن ئىلىمنىڭ كانىنى قازماق ئۈچۈن بۇ يۇرت
مۇشۇنداق كاتتا غەيرەتتە تولۇلگەن گاڭ بىلەكلەرنى.

تاماشا قىل، قىزىلغان مەرىپەت گۆھەرلىرىنى كۆر،
باھاسىز ئۈنچە - مارجاندىن تۈزۈلگەن بۇ بىزەكلەرنى.

سۆيۈنمەمدۇ كىشى ئۇچقاندا شۇنچە نەۋقىران بۈركۈت
بىلىم دۇنياسىدا قىلماققا ئۇۋ ئالىي تىلەكلەرنى.

ئەگەر مەقسەتكە يەتمەك ئىستىسەڭ سەن توختىماي تەر تۆك،
سۈزەر قورقماس يۈرەك غەۋۋاس دېڭىزدىن ئۈنچە - گۆھەرنى.

1983 - يىل، ئۈرۈمچى

## بۈلبۈلغا خىتاب

(تۇنجى قېتىملىق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مۇھاكىمە يىغىنىغا بېغىشلانغان)

ئى بۈلبۈل، گۈللۈكۈڭ بولسا كېلىپ سەن سايرىغىن بىزدەك،
قانات قېقىپ ھاۋادا جىلۋە بىرلە يايرىغىن بىزدەك،
يېشىل ياپراق ساڭا دەپتەر، ئۈنى سەن قايرىغىن بىزدەك،
يېقىملىق ئۈنلىرىڭنى ئاسرىيالمساڭ ئاسرىغىن بىزدەك،
چىرايلىق گۈللىرىڭنى، خۇش ھىدنى ئايرىغىن بىزدەك.

لېكىن سەن بىزگە ئوخشاش مەڭگۈلۈككە سايرىيالمايسەن،
ئەمەس بىزدەك باھارىڭ بىخازان، ھېچ يايرىيالمايسەن،

نەدۇر ئۇ چاچمۇ يا ئەنبەر ۋە ياكىم يەلپۈنەر سۈنبۈل،
كۆڭۈل قۇشىنى ئوۋلاشقا تۇزاق قىلىنىپ يارالغانمۇ؟

ئەجەب نازۇك بەدەنسەن، سەرۋى قەددىڭگە جاھان ھەيران،
پەرىشتە دۇرمۇ سەن ياكى پەرىمۇ ياكى ئىنسانمۇ؟

سېنىڭ سۆيگۈڭ ئوتى قىلدى ۋۇجۇدۇمنى پۈتۈنلەي كۈل،
گۈزەل، ئىشقىڭدا يالغۇزلا زىبائى زار ھەيرانمۇ؟

1984 - يىل

## قىز كۆڭلىنى باستى غەم

گۈزەل قىز كۆڭلىنى باستى ئۆزى بىلمەيدىغان بىر غەم،
ۋۇجۇدى گۈلشىنىنى چەيلىدى، قىلدى تامام بەرھەم.

ئېقىپ نەرگەس كۆزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە - قەترە ياش،
قىزىلگۈل بەرگىگە ئانداغكى قوندى دانەئى شەبنەم.

دىلىدا ئوت كۆزىدە ياش ۋە لېكىن شۇ ئاجايىپكىم،
بۇ ئوتنىڭ يالقۇنى ئارتتى قويۇلغانسېرى كۆزىدىن نەم.

گېجەك ساچىغە ئوخشاش كۆڭلىگە مىڭ - مىڭ تۈگۈن چۈشتى،
قەيەردە بىر تېبىبكىم تىلىسا ئىشقىنىڭ دەردىگە مەرھەم.

بۇلۇر ھەر دەردكە بىر دارى ۋە لېكىن سۆيگۈ دەردىگە،
ۋىسالدىن باشقا بىر ئەمچى قىلالمايدۇ ئۈنۈمگا ئەم.

يېتەمدۇ يار ۋەسلىگە، كېتەمدۇ ياكى ئارماندا،
مۇھەببەت ئەھلىگە بۇ سىر، زىبائى بەك ئېرۇر موجەم.
1984 - يىل، ئۈرۈمچى

## سىلەپ مېھرىڭنى كۆڭلۈمگە

مېنى خۇش تالىيىم ئىشقىڭ ئارا بۇ كويغا سالغانمۇ؟
سىلەپ مېھرىڭنى كۆڭلۈمگە ئۆزۈمگە يار بولغانمۇ؟

غېرىب كۆڭلۈم ئاجايىپ ئىزتىراپ ئىچرە كۆيەر دائىم،
كۆڭۈل كۆزگۈسىدە يەكسىنىڭ جۇلاسى راستمۇ - يالغانمۇ؟

بۇ قاشمۇ يا يېڭى ئاي يا ئېگىلگەن تاق ۋە ياكى يا،
مېنىڭ بۇ ياش دىلىمنى ئاتقىلى پەللەپ قويۇلغانمۇ؟

ئېرۇر كىرپىكلىرىڭنىڭ ھەر بىرى بىر ئوق ھالاك قىلغۇچ،
ئېتىلغاندا بۇ ئوقلار، ئاشىقىڭ ئۇندىن قۇتۇلغانمۇ؟

قىلۇرسەن بىر قاراش بىرلە كۆڭۈللەرنى ئۆزۈڭگە ئوۋ،
بۇ كۆزمۇ ياكى نەرگەسمۇ، يا تاڭ ۋاقتىدىكى چولپانمۇ؟

يۈزۈڭ بىر كۈنمۇ ياكى ئاي ياكى تاڭدا ئېچىلغان گۈل،
گۈزەللىك گۈللۈكىدە سەن كەبى بىر گۈل ئېچىلغانمۇ؟

قىزىل ياقۇت لېۋىڭ يا لەئل، قىزىللىقلار نەدۇر ئۇندا؟
مەگەر ئاشىقلىرىڭنىڭ قانلىرى بىرلە بويالغانمۇ؟

لەپىس خۇش لەۋلىرىڭ ئىچرە چىشىڭ ئۇ نە دېگەن ئاپئاق،
نەدۇر ئۇ چىشمۇ يا ئۈنچى ۋە ياكى دۇررى مارجانمۇ؟

كۆرۈپ ئاغزىڭنى كۆڭلۈم چەكتى ھەسرەت ئىچىدە پەرياد،
ئېرۇرمۇ پىستە يا نۇقتا ۋە يا غۇنچە ئېچىلغانمۇ؟

مېنى ئىشقىنىڭ شارابىدىن قىلۇر مەنئى زاھىدى خۇدبىن①،
نەئەيلەي بۇ شارابقا مەڭگۈگە قانماس خۇماردىم بار.

قىلۇرلەر تە نەكىم ئىشىق تەلۋىلەرنىڭ قىبلەگاھىدۇر،
ئۆزۈمنى بەختلىك دەيمەنكى ئىشقتەك قىبلەگاھىم بار.

دېمەڭلەر ئىشىق كويىدا مېنى دىۋانە دەپ ھەرگىز،
گادايى ئىشىق ئىكەنمەن بۇ گادايىدىن ئىپتىخارىم بار.

ئەگەر بولسا مۇيەسسەر ۋەسىل ھومانىڭ سايىسى دەرمەن.
جېنىمنى ئاڭا پاي - ئەنداز قىلىپ جاندىن نىساردىم بار.

كۆلۈپ بەختىدىن زىبايى دەركى بار ئەھدى ۋاپا قىلدى،
ۋاپادارغا ۋاپادارلىق مېنىڭ مەڭگۈ شۇئاردىم بار.

1984 - يىل

## كۆڭۈل گەر رەنجىسە

كۆڭۈل گەر رەنجىسە سۆيمەس چىرايلىق گۈل - گۈلىستاننى،
كۆرەر ئەلا ئۈنىڭدىن كۆڭلى تىنچ ئۆتكەن باياۋاننى،

جاھاندا بەخت، سائادەت تىنچ بىر ئارامى دىللىقتۇر.
تېگىپ تۇرسا ئازار - كۈلپەت نە قىلسۇن قەسىر - ئايۋاننى.

كىشىدىن رەھىمسىزلىك بىرلە ناھەقلىق كۆرۈپ ئىنسان،
قالۇر ئۇ ياخشىراقكەن دەپ كىشىدىن ۋەھشى ھايۋاننى،

① زاھىدى خۇدبىن — ئۆزىنىلا كۆزلەيدىغان زاھىد، تەركى دۇنياكىشى.

## چىن مۇھەببەت بولسىلا

مۇھەببەت نۇرى دىلنىڭ ئەينىكىگە ئەكس سالغاندا،
ئەقىل - ئىدرەك پۈتۈنلەي تۇيغۇدىن خالى قالۇر ئۇندا.

قولىدىن ئىختىيارىنىڭ تىزگىنى كەتكەي چىقىپ ئاخىر،
خىيالنىڭ ئاغمىقىنى باشقۇرالماس تازا چاپقاندا.

ماگار يولىنى كۆرمەكتىن قالۇر ئەقىل ئۇ ئۆزى ئاجىز،
نىچۈككىم خىرە بولغاي كۆز قۇياش نۇرىغا باققاندا.

ئىشقىنىڭ سىرىنى ھوشىنىڭ كۆزى بىرلە تاماشا قىل،
كېلىپ پەرۋانە ئۆزىنى چىراغ نۇرىغا ئۇرغاندا.

ئەقىل ھەيران قالۇر سۆيگۈ ئەسىرى بۇ كىچىك مەخلۇق
پىرىلداپ ئايلىنىپ شەمئىنى، ئۆزىنى ئوتقا ئۇرغاندا.

زىيائى چىن مۇھەببەت بولسىلا ئەرزىدۇر تىل ئاچماققا،
قەلەم تەڭلىك چېكەر يالغان مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقاندا.

1984 - يىل

## سۆيۈن كۆڭلۈم

سۆيۈن كۆڭلۈم مۇھەببەت گۈلشىنىدە گۈلئۇزارىم بار،
ئېتەرگە ئەرز ھالىمنى ساداقەتلىك نىگارىم بار.

تىلەرمەن ئىشق سازىدىن ۋاپانىڭ كويىنى ئىشتسەم،
بۇ سازغا سالغىلى جان رىشتىسىدىن سىم ۋە تارىم بار.

مۇيەسسەر بولمىغاي ئاھۇ ئاتالماس ئۇۋچىغا ھەرگىز،
جاھان بازارىدا ساتماق پۇراقلىق مىشكى ئەنبەرنى.

بولۇر مەقسەت قۇشنى ئۇۋ قىلىشقا يەتكىلى شۇ چاغ،
جاسارەت بۈركۈتى قانچە ئېگىزدە قاقسا ئۇ پەرنى.

كۈرەش دەرياسىنىڭ دولقۇنلىرىدىن چۆچۈمىگەن غەۋۋاس،
سۈزەلەيدۇ بۇ قايىنامدىن باھالىق ئۈنچى گۆھەرنى.

ئەجەب ياخشى جاسارەت قەھرىمانلىقىنى قىلىپ ئادەت،
ئۆرۈپ جەڭلەردە دۈشمەننى تۆكۈپ ئۆتمەك قىزىق تەرنى،

ئەگەر ئەرسەن زىيائى دۈشمىنىڭگە ئەگمە بېشىڭنى،
قادا باغرىغا مەردانە ئەجەللىك نەيزە، خەنجەرنى.

1984 - يىل

## ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ

يېشىل كۆك قەسرىگە كۈن تاڭدا زەر تارىنى چەككەندە،
قۇيۇلغان يۇنجۇ كۆزلەرنى زېمىن ئۈستىگە تۆككەندە،

مۇشۇنداق بىر سادا ياڭراپ كۆڭۈلگە بېرىدۇ تۈيغۇ
ۋەتەن گۈلزارى ياشنايدۇ پۈتۈن ئەللەر بىرىككەندە.

ھەقىقەتتۇر ئىناقلىق بەخت - سائادەتنىڭ ئاساسىدۇر،
ئەمەس ئۇ بىر ئويۇنچۇق ئەتكىلى تاشلاپ زېرىككەندە.

ئىناقلىق تەندىكى جاندۇر ۋەتەننىڭ خەلقىغە شەكسىز،
بولامدۇ جاننى تاشلاشقا يامان دەردكە تېرىككەندە.

ئابادانلىق ئارا يەتسە كىشىگە دەرد بىلەن ئازار،
قاقاس چۆللۈكلەردە ئىزدەر غېرىب كۆڭلىگە دەرمانىنى.

زىيائى كاج پەلەك باقماس تولا چاغلاردا دەردمەنگە
ئېلىپ كەتكەي بۇلار گۆرگە يۈرەكتە داغۇ ئارمانىنى.

1984 - يىل

## كەتمىگەي ھەرگىز سىنىڭ يادىڭ

كېتۇرسەن بۇ جاھاندىن، كەتمىگەي ھەرگىز سىنىڭ يادىڭ،
مۇھەببەت ئالەمىنى ياڭرىتار مەڭگۈگە پەريادىڭ.

ئۈستىكىم چەرخىنىڭ كەجرەۋلىكىدىن ۋاقىتسىز سۇندى
گۈزەللىك باغىدا ئۆسكەن سىنىڭ بۇ سەرۋى ئازادىڭ.

ئېست، ئەپسۇس، نە بولغاي ئەردى چاچسا زار ئاشىققا
ئۆزىنىڭ زەۋقىنى ئۆز پەسلىدە بۇ قەددى شەمشادىڭ.

ئىدىڭسەن سۆيگۈ گۈلزارى ئارا يىگانە بىر غۇنچە،
خازاندىن داتلىدىڭ قاتتىق ۋەلى ئاڭلانمىدى دادىڭ.

زىيائى ئېيتىدۇ ئى ۋاي... سىنى ئەيىبلەشكە كىم ھەقلىق،
كېتىپ قالدى سىنىڭدىن ئىلگىرى ھەسرەتتە پەرھادىڭ.

1984 - يىل

## ھايات چەك

ھايات چەك، ھۆر ياشايدۇ، كىمكى تۇتسا قولدا شەمشەرنى،
كۆرەشنىڭ چاڭلىرىغا كۆرمىسە تەڭ زىبۇ زىۋەرنى.

## گۈزەل دىيارىم

ئوتلىرى رەيھان، دائىم گۈل ئەپشان،
ھاۋاسى ياخشى، بېھىشتىن نىشان.
يۇرتۇم - ماكانىم، راھەتلى باغىم،
تۇغۇلغان جايىم گۈزەل دىيارىم.

تۇغۇلدۇم سەندە، ئۆستۈم كۆكسۈڭدە،
تەربىيلەندىم تاتلىق سۈتۈڭدە،
سېنى گۈللىتىش سېنى ئۆستۈرۈش
ۋىجدانى قەرزىم گۈزەل دىيارىم.

كىندىكىم قېنى سەندە تۆكۈلگەن،
مېھرىبان ئانام سەندە كۆمۈلگەن.
مۇنبەت تۇپرىقىڭ، شېرىن سۈلىرىڭ
بىلەن ھاياتىم گۈزەل دىيارىم.

سەن ئۈچۈن قانچە جاپالار چەكسەم،
ئىشلەپ يولۇڭدا دۇنيادىن كەتسەم.
تەرەققىي قىلساڭ ئۇنى بىر كۆرسەم،
شۇدۇر مۇرادىم گۈزەل دىيارىم.

ئىجاد قىلىنغان زاماندا ئاتۇم،
خەلقىڭ بىلىمسىز، نە قىلاي يۇرتۇم.
ئويغىنارمۇ سەن، يا ئۇخلارمۇ سەن،
پىكرىم شۇ دائىم گۈزەل دىيارىم.

ئىناقلىقنىڭ شارابىغا پۈتۈن ئەللەر ئېرۇر تەشنا،
خەلق نەپرەت ئوقۇيدۇ تۆككۈچىگە مەينى تۆككەندە.

زىيائى تىنچ گۈزەل تۇرمۇش بۇزۇلماي تۇرىدۇ شۇ چاغ،
پۈتۈن مىللەت ئىناقلىق دانىلىرىنى بىللە تىككەندە.

1985 - يىل

## ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا

(تەرجىمىي بەند)

ئېسىپ تاڭ سەھەر ئىچرە بادى خازان،
قۇرۇتتى چىمەندىن گۈل گۈلىستان،
چىقىپ كۆز كۈنىنىڭ سوغۇق يەللىرى،
كېيىپ ئالدى قايغۇ لىباسىن جاھان.
گۈلىستاندا يۈتتى باھار نەشئەسى،
قۇرۇق شاخ غېرىبانە كۈتمەكتە جان.
يېشىللىق ئارا سايرىغان قۇشچىلار،
بېشىنى ئېلىپ كەتتىلەر ھەر قايان.
كۆرۈنگەچ بۇ بىر مەنزىرە ئالدى ئەۋج،
يۈرەك ئىچرە دەردكى ئېردى نىھان.
كى يەئنى جاھالەت ئارا ھالىمىز،
مىسالى ئېرۇر ئۇشبۇ پەسلى خازان.
نە ياپراق چىقاردۇق نە گۈل باغلىدۇق،
قۇرۇق شاخ بولۇپ ئۆتتى دەۋران ھامان.
تۈزۈلگەيمۇ بىركۈن كېلىپ ھالىمىز،
دېگەن ئوي بىلەن سەير ئېتىپ ھەر قايان.
تەپەككۇر فەزاسىغا باستىم قەدەم،
ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا، قولدا قەلەم.

ئېرۇر بۇ جاھان چۆرگۈلۈچى ئۆزى،
تۇتار بىر باھارنى ئۇنىڭ ھەر كۆزى.

نىفاقتىن① بولغان شۇرئەانىڭ دىلى،
شۇڭا ئېچىلماس ئۈمىدى گۈلى.
بىلىمسىز نادان كەتكەن چاغلارغا،
ئېچىن! ئېچىندىم گۈزەل دىيارىم.

دەرزىيا توكمە كۆزىنىڭ يېشىنى،
بىلىمدىن تۈزەت خەلقىنىڭ كۆڭلىنى،
ئېچىلدۇر شۇندىن بەختىنىڭ گۈلىنى،
تېنىم ھەم جانىم گۈزەل دىيارىم.

1947 - يىل

① نىفاق — مۇناپىقلىق

خازىنىمىز بۈگۈن بىزگە دەۋرانىڭ ئىلىك،
ھەممىدىن ئۇلۇغ ھەم مۇھىمراق بىلىك.
ئېرۇرمىز نادانلىقتا بىز خاكسار،
ئېتەر ئەكس ھەر ياندا قەلەندەرچىلىك.
ۋۇجۇددۇر قۇرۇق ئۇستىخان كىم ئاگا،
ئەمەس بار بىلىم بىرلىشىشتىن يىلىك،
ئۇلىكى، قالۇر بىز كەبى ئارقىدا،
ئۆلۈكمۇ ئەگەرچە كۆرۈنسە تىرىك.
ئەگەر ئەل تىرىشماي يانا ئۇخلىسا،
قىلىپ ھېس يۈيۈشنى ئۇمىدتىن ئىلىك.
تەپەككۇر فەزاسىغا باستىم قەدەم،
ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا، قولدا قەلەم.

ئىلىم گۈللىرىنى جاھالەت يىلى،
ئۇزۇن ۋاقىت بولدى خازان قىلغىلى.
قۇرۇق شاخ بولۇپ قالدىلەر بىناۋا،
سولاشتى ئۇنىڭ ياپرىقى ھەم گۈلى.
ھەممە بىرلىشىپ ئەيلىسەك ئىجتىھاد.
بولۇر ئېردى مەقسەتلىگە يەتكىلى.
ۋە لېكىن ئېسىت كىم ئىۋلار ئاچمىدى.
كۆزىنى بۇ ئەھۋالنى بىر كۆرگىلى.
جاھاندىن نەسىپ بىزگە بولغانمىكىن؟!
شۇ بۇ خىل غېرىبلىق بىلەن كەتكىلى.
دېگەن دەرد بىلەن دىل قىلىپ ئىزتىراپ،
تىرىشقاچ بۇ بىر سىرنى كەشپ ئەتكىلى.
تەپەككۇر فەزاسىغا قويدۇم قەدەم،
ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا، قولدا قەلەم.

زامان دەپتىرىنىڭ ئەگەرچە قارا
ئېرۇر بىر يۈزى، لېكىن ئاق بىر يۈزى.
دېمەك ھەر قارا تۈنكى چەكسەڭ ئۈنى،
ئاخىر بولغۇسى بىر يورۇق كۈندۈزى.
قارا تۈننى ھەم يورۇق ئەتسە بولۇر،
چېلىشماق ۋە تەدبىر ئۈنىڭ يۇلتۇزى.
سەھەردە قۇلاقىمغا يەتتى سادا،
كېلىپ بەردى ئىلھام ماڭا شۇ سۆزى،
ئىشتكەچ بۇ سۆزنى ئۈمىدلەر قىلىپ،
كى تۇتقايمۇ ياز دەپ ئېلىمنىڭ كۆزى.
تەپەككۇر فەزاسىغا باستىم قەدەم،
ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا، قولىدا قەلەم.

كۆرەشتىن ئىبارەت ئېرۇر بۇ ھايات،
كۆرەشتە يېڭىشكە بۈيۈك شەرت سۇبات.
تىرىشىپ ئۆزىنى خالاس ئەتكۈسى،
چۈمۈلىنى توپراققا گەر كۆمسە پات.
بىلىم، بىرلىشىش ئىككىسى يوق ئېتۇر
ئەگەر بولسا باسقان كۆڭۈللەرنى دات.
ئىلىم بىر قوقۇشكىم بىلمىسىز قېلىپ،
يۈلۈنمىش ئۈنىڭغا قۇيرۇق ھەم قانات.
كېرەككىم بىلىمدىن قانات ئەيلىسۇن،
بولۇر لەقمەگەر قىلمىسا ئېھتىيات.
ۋە لېكىن بۈگۈن بىزدە بولغان بۇ ھال
ئۈمىدسىزلىكىم ئارتتۇرۇپ قاتمۇ قات.
تەپەككۇر فەزاسىغا باستىم قەدەم،
ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا، قولدا قەلەم.

«قانمايدىغان ئىچسە يۈرەك نەمەيدۇر؟» دېدىم، دېدى:
قاندۇرمىغان مەيمگە خۇمارلىق ئېرۇر سېنىڭ.

رەھىم ئەت ماڭا، قاچانغىچە ساڭا تەلمۈرەي،
ئاشۇفتە① ھال تەلۋە بولۇپ چۆل ئارا يۈرەي،
سەندىن ئۈمىد قانداق قىلىپ ئەمدى مەن ئۈزەي،
«بىلەلمىدىم نېچۈن ھالغا چۈشۈپمەن» دېدىم، دېدى:
ئىشىق ئەھلى سەن، شۇ ھالەت شۇئارىڭ ئېرۇر سېنىڭ.

دانە يۈزىدە خالى، چاچلىرى توزاق،
دىللەر ئۈنىڭ ئەرگىسىنىڭ ئەسىرى ئېرۇر بىراق،
قاتىل ئېرۇر ۋە لېكىن يوق ئاڭا سوراق،
«شۇنداق ئىشمۇ بولامدۇ جاھاندا» دېدىم، دېدى:
ئارى، زىيائى كۆيۈم مازارىڭ ئېرۇر سېنىڭ.

1984 - يىل

## سايرا

قۇيۇن يەڭلىغ ئىدىڭ ئاۋارە، ئى بۇلبۇل، باياۋاندا،
پىغانۇ نالە ئەيلەپ قونمىدىڭ بىر گۈلگە دەۋراندا.
باھارنى كۆپ كۈتۈپ ئۆتكەن ئىدى ئۆمرۈڭ زىمىستاندا.
چىقىپ تاڭ شامىلى، بەختىڭگە بولدى ياز گۈلىستاندا،
ئېچىلدى غۇنچە، كۈلدى لالە، دىل يوق ئەمدى ئارماندا.

چىرايلىق گۈل ئېچىلسۇن دەپ تەپەككۇر دانىسىن تىكتىڭ،
قۇرۇتقان جۇت، شۇۋرغان قايسى بىر شاخىنىكى كۆكلەتتىڭ،
ئېچىلماي ھېچ گۈلۈڭ قان يىغلىدىڭ، شۇ دەرد بىلەن كەتتىڭ،

---
① ئاشۇفتە — پەرىشان

بۇ كۆزنىڭ ئاخىر يازى بولماسمىكىن،
قۇرۇق شاخلار ياپراق چىقارماسمىكىن.
ئىلىم ئويغىنىپ كەسىپ، ئىرپان ئۆتىپ،
سائادەت گۈلىمىز ئېچىلماسمىكىن؟!
بىلىم بىرلىشىش كىم نۇر بىر قۇياش،
ئاخىر بىزگىمۇ نۇر چاچماسمىكىن؟!
ياراتقان ئۇلۇغ مېھرىبان بىر خۇدا،
ئاداشقانلىغا رەھىم قىلماسمىكىن؟!
ئوقۇشنى، بىلىشنى ياشاشنى تۈزۈك
ئۇلار كۆڭلىگە تەگرى سالماسمىكىن؟!
ۋۇجۇدۇمنى چۇلغاپ مېنىڭ ئۇشبۇ ئوي،
دىيان يۇرت تەرەققىنى كۆرمەسمىكىن؟!
تەپەككۇر فەزاسىغا قويدۇم قەدەم،
ئىلىم سۆيگۈسى دىلدا، قولدا قەلەم.

1947 - يىل

## دېدىم، دېدى

دىل ئەينىكىدە جىلۋە قىلىپ ئەتتى ئەكس يار،
ھۆسنى جامال گۈللىرىدە تولغان لالەزار.
كۆرگەچ كۆڭۈلدە قالمىدى ھېچ سەبرۇ - ئىختىيار،
«قانداق نەپىس گۈزەللىك ئېرۇر بۇ» دېدىم، دېدى:
گەر ئىشقىنىڭ بۇلبۇلىسەن، باھارىڭ ئېرۇر سېنىڭ.

مەن زار بولۇپ ئۇنىڭكى جامالى شارابىغا،
ئىچكەنسېرى يولۇقتۇم خۇمارى ئازابىغا،
قالدىم چۈشۈپ تەشنا بولۇش ئىزتىرابىغا،

## رۇبائىلار

دىل ئەينىكىگە چۈشەر ئىشىق جۇلاسى،
بولغۇسى پۈتۈن بارلىق ئۈنىڭ مەھۇلىقاسى،①
چاچقاندا ۋۇجۇد ئاسمىنىدا شولىسىنى ئۇ،
يوقاپ كېتىدۇ ئۇندا ئەقىل - پىكىر ساپاسى.

× × ×

مىسكى ناز بىلەن سۇندى ماڭا جام شارابىنى،
تارىنى تۈزەپ ناخشا بىلەن چالدى راۋابىنى.
ھەيرەت چۆلىگە سۈردى قاراڭ بەزى ۋىسالى،
خۇش قىلمىدى ئۇ مەي بىرلە راۋاب باغرى كاۋاپنى.

× × ×

غەمدىن قۇتۇلاي بىرلەھزە دېدىم، سەيرى گۈل ئەتتىم،
گۈللۈك ئارىلاپ، سۇ بويى بويلاپ ھەر ياقلىغا كەتتىم،
ئەپسۇسكى كۆڭۈل ئالمىدى ھېچ زوق ۋە لەززەت،
غەمسىز بولۇش دېگەن ئويىنى ئەمدى تۈزەتتىم.

× × ×

غەپلەت مەيىدىن مەست بولۇپ چالما بۇ داپنى،
تاپماي قالىسەن بەرگەندە سوئال ئۇڭا جاۋابنى.

① مەھۇلىقاسى - كۆرۈپ تۈزىنى بوقمىش

ۋاپا ئىستەپ جاھاندىن ھەر دەمى يۈز مىڭ جاپا چەكتىڭ،
قادالدى مىڭ تىكەن باغرىڭغا بىر گۈل ئۈززە قونغاندا.

سەھەرلەر ئۇخلىماي ئىلھام بېغىدا گۈل تېرىپ يۈرسەڭ،
بېرىپ جان گۆھىرىنى ئىشقىلىپ بىر مايسا ئۈندۈرسەڭ،
يۈرەك سۈيى بىلەن سىراپ ئېتىپ كۆپكۆك كۆكەرتۈرسەڭ،
ئېغىر ئەمگەك بىلەن بىر غۇنچىنى بىر شاختا كۈلدۈرسەڭ،
زۇلۇم تېغى بىلەن چورت ئۈزدى بۇ گۈلنى ئېچىلغاندا.

قارالسا ئۆتمۈشۈڭگە ھەممىسى ئاھ بىرلە ھىجراندۇر،
گۈزەل گۈل ئىشقىدا كۆڭلۈك جاپا، دەرد بىرلە تولغاندۇر،
ئەلەملىك قان بىلەن تارىختا كۆپ بەتلەر بويالغاندۇر،
ئۈمىدىڭ گۈللىرى دەھشەت بورانلار بىرلە سولغاندۇر،
دىلىڭ قالدى تۈگۈنلۈك غۇنچىلاردەك قاتمۇ قات قاندا.

ئېچىلدى ئەمدى بەختىڭ، قالمىدى غەم قايغۇ، ئى بۇلبۇل،
ئېچىلماقتا ۋەتەن گۈلزارىدا خۇش بۇي، چىرايلىق گۈل،
قانات قاق، سايرا، بۇ گۈللەر ئارا سايراشقا تەييار بول!
باھاردۇر بۇ گۈلىستانىڭ، ئاڭا يەتمەس خازاندىن قول،
ئەجەب خۇش چاغ بولۇر ئاشىق سۆيۈملۈك يارنى تاپقاندا.

راۋابىڭ تارىنى تۈز، سايرا، سايراشقا خۇمارىڭ بار،
سېنى سايراشقا ئۈندەر پارتىيەدەك كاتتا يارىڭ بار،
جۇدۇنلار كۈز قىلالماس مەڭگۈلۈك ئازاد باھارىڭ بار،
گۈلۈڭ بار، گۈلشىنىڭ بار، غۇنچە تولغان لالىزارىڭ بار،
زىيائى خۇش، نېچۈك خۇش بولمىسۇن بۇ باغۇ بوستاندا.

1957 - يىل باھار

بىلىپ ئۇقۇساڭ بەختلىك بولسەن دەيتتى ئاتا - ئانام،
نەدە ئۇ بەخت؟ كىملەر بېرىدۇ بۇنىڭغا جاۋابىنى.

× × ×

ھەرقانچە ھەقىقەت كۈنىنىڭ نۇرى ئېرۇر كەڭ،
بۇ نۇر چۈشىدۇ مەۋجۇداتنىڭ ھەممىسىگە تەڭ،
ياخشى نېمىنىڭ دۈشمىنى يوق دەپ ئويلىما ھەرگىز،
تۇرمامدۇ سۆيۈپ زۇلمەتنى يانا ئەنە شەپەرەڭ.

× × ×

تەسۋىر قىلىپ يازغان بىلەن غۇنچە - چېچەكنى،
چالغان بىلەن زوق سۇرۇپ داپ ۋە غىجەكنى،
ئەركىن ھايات بولمايدۇ ساڭا زادى مۇيەسسەر.
يەڭ شىمايلاپ سالمىغۇنچە ئىشقا بىلەكنى،

× × ×

دۇنيا ئۆزىدۇر ھەمىشە بىر كۈرەش ئورنى،
غەۋۋاس ئالىدۇ كۈرەش بىلەن سۇدىكى دۇرنى،
پىلە قۇرت تاپتى ئازادلىقنى كۈرەشتىن،
ئۇ ئۇچتى كۈرەش بىلەن تېشىپ ئۈستىدىكى تورنى.

× × ×

ئىززەت تىلىمە تۇتسا بولۇر ئالىي تىلەكنى،
مىدىراتسا بولۇر ئەقىل بىلەن ئىككى بىلەكنى.

مەغرۇر بولۇپ دۇنياغا، قىلىپ ئۆتمە تەكەببۇر،
ئۇنتۇلما پىراق دەشتىدىكى ھالى خارابنى.

× × ×

سەن تەگلىمە كۆپ ئەيىب يانا چەرخى پەلەكنى،
ئادەت ئۇگادۇر ئوتقا قالماق غۇنچە - پورەكنى.
بىلسەڭ بۇ پەلەك ئالدامچى ئېرۇر تورفە① جاپاكار،
ئولتۇرما تۆكۈپ مۇڭ - زارىنى سەن، ئەزمە يۈرەكنى.

× × ×

لازىمكى كىشى ئۆز فەزلى بىلەن يىغسا شەرابنى،
پايدىسى ئاز كۆرگەزمە قىلىش ئەسلى نەسەبنى.
ھەر قانچە ئېسىل بولغان بىلەن ئۇ بەختلىك ئەجدادە
قويساڭ بولىدۇ ئۆزلۈكگە ھامان ئەسلى تەلەپنى.

× × ×

ئەركىمنى تىلەپ تارتتىم ئەجەبا ھەر خىلدا ئازابنى،
كىم كۆردى ئىكىن مەندەك يانا بىر ھالى خارابنى،
ئالداۋ ئىچىدە ئۆتۈپتۇ ئۆمۈر، ئەپسۇس، بەختسىز،
ئويلاپتىمەن بەك تاتلىق سۇدەپ چۆلدە سارابنى.

× × ×

بەش ياشتا ئىدىم، تۇتتى قولۇم خەتتۇ كىتابنى،
ئوبدان ئوقى دەپ ئاگلاپ كەلدىم تەئنە خىتابنى.

---

① تورفە - ئاجايىپ

ئاشىققا ئەگەر ۋەسلى مۇيەسسەر بولسا
ئىشىق ئوتى ئۆچەر، ئىشىق كويىدا بۇ ياخشى سىناقتۇر.

× × ×

بىر گەۋھەر ئىرۇر باھاسى يوق بۇ ئىجاد،
ئىجادچىنى زامان قىلۇر مەڭگۈ ياد.
ئىجادى ئىرۇر مەڭگۈ، ئەمەس مەڭگۈ كىشى،
ئىجادىڭ ئىلە تونۇر سىنى، بىل، ئەۋلاد.

× × ×

گەر كەلسە ۋۇجۇد ئىشىق قۇياشىغا ئۇدۇل،
يوق بولغۇسىدۇر پەرق ئارادىن پۈتكۈل.
كۆر، سايە ئىكىم كۈن نۇرىدىن ھاسىل ئولغاچ،
رەڭلەر ئۆزى بولدى تامامەن يوق ئول.

× × ×

ھەر قانچىكى كاج ئىرۇر پەلەكنىڭ چاقى،
ئەگرىلىكىنىڭ نىشانى ئەگرى تاقى،
تەدبىر بىلەن تۇرمىغۇچە ئۇنىڭغا تاقابىل.
سۇنمايدۇ ساڭا ۋىسال مەينى ساقى.

× × ×

مەردلەر ئىشىدۇر رەقىبىنى خار ئەتمەك،
مەردانە كۆرەش بىلەن نىشانىغا يەتمەك

بولمايدۇ شەرەپ چوققىسىغا چىققىلى ھەرگىز،
سۆرەپ يۈرسە چۆمۈلىدەك بارچە كىپەكنى.

× × ×

كەل، كەل، ماڭا تۇت مەينى قەدەھتىن ساقى،
مەيدىنكى ئۇنىڭ نەشئەسى بولسۇن باقى.
بىر جام مەينىڭ خۇمارىدۇرمەن، چۈنكى
سۆيگۈ ئىلىگە ئەگرۇ پەلەكنىڭ تاقى①.

× × ×

مەي تۇت ماڭا ساقى، ئىبرۇر گۈل چاغى،
ئاتماقتا چېچەك مېھرۇ مۇھەببەت باغى.
ئۈمىدكى سېنىڭ جام شارابىڭ بىرلە،
كەتسە بۇ كۆڭۈل ئەينىكىدىن غەم داغى،

× × ×

مەقسەت مەيدىن سۇنسا قەدەھنى ساقى،
خۇش كەيپى ئۇنىڭ قالغۇسى مەڭگۈ باقى.
كۆڭۈلدە ئەگەر قەسىد، مۇقەددەس بولسا،
بولمايدۇ بۇزۇق بۇزۇلسىمۇ كۆكتاقى.

× × ×

ئىشىق ئۇ، نە دېمەك، ئەسلى ئۇنىڭ ھىجرۇ پىراقتۇر.
گەر بولمىسا ھىجىر، ئاشىق ئاتىلىش بەكمۇ يىراقتۇر.

① تاق — مراپ

## قىتئەلەر

خەلق دىلىنى ئاغرىتقانلا دۇنيانى دەپ
تويمىغانلا خەلق مېلىنى ئويلىماي يەپ.
قارا يۈرەك، ئى ئىنساپسىز شاياتىنلەر،
ئويلىماپسەن ئاجىزلارنى ئۆزۈك ئەجەب؟!

× × ×

ئاجىز، يېتىم، تۇل خوتونلار قىلىدۇ زارى،
ھېچقايسىڭنىڭ ئۇنىڭ بىلەن يوقتۇر كارى.
«ئىت ئىنجىقى يەردە قالماس» دېگەن ئاقىل،
كىمنىڭ ئەزىز باللىرىدۇر، كىمنىڭ خارى؟!

× × ×

ھەر كۆڭلۈكىم ئالمىسا زوق خۇش ناۋا ئۈندىن تۈزۈك،
قىل تەسەۋۋۇر بىر بۇزۇق ساز دەپ ئۇنىڭ تارى ئۈزۈك.
ئەكسىنى سالماس گۈزەللەر نەرگىسى شەھلالىرى،
بولمىغاندا گەر يۈزى ئايىنەنىڭ چاڭدىن سۈزۈك.

× × ×

نىچۇك خۇش بولىسۇن ئاشىق ۋىسال سازى چېلىنغاندا،
جۇدالىق، ھىجىر شامىغا كۆڭۈل نۇرى چېچىلغاندا.
قىلىپ پەرۋاز خۇش ئاۋاز بولسا بۇلبۇللار تاڭ ئەرمەسكىم،
چىمەندە غۇنچىلار ياشناپ كۆلۈپ گۈللەر ئېچىلغاندا.

× × ×

دەھرە باغى باغ ئەمەس بىر دەشت بىپايان ئېرۇر،
كىمكى بولسۇن باغرىدا ھەرلەھزە مىڭ ئارمان ئېرۇر.
گۈللىرى خار، كۆڭلىرى تۇن، كۈلكىسى غەمدىن نىشان،
قايدا بىر ئابادنى كۆرسەڭ ئاخىرى ۋەيران ئېرۇر.

× × ×

باغرىغا سېلىپ دۈشمەنىنىڭ ئۈچمەس داغ،
بۈركۈتسىمان ئوۋنى ئېلىپلا كەتمەك.

× × ×

ئىشق دەردىگە كىم، دەۋرىدىن دەرمان تاپتى،
پەرھاد تىلەپ دەردىگە داۋا تاغ چاپتى.
تاپماي داۋا ئىشق دەردىگە دەرمان ئىستەپ،
تاھىرمۇ ئېغىر باغراشتا بولۇپ غەرق، ئاقتى.

× × ×

ئۈمىد ئېرۇر ھاياتتا ئىستەك گويا،
بولغايمۇ ھايات يوقالسا ئۈمىد ئايا.
ئۈمىدگە ئەگەر بولمىسا ئىنسان مەغرۇر
پۈتكۈللا خاراب بولۇپ كېتەتتى دۇنيا.

× × ×

يىل ئارقىسىدىن يىلنى قوغلاپ ئۆتتىدۇ يىللار،
ئەتىجىدە قېرىپ كېتىدۇ ياپياش باللار،
تاپالمايسەن ئۆتۈپ كەتكەن ئۇ ئۆمرۈڭنى
خەجلىسەڭمۇ ھەر سائىتىڭگە مىڭلاپ تىللا.

1947 — 1983 - يىللار

كىشى تۇغۇلدى كىشىدىن، كىشى بىلەن كىشىدۇر،
كىشى بىلەن نېمە كارىم دېيىش ساراڭ ئىشىدۇر،
نېچۈن كىشى كىشىگە ئۈچ بولۇپ سۈرەر تۇرمۇش،
ھەقىقەتەن كىشى بىلسەڭ كىشى قېرىندىشىدۇر.

× × ×

زۇلۇم دەردىنى بىلمەيدۇ زالىم تا زۇلۇمنى كۆرمەي،
بىلمەمدۇ زەھەر ئىچۈرگەنلەر زەھەرنى تا ئۆزى ئىچمەي؟!
زالىملارغا تاقابىل ئۇ ئادالەت بىلگۈسى بىلسەڭ،
زامان ھېچ قويمىدى زالىمغا قىلغاننى كۆرسەتمەي.

× × ×

ھەر نەپەس مىڭ ئۆلگۈچە بىر يولى ئۆلگەن ياخشىراق،
دۈشمىنىلە يۈرگۈچە يەرگە كۆمۈلگەن ياخشىراق.
گۈللىرىدىن ئايرىلىپ يىلتىزى سۇنغان گۈل شېخى،
بىر يولى گۈلخان ئارا ئوتقا يېقىلغان ياخشىراق.

× × ×

ئەجەب بىر سىركى دۇنيادا مۇرادىڭچە يۈرەلمەيسەن،
جاھان گۈلزارىدىن كۈتكەن گۈلۈڭنى ھېچ ئۈزەلمەيسەن،
دىلىڭغا بى مۇرادلىقتىن تىكەنلەر سانجىلۇر ھەردەم،
يانا ئۇشبۇ تىكەنلىكتىن ئۈمىدىڭنى ئۈزەلمەيسەن.

× × ×

ئەي يىگىت ئەمگەك ساڭا گۈنجىنەئى پىنھان ئېرۇر،
ئەي خۇشال ئول كىم يۈزى ئۆز كەسپىدىن خەندان ئېرۇر.
نەچچە پاتمان يۈك يۈدۈپ كەزسەك ھىمالايا تېغىنى،
مىننەتى ھەر بىر لەئىمدىن بۇ بەسى ئاسان ئېرۇر.

× × ×

زۇلۇم چەككەنلەر كەبى دەۋراندا بىر بىچارە يوق،
زۇلۇم تېغى قىلغان يارائا ئوخشاش ساقايماس يارا يوق.
لەيك دەۋران چۆرگۈلۈچى چەرخ بولغاچقا ئۆزى،
چۆرگۈلۈپ ئاست - ئۈست بولماستىن ئاڭا ھېچ چارە يوق.

× × ×

ئە خۇشتۇر، تەشنالارغا ئۇچرىسا كۆل،
لېۋىدە ياشنىغان تۇرسا گۈزەل گۈل،
خالى جاي، سۇ بويى، كۆك مايسا كۆرپە،
ئاشىق قانداق چىدار بولماي ئۇ بۇلبۇل؟!

× × ×

چۆل بولۇر گۈلشەن ئەگەردە بولسا خاتىرجەم كىشى،
بولسا كۆڭلۈك تىنچسىز ياقمايدۇ گۈلنىڭ كۈلۈشى.
بىر نەپەس ئارام دىل سۆرگەن ھاياتتۇر بىباھا،
قويىسا خاتىرجەم كىشىنى گەر پەلەكنىڭ گەردىشى.

× × ×

× × ×

مەلۇم ئولماس قەدرى گۈل تاكى زىمىستان بولمىسا،
ۋەسلى قەدرىن بىلمەس ئاشىق داغى ھىجران بولمىسا.
ئەل ۋە يۇرت قەدرىنى بىلمەس كىشى ھېچ چاغ، تاكى ئۇ
ئايرىلىپ يۇرت ۋەسلىدىن زار سەرسان بولمىسا.

× × ×

ئىلىم بىر نۇر، قارا بەختىنى قىلار ئۇ يوپيورۇق كۈندۈز،
قاراتۈندە ھىدايەتكە يېتەكلەپ ماڭغۇچى يۇلتۇز.
ئىرۇر ئابى زۇلال ئىچسەك جىنىڭغا زوق ھوزۇر ئاندىن،
بىرىلگەندە ئۇنىڭغا قانچە ئىچسەڭمۇ يەنە ئۇسسۇز.

تىلەپ بۇ دەردىگە داۋا، قىلدىم سەيرى ھەر گۈلزار،
ئىستىكى چەكتى كۆڭۈل گۈللەر بەرگىدىن ئازار.
ئۆزۈمگە مەھرىمى ئەسرار تاپمىدىم ئەسلا،
ئۆزىنى دوست ئاتايدۇ بارلىقى ئەغيار.

× × ×

كېيىنى ئويلىماي ئىش قىلسا ئىنسان،
ئۇنىڭكى ئاخىرى بولغاي پۇشايمان،
كىمىكى ئىشنى خام قىلسا ئاز ئويلاپ،
كۆزىدە قالغۇسى ياش، باغرىدا قان.

× × ×

ئېرۇر دوست بەكمۇ قىممەتلىك، ئۇنىڭا تەڭ كۆرمە گۆھەرنى،
كېلەر ئاز دوست ئاياغىغا چېچىلسا قانچىلىك زەرنى.
بولۇپ قالما كېپىنەكتەك دوستلۇق گۈلىدە ياپراپ،
ئۇچۇپ ئويناپ ئاخىرىدا ئۇرغۇچى باغرىغا نەشتەرنى.

× × ×

بىلىملىك ئەر بولاي دېسەك تىرىش، تۆك توختىماي تەرنى،
بىلىملىك باغۋىنى ئۈندەر بېغىغا كۆڭلى كەمتەرنى،
ئىلىم گۈلى تەكەببۇردىن يىراق بولغاندا ياشنايدۇ،
ئاسانلىقچە سۇغارمايدۇ سۇ دۆڭلۈك - ئېگىز يەرنى.

ئاپتوردىن: قولىڭىزلاردىكى بۇ ئوپېرا بىر جۈپ ئۇيغۇر قىز-
يىگىتنىڭ مۇھەببەت گۈلىستانىدا پىراق ۋە ھىجران شامىلى دەس-
تىدە خازان بولغانلىقى، سۆيگۈ سەھراسىدا مەھرۇملۇق بىلەن
قالداق مېھنەت تارتقانلىقى ۋە ئاخىرىدا مۇھەببەت يولىدا قۇر-
بان بولغانلىقىنى تەسۋىرلەيدىغان ئەسەردۇر.

مەندە ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەرەبلەرنىڭ «لەيلە - مەجنۇن»ى
ئەرەبىستان، باغدادلىقلارنىڭ «پەرھاد - شىرىن»، «غېرىپ - سەنەم»ى
بار ئىكەن، بىزدە بۇنداقلار يوقمۇ، دەپ ئويلار ئىدىم. بەختكە
يارىشا، ماڭا بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش مۇيەسسەر بولدى. مەن بۇ-
نى تاپتىم. ئۇنى ئەرەبىستان چۆللىرىدىن، باغدات ۋادىلىرىدىن،
ئەرمىنستان تاغلىقلىرىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇرلارنىڭ قاي-
نىمى بولغان قەشقەرنىڭ بايتوقاي يېزىسىنىڭ جىگدە - سۆگەت-
لىكلىرى ئارىسىدىن، يامانيار ئۆستىڭىنىڭ بويىدىن تېپىۋال-
دىم. بۇ نەرسە سىلەر كۆرۈپ تۇرغان مۇشۇ «رابىيە - سەئىدىن»
ئوپېراسىدۇر.

بۇ ئەسەرنىڭ مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىكى باردۇر:

بىرى، ئوپېرا قەھرىمانلىرى ئۇيغۇر، ئوپېرا ۋەقەلىكى خىيالىي
ئەمەس، بەلكى چىندۇر.

رابىيە ۋە سەئىدىن بايتوقايلىق بولۇپ، مۇشۇ يەردە تۇ-
غۇلۇپ ئۆسكەن. ھىجرىيە 1254 - يىللىرى يامانيار ئۆستىڭى بوي-
لىرىدا بىر - بىرى بىلەن تونۇشۇپ مۇھەببەتلەشكەن. لېكىن
ئىقتىسادىي جەھەتتە سەئىدىن ئائىلىسىگە قارىغاندا ئۈستۈنرەك
بولغان رابىيە ئائىلىسى رابىيەنى سەئىدىنگە بېرىشتىن باش تارت-
قان ۋە يۇرتنىڭ ئابرويلۇق بىركىشىسىگە بەرمەكچى بولغان،
قىزنىڭ ئاتىسى قاتتىق قارشىلىق كۆرسىتىپ تۇرۇۋالغاچقا، رابىيە
بىلەن سەئىدىن كۆپ تىرىشقان، ھەرخىل ئامال - چارە قىلىپ
كۆرگەن بولسىمۇ ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەلمىگەن. شۇندىن كېيىن،
سەئىدىن مەجنۇنلۇققا يۈز تۇتۇپ، مازارمۇ مازار يىغلاپ يۈرىدۇ، ئەڭ

× × ×

# رابىيە - سەئىدىن

(5 پەردە 9 كۆرۈنۈشلۈك ئوپېرا)

## قاتناشقۇچىلار

رابىيە — 15 ياشلاردا، سەئىدىننىڭ مەشۇقى.
سەئىدىن — 25 ياشلاردا، رابىيەنىڭ ئاشىقى.
زۆھرە — 30 ياشلاردا، رابىيەنىڭ ھاممىسى.
ھەسەن — 26 ياشلاردا، سەئىدىننىڭ دوستى.
ھەمدەمبەگ — 60 ياشلاردا، يۇرتنىڭ بېگى.
ساقى — 30 ياشلاردا، ساقاللىق لوكچەك.
ئەكرەم — 30 ياشلاردا، لوكچەك.
قادىر — 50 ياشلاردا، رابىيەنىڭ دادىسى.
سەلىمە — 20 ياش، دۇتتارچى.
چولپان — 19 ياش، تەمبۇرچى.
قەمەرى — 18 ياش، ئۇسسۇلچى.
ئەنبەر — 16 ياش، ناخشىچى.
ھاۋا — 19 ياش، ناخشىچى.
ھەمدە — 20 ياش، ناخشىچى.
رەيھان — 16 ياش، رابىيەنىڭ دوستى.
پاتىمە — 15 ياش، رابىيەنىڭ دوستى.
قەلەندەر — 60 ياشلاردا.
ئىمام، جامائەت ۋە ئەر - ئاياللار.

قىلىپ كەتتى). يازغۇچى ئۆز ئەسىرىنى ناھايىتى چىرايلىق ۋە لەتىپ يازغان. ئۇنىڭ ئەڭ قىممەتلىك يېرى شۇكى، يازغۇچى ئۆز يۇرتىدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى زادىلا خىيالىيلاشتۇرمىغان. يازغۇچىنىڭ بۇنى خىيالىيلاشتۇرۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. چۈنكى شۇ چاغدا رابىيە - سەئىدىن پاجىئەسىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشىلەردىن خېلى كۆپلىرى ھايات ئىدى.

بۇ ۋەقە بولۇپ ئارىدىن بىر ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن كەمىنە بۇ ۋەقەنى مىللىي سەنئىتىمىزدە «ئوپېرا» سۈپىتىدە جىلۋە قىلدۇرۇشقا ، ۋەپپەق بولدۇم. گەرچە، بېزەش ساھەسىدە ئىقتىدارىم ئاز بولۇپ، «ئوپېرا» يېزىپ چىققۇدەك قابىلىيىتىم بولمىسىمۇ، ئۆز تارىخىمىزدا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەنى ئۆز تىلىمىز بىلەن نەپىس سەنئەت سۈپىتىدە خەلققە تەقدىم قىلىشتەك ئارزۇ - ھەۋەس مېنى بۇ ئوپېرانى يېزىشقا ئىلھاملاندۇردى.

«خەقتىن يېڭى چاپاننى تىلەپ كىيگەندىن، ئۆزۈڭنىڭ كونا چاپىنىنى ياماپ كىيگىنىڭ ياخشى» دېگەن بىر ھېكمەتلىك سۆز بار. يولداشلىرىمدىن كۈتىدىغان ئۈمىدىم، بۇ ئوپېرادىكى كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ، ئۇنى ئۆزىمىزنىڭ كونا چاپىنى ئورنىدا كۆرۈشتىن ئىبارەت.

## 1 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنە كۆرۈنۈشى: ئالدى رىشاتكا، ئىشىكى شەرققە قارىتىپ ياسالغان ئازادە، چىرايلىق باغ. باغنىڭ ئىشىكى يېنىدىكى ئىككى تۈپ دەرەخكە ئىككى قەپەز ئېسىلغان. قەپەزدىكى تورغايلار يېقىملىق سايراپ تۇرىدۇ. باغنىڭ دەل - دەرەخلىرى ياراقشان، گۈللۈكلىرىدە گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن. گۈللۈك يېنىغا بىسات سېلىنغان. بىسات ئۈستىدە سەئىدىن بىر كىتابنى كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ. سەئىدىن بېشىغا بادام دوپپا، ئۈچىسىغا بەقەسەم تون كىيگەن، پۇتىدا مەسە، بېلىنى باغلىغان، پىچاق ئاسقان.

ئاخىرىدا قەشقەر ھەزرەتتىكى «ھەزرىتى ئاپئاق» دەپ ئاتالغان —
خوجا ھىدايىتۇللا ئىشانىنىڭ مازىرىغا بېرىپ، يىغلاپ يۈرۈپ ئاغ-
رىپ قالغان. ئاقىۋەتتە قەلبىدە رابىيەنە فىكرى، تىلىدە رابىيەنىڭ
زىكرى بولغان ھالدا جان ئۈزگەن. ئۆز ئاشىقىنىڭ ئۆلۈمىنى
ئۇزاتقان رابىيە قىشنىڭ مۇدھىش شۇئىرغانلىق كۈنلىرىنىڭ بىرى-
دە ئۆزىنى مۇزلاپ كەتكەن ئۆستەڭنىڭ قاراسىغا تاشلاپ، ئاشى-
قىنىڭ مۇھەببىتىدە ئۆزىنىڭ ياش ھاياتىنى قۇربان قىلغان.
كىشلەر ئۆستەڭنىڭ مۇزلىرىنى چوقۇپ، رابىيەنى ئىزلىگەن بول-
سىمۇ تاپالمىغان، پەقەت باھار كېلىپ، مۇز ئېرىپ،
بولغاندىن كېيىن مەرھۇم رابىيەنىڭ تېنىنى بىر لايلاتمىدىن تاپ-
قان. بايتوقاينىڭ پۇقرالىرى: «بۇلار تىرىك ۋاقتىدا مۇراد-مەق-
سىتىگە يېتەلمىدى، ئۆلگەندىن كېيىن بولسىمۇ بىللە بولسۇن»
دېيىشىپ، رابىيەنى سەئىدىن دەپنە قىلىنغان قەبرىگە قويغان. ئۇ-
لارنىڭ مۇھەببەت يولىدا كۆرسەتكەن دىل كۆيەرلىك، پىداكار-
لىقلىرى پەرھاد - شېرىن، لەيلى - مەجنۇن، غېرىب - سەنەملەرنىڭ
خىيالىيلاشقان قەھرىمانلىقلىرىدىن كەممۇ؟ ھالبۇكى بىز رابىيە -
سەئىدىنىنىڭ مۇھەببەت يولىدا كۆرسەتكەن پىداكارلىق، قەھرىمان-
لىقلىرىنى ئۇلارنىڭ ھازىرمۇ ھايات بولغان ئۇرۇغ - تۇغقانلىرى-
نىڭ ئاغزىدىن روشەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيمىز.

يەنە بىرى، رابىيە - سەئىدىن ھېكايىسىنى بىر جۇڭگولۇق
ئۇيغۇر شائىرى يېزىپ بىزگە قالدۇرغان.

بۇندىن 110 — 120 يىل ئىلگىرى ( بۇ ئاپتور «رابىيە -
سەئىدىن» ئوپېراسىنى يازغان مەزگىل — ت) قەشقەردە ئۆتكەن زور-
دۇن ھاكىمبەگنىڭ ئابدىرېھىم نىزارى دېگەن ئىقتىدارلىق بىر كاتىپى
بولغان. ئۇ ئەلىشىر ناۋائىينىڭ خەمسەسىگە ئوخشىتىپ بىر خەمسە
يېزىپ چىققان. بۇ كىشى ئۆز خەمسەسىدە ناۋائىي خەمسەسىدىكى «پەرھاد-
شېرىن» نىڭ ئورنىغا «رابىيە - سەئىدىن» نى ئالغان. (بۇ قول
يازما بولۇپ، مېنىڭ كۆرگىنىم جەنۇبىي شىنجاڭ ۋەقەسىدە يو-

## 1 - پەردە 2 - كۆرۈنۈش

سەھنە كۆرۈنۈشى: 1 - كۆرۈنۈشكە ئوخشاش. ئەمما ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ۋاقىت ئۆتكەن. دەرەخلەرنىڭ بەزى يوپۇرماقلىرى سارغايغان. گۈللەرمۇ بىلىنەرلىك شالاڭلاشقان. كېچە. ئاسماندا يەتتە - سەككىز كۈنلۈك بولغان ئاي. سەئىدىن بىلەن ھەسەن باغنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى دەرەخنىڭ تۈۋىدە خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ.

سەئىدىن خىيالدىن باش كۆتۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن چوڭ بىر نەپەس ئالغاندىن كېيىن بۇ ناخشىنى ئېيتىدۇ:

(«ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ» ئاھاڭىدا)

**سەئىدىن:** سۆيگۈ سوداسى ئەجەبمۇ چۈشتى باشىمغە مېنىڭ،
كاشكى بولسا ئىدى ئاھ ئۇ يولداشىم مېنىڭ.
بىر كۆرۈپ قايتا كۆرەلمەي يار جامالىنى ئېسىت،
قان بولۇپ ئاقماقتا كۆزدىن توختىماي ياشىم مېنىڭ.
ۋەسلى دىلدار تۇغدۇرۇپ كۆڭلۈمدە بىر شېرىن ئۈمىد،
ئەيلىدى يارنىڭ خىيالى مەڭگۈ سىرداشىم مېنىڭ.
چاچمىسا ئول ئاي ئەگەردە خەستىگە ئۆز نۇرىنى،
نە قىلۇرمەن بولسا ھىجران ئوغىسى ئاشىم مېنىڭ.

(غەزەلدىن تەسىرلىنىپ ئولتۇرغان ھەسەن چۆچۈپ بىر ياققا قارايدۇ، ئاندىن سەئىدىننى ئاستا تارتىپ شۇ تەرەپنى كۆرسىتىدۇ.)

**ھەسەن:** ئەي ئاشىق يىگىت.
**سەئىدىن:** نېمە دەيسىز؟
**ھەسەن:** باغدا بىر شەپە بار.

(سەئىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، سىنچىلاپ قارىماقچى بولىدۇ.)

سەندىن كىتابقا قاراپ تۇرغان ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ. رابىيە قولىدا ئاپتۇۋانى ئوينىتىپ سۇغا چىققان ھالەتتە باغقا كىرىپ كېلىدۇ ۋە باغ ئىچكىرىسىدىكى كۆل تەرەپكە يۈرۈپ كېتىدۇ. (كۆل كۆرۈنمىسىمۇ رابىيەنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق كۆل بارلىقى ئىپادىلىنىشى كېرەك.) رابىيە ئازادە دوپپا، دۇردۇن كۆڭلەك، تاۋاردىن چەشمەك ۋە مەسە كىيگەن. بېلىگە چۈشكەن قارا چاچلىرى يىگىرمە توت تال قىلىپ ئۆرۈلگەن، بىرنەچچە كۆز مونچاق ئېسىلغان.

رابىيە سۇغا ماڭغاندا كۆل توسۇپ تۇرغاچقا سەندىننى كۆرمەيدۇ، ئەمما سەندىن رابىيەنى كۆرىدۇ. رابىيەنى كۆرۈش بىلەن سەندىن ئەجەب بىر ھالغا كېلىدۇ، كۆزىنى رابىيەدىن ئۈزمەيدۇ. يىگىتنى ھاياجان چىرمايدۇ. رابىيە سۇنى ئېلىپ قايتىپ، شوخلۇق قىلىپ دەرەختىن بىر يوپۇرماقنى ئۈزۈۋېلىپ مۇڭلۇق ناخشىنى ئوقۇيدۇ: (دىمەك كەلمەيدۇ قېشىمغا ئاھاڭىدا)

رابىيە: گۈلۈم غۇنچە، گۈلۈم غۇنچە،
نېمە قايرىلىسەن مۇنچە.
پىغاندا بۇلبۇلۇڭ دائىم،
سەھەردە سەن ئېچىلغۇنچە،

يېشىل ياپراق ئاراسىدا
قىلىپ جىلۋە ئېگىلگۈنچە؛
سەھەر سالقىن شامىلىدا
ئېچىلساڭچۇ كۈلۈپ غۇنچە.

رابىيە گۈلدىن ئۈزۈش ئۈچۈن گۈللۈككە بېرىپ سەندىننى كۆرىدۇ. سەندىن ھېلىھەم ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغانىدى. قىز يىگىتكە بىر پەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۈلۈمسىرەپ، لەرزان بىر ھەرىكەت بىلەن ئارقىغا قايتىدۇ. ئىشىك تۈۋىگە بارغاندا ئارقىغا قايرىلىپ، زوق - تەبەسسۇم بىلەن سەندىنگە قارايدۇ - دە، كىرىپ كېتىدۇ.

قىزدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرغان سەندىن تىترەشكە باشلايدۇ، قولىدىكى كىتاب چۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆزىمۇ ھوشسىزلىنىپ، ئاستا - ئاستا سىرىلىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ... (پەردە چۈشىدۇ)

(بۇ كۆرۈنۈشنىڭ ئەھمىيىتى رابىيەنىڭ ھۆسن - جامالى ۋە شوخلۇقى ھەمدە رابىيە بىلەن سەندىننىڭ مۇھەببىتىنىڭ روشەن، جانلىق ۋە سىرلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىشتە.)

سەئدىن: بىر كۆرۈنۈپ ئېلىپ خىيالىمنى،
سورىمىدىلا قايتا ھالىمنى.
ئىشقلىرى دەردىدە خازان بولدۇم،
سارغىيىپ بىر سېرىق سامان بولدۇم.

رابىيە: سۆيگۈ قىلدى مېنى ئۆزىگە ئەسىر،
ماڭا ھەم قىلدى بەك تولا تەسىر.

سەئدىن: سۆزلىرى راستىمىدۇر يا يالغان؟

رابىيە: ئويلىڭىز، مەن نېمىشقا سارغايغان؟

سەئدىن: ئىشىق قىلدى مېنى خاراب - زەبۇن.

رابىيە: مېنى ھەم قىلدى ئىشقىڭىز مەجنۇن.

سەئدىن: كۆپ جاپا چەكتىم.

رابىيە: پۈتتى مەندە قارار،
پىكرىڭىز ھەر ئان بولدى ماڭا يار.

سەئدىن: ئەي سەنەم ئالدىڭىز قارارىمنى،

رابىيە: سالدىڭىز ئوتقا جانۇ زارىمنى.

سەئدىن: مەن كىم، سىز ماڭا كۆڭۈل قويماق،

رابىيە: سۆيگۈ ھېچ ۋاقىت جاھاندا بولماس تاق.
ئىككى بۇ روھ، كىم ئۇلار كۆرەر سۆيگۈ،
سۆيگۈ بۇ ئىككى روھقا بىر كۆزگۈ.
سىز مۇھەببەتنى ماڭا قويغان كۈن،
مەندۇ بولغان سۆيگۈڭىزدە زەبۇن.

(ئىككىسى بىر - بىرىگە تەبەسسۇم ئارىلاش بىر پەس قارىشىۋالىدۇ.)

سەئدىن: ئاھ مۇھەببەت ئېرۇر شۇنچە شېرىن.

رابىيە: كەلمىسە گەر پىراق ئۇنىڭغا يېقىن،
كۆيدۈرەر، كۆل قىلار ئۇ يامان ھىجران.

سەئدىن: ھىجىر سۆزىنى دېمەڭ، چىقار بۇ جان.

ھەسەن: كۆرەلمەيسىز.

سەئدىن: نېمىدۇر ئۇ، تىترىمەكتە يۈرەك؟

ھەسەن: ھەر نېچچۈكتۇر، مۆكلۈپ تۇرماق كېرەك.

(سەئدىن بىلەن ھەسەن دەرەخ ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. دەرەخلەر ئارىسىدا ئادەم قارىسى كۆرۈنىدۇ.)

ھەسەن: كىم ئىكىن ئۇ، كېلۇر بۇ ياققا قاراپ،

سەئدىن: سۆيگۈنىڭ بويلىرى تۇرماقتا پۇراپ.
قارىغىن ئۇلارغا ياخشىراق يانا.

ھەسەن: (سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن ھولۇققان ھالدا، تەبەسسۇم بىلەن)

ئەنە سىز كۆيگەن شۇ بىر گۈلى رەنا.

(سەئدىن ئۆز ۋۇجۇدىدا پەيدا بولغان غەلىتە بىر ئۆزگىرىش بىلەن تىترەپ ئورنىدىن تۇرىدۇ. ھەسەننىڭ كۆزى كەلگۈچىلەردە. زۆھرە بىلەن رابىيە بىر نەرسىنى ئىزلىگەندەك ئەتراپقا قاراپ چىقىپ كېلىدۇ. سەئدىن بىلەن ھەسەنمۇ يوشۇرۇنغان جايدىن چىقىدۇ. رابىيە بىلەن سەئدىن بىر-بىرىگە بىرپەس سىرلىق قاراپ تۇ-رۇشقاندىن كېيىن «ئاھ...» دېگىنىچە بىر-بىرىگە قاراپ يۈگۈرىدۇ. ئارىلىق يېقىنلاپ قالغاندا ھوشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ. زۆھرە رابىيەنى، ھەسەن سەئدىننى يۆلەيدۇ.)

زۆھرە: (ھەسەنگە) سۇ...سۇ...سۇ...سۇ...

ھەسەن: (ئورنىدىن قوپۇپ ئۇيان-بۇيانغا قارايدۇ)
ئېيتىڭىز ماڭا، قايدا باردۇرسۇ؟

زۆھرە: (بىر ياقنى كۆرسىتىپ)
ئۇندا كۆل بار، تېزرەك بارسىڭىز؟
بەك يامان بولدى، سۇ ئەپ كەلسىڭىز.

(ھەسەن دوپپىسىدا سۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇلار سۇنى رابىيە بىلەن سەئدىننىڭ يۈ-زىگە سېپىدۇ. ئۇلار ھوشىغا كېلىپ بىر مىنۇتچە جىم تۇرغاندىن كېيىن سۆز باشلايدۇ)

ھەسەن: باغدا بىر شەپە بار.

سەئىدىن: (سەئىدىن چۆچۈپ ھەسەنگە قارايدۇ. رابىيە بەك قورقۇپ كېـ
تىدۇ.) نېمىدۇر ئۇ؟

ھەسەن: بىلمىدىم. (بىر ئاز قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ تۇرغاندىن كېيىن) ئادەم شەپىسىغۇ.

(ئولتۇرغانلار تېزلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىدۇ. رابىيە سەئىدىنگە قاراپ لەتىپ بىلەن تازىم قىلىپ خوشلاشقانلىقىنى بىلدۈرگەندىن كېيىن زۆھرە بىلەن بىللە كەلگەن تەرەپكە ماڭىدۇ ۋە كۆزدىن غايىپ بولىدۇ. سەئىدىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەلمۈرۈش بىلەن قاراپ قالىدۇ. شۇ چاغدا ھەمدەم بەگ، ساقى، ئەكرەم پىچاق، توقماق كۆتۈرگەن ھالدا كىرىپ كېلىدۇ. سەئىدىن بىلەن ھەسەن باھادىرلارچە مەغرۇر قاراپ تۇرىدۇ.)

ھەمدەم: نېمە ئادەمسەن؟

سەئىدىن: سەن نېمە ئادەمسەن؟

ھەمدەم: خەقنىڭ بېغىدا نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟!
نە قىلۇرسەن كېچىدە بۇ باغدا؟

سەئىدىن: سەن نېمە ئىش قىلىسەن بۇ چاغدا؟

ھەمدەم: مەن بۇ يۇرت خەلقىنىڭ بېگى بولۇرمەن،
كېچىدە ھەريان بېرىپ كۆرۈرمەن.

سەئىدىن: (زاڭلىق ئارىلاش كۈلۈپ)
سېنى مەن بىلىمەن تازا ئوبدان،
سەن زالىم يۇرت - ئەل قېنىنى شورىغان.
بىلىمەن بۇ باغقا نە ئۈچۈن كەلدىڭ،
سەن بۇ باغنىڭ گۈلىگە قەست قىلدىڭ.
بىلىمەن، قىزنى زورلاپ ئالماقچى،
قىز رىزاسىز تويىنى قىلماقچى.
ياخشى بىل، مەن سېنىڭ رەقىبىڭمەن،
رابىيە زۇلفىنىڭ ئەسىرىمەن.
باشىم ئىچىدە ئۇنىڭكى سوداسى،

(ئۇلاردىن سەل يىراقتا تۇرۇپ ئەھۋالغا تازا دىققەت قىلىپ تۇرغان زۆھرە ھەسەنگە سۆرباشلايدۇ)

زۆھرە: ئىككىمىز بىر - بىرىگە ئامراق.
ھەسەن: سۆيگۈ قىلغان بۇ ئىككىمىزنى مۇشتاق.
زۆھرە: ئىككى پاكىز روھ بولۇپ ھەم بىر،
بىرى ئاشىق، بىرى ئاڭا دىلبەر.
كاشكى يار بولسا ئۇلارغا زامان.
ھەسەن: بولسا بىر ئاشيانە ئىچرە ماكان.
زۆھرە: ھاسىل بولسا ئۇلارغا ئۇشبۇ مۇراد.
ھەسەن: بىزلەر بولار ئىدۇق تولا شاد.
سەئىدىن: (رابىيەگە قاراپ)
كۆز تويارمۇ گۆزەل جامالىڭىزغا،
رابىيە: دىل قانارمۇ شېرىن ۋىسالىڭىزغا.
سەئىدىن: ئەنبىرىن زۇلۇفلىرىنى تۇتارمۇ قولۇم،
ۋىسالىڭىزگە قانارمۇ بۇ كۆڭلۇم.
قىلىبان ئادەت بىۋاپالىقنى،
كۆيدۈرەمىلا،
رابىيە: دېمەك خاتالىقنى.
سىزنى مەن چىن يۈرەك بىلەن سۆيگەن،
مۇشۇ گۈللۈكتە بىر كۆرۈپ كۆيگەن.
سىز ماڭا يارسىز ھەم دىلدار،
بولمىغاي ماڭا باشقا ھېچ بىر يار.
سەئىدىن: دىلغا سىزدىن ۋاپانىڭ بۇيى كېلەر.
رابىيە: رابىيە چىن كۆڭۈل سۆزىنى سۆزلەر.

(ھەسەن بىر شەپىنى ئاڭلىغاندەك باغ تەرەپكە قۇلاق سالىدۇ ۋە سەئىدىننىڭ يېنىغا كېلىپ دەيدۇ)

کاۋاب بۇيى كىلەر تارتقان بۇ ئۇتلۇق ئاھۇ-
زارىمدىن.
ئاتام بىرلە ئانام سالماس قۇلاق سالغان پى-
غانىمگە،
ئىستىكىم، ئەمدى مەن مەھرۇم مېنى سۆيگەن
نىگارىمدىن.
مۇھەببەت دەشتىدە ھىجران مېنى كۆيدۈردى،
كۈل قىلدى،
زېرىكتىم بۇ مۇھەببەتسىز قايغۇ - ھەسرەت،
روزىكارىمدىن.
گۈلۈم دىلدار ۋىسالىسىز سولاشتى ھەم خازان
بولدى،
ئېسىت، ئاھ كىم بولدۇم جۇدا ئۇل يار - زارىمدىن.
(رابىيە توختاپ ئىشىككە قۇلاق سالىدۇ، تاشقىرىدىن زۆھرە كىرىدۇ.)
رابىيە: تاپتىلامۇ؟ بولدى ئىش قانداق،
بولدى قاراپ تۇرغىلى خېلى چاغ.
زۆھرە: (يانچۇقىدىن بىر پاكەتنى ئېلىپ بېرىشۋېتىپ)
مەن سەھەر سەئىدىن قېشىغا باردىم،
سىزگە بۇ خەتنى ئەيلىدى تەقدىم.
رابىيە: (خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇيدۇ)
ھىجىر ئوتىدا كۆيۈپ خاراب بولغان،
ئىشقى - پىراقىڭىزدا كاۋاپ بولغان،
باشىدا بىر سەنەمنىڭ سەۋداسى،
قەلبىدە بىر پەرى تەمەنناسى،
خەستەدىل بىر غېرىب خېتى بىلسىڭىز،
خەتكە ئاز بولسا ھەم نەزەر سالسىڭىز.
تەگدى مەكتۇپلىرى قولۇمغا كېلىپ،
ئوقۇدۇم شۇ ھامان قولۇمغا ئېلىپ.

يۈرىكىمدە ۋىسال تاماسى.
نېمە دەيسەن، ئېيت سۆزلىگىنى، ئىشتەي،
نېمە قىلۇرسەن، قىلغىنىڭنى كۆرەي.

**ھەمدەم:** ھە، تېخى سەن مېنىڭ رەقىبىممۇ،
سېنىڭ قەستىڭ مېنىڭكى يارىممۇ؟

(ھەمدەم قولىدىكى پىچاقنى كۆتۈرگىنىچە سەندىن ئۈستىگە تاشلىنىدۇ. ساقىمۇ سەندىنگە ھۇجۇم قىلىدۇ، ئەكرەم ھەسەنگە تاياق تەڭلەيدۇ. ھەمدەم سەندىنگە پىچاق سالماقچى بولغاندا، سەندىن ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ، بىر قانچىنى دەسسەيدۇ. ساقى سەندىنگە ئېسىلماقچى بولىدۇ، ھەسەن كېلىپ ئۇنى ھەمدەم ئۈستىگە يىقىتىدۇ. ئەكرەم ھەسەنگە تاياق سالىدۇ، ساقىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ سەندىنگە ئېتىلىدۇ. ھەسەن ئەكرەمنىڭ قولىدىكى چوماقنى تارتىۋېلىپ، ئۇنى بىر قويۇپلا يىقىتىدۇ. ساقى بىلەن سەندىن تىركىشىپ ئېلىشىدۇ، ھەمدەم ئورنىدىن تۇرۇپ سەندىنگە ئېسىلماقچى بولىدۇ. سەندىن ساقىنىمۇ تېپكە باسىدۇ. ئاقىۋەت سەندىن، ھەسەن ئۇلاردىن بوشىنىپ سىرتقا ماڭىدۇ. ھەمدەم، ساقى، ئەكرەملەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ سىرتقا ماڭىدۇ.)

## 2 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنە كۆرۈنۈشى: ھويلا، دەھلىز، مېھمانخانا، ھويلىنىڭ بىر تەرىپىدە باغنىڭ ئىشىكى. ئىشىكتىن يېشىل دەرەخلەر كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇ ئۆينىڭ بىر بايلىق ئۆيى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ. رابىيە چوڭقۇر قايغۇ بىلەن ئولتۇرغان ھالدا پەردە ئېچىلىدۇ. رابىيە غەمكىن بىر ھالەتتە كۆز يېشىنى سۈرتۈپ، ئەتراپقا بىر قارىۋالغاندىن كېيىن ناخشا ئوقۇيدۇ. ناخشا «نالىما، ئانارىلىق مەندەكـز؟» ئاھاڭىدا.)

**رابىيە:** دەرىخا، ئايرىلار بولدۇم ئۇ شۇل مەھبۇب يارىمدىن،
مۇھەببەت دەشتىدە يۈرگەن غېرىبى دىلفىگارىمدىن.
كۆڭۈل مۇشتاق ۋىسالىغە، يېتەرگە مەندە يوق
تاقەت،

مەرھەمەت ئىلكىنى ماڭا ئۇزىتىڭ.

**زۆھرە:** مەن قولۇمدىن كەلگىنىنى قىلاي،
قىلىمەن خىزمەت ھېچ ئۇنى ئايىماي.
يولىڭىزدا پىدا مېنىڭ جانىم،
بۇيرۇڭىز خىزمەت ئەي گۈزەل خانىم.

(تاشقىرىدىن ئاراق - ئۇرۇق قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. رابىيە، زۆھرە چۆ-چۈپ كېتىدۇ. قادىر كىرىدۇ. ئۇلارغا غەزەپ بىلەن قاراپ بىر پەس تۇرۇپ ئاندىن ئاچچىق بىلەن سۆزلەيدۇ)

**قادىر:** ئەتە توي بولىدۇ، بۇنى بىلىسەن،
نەرسە تەييارلىماي نېمىش قىلىسەن؟
چىق! يوقال! بار! ئۆز ئىشىڭنى قىلىش،
ئۆينى راسلا، كىگىز، گىلەمنى سېلىش.

(رابىيە بىلەن زۆھرە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ. قادىر ئۇيان - بۇيان مېڭىپ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدۇ.)

**قادىر:** رابىيە ئەقىلسىز، ئېرور نادان،
تويغا ئۇ كۆنمىگەن ئىشلەر ھامان.
(زاڭلىق تەرىقىسىدە كۈلىدۇ)
ئىككى خوتۇن ئاڭا باھانە ئىمىش،
كۈنچىلىكىنى تولا يامان كۆرەرمىش.
ئىككى خوتۇننىڭ سەن ئۇچىنچىسى بول،
كۈندەشلىرىڭگە سەنمۇ كۈندەش بول.

(بىرئازدىن كېيىن ئۇننى راسلاپ چاقىرىدۇ) ھەي... خوتۇن، قېنى سەن؟ (جاۋاب ئاۋۇشى ئاڭلانغاندىن كېيىن) بۇندا كىر، نېمىش قىلىپ يۈرىسەن؟ (ئورنىدىن تۇرۇپ تونىنى سالىدۇ.)

## 2 - پەردە 2 - كۆرۈنۈش

مېھمانخانا. ئۆي ئوبدانلا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان. بۇ پەردە ئولتۇرۇش. رابىيە زۆھرە، سەلىمە، چولپان، قەمەرى، ئەنبەر، ھاۋا، ھەمىدە، رەيھان، پاتىمەلەر بىلەن

مەلۇم بولغاچ ئۇندىكى مەزمۇن،
بۇڭا قارىتا پەقىر زار - زەبۇن.
ئويلىدىم، ئىككىمىز چىقىپ قاچايلى،
توي كۈنى بىر تەرەپ يولروپ كېتەيلى.
ئىككى ئاتنى بۇ كۈنگە تەييارلاي،
ھەممە لازىم نەرسىلەرنى ھەم ئالاي.
كېچىدە، باغ تۇۋىدە مەن كۈتەيىن،
ئۆزلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتەيىن.
بۇ مېنىڭ بىر خۇسۇسىي پىكرىم،
ئۆزلىرىگە ئەيلىدىم تەقدىم.
يۈرىكىم دەرد بىلەن كۆيەر ئىكەن،
قوللىرىم قايغۇ بىلەن تىترەر ئىكەن.
ئوت ئىچىدە يېزىلدى بۇ مەكتۇپ،
ئەيلىگىز مەقبۇل، كىمر ئەمەستۇر خوپ.
ئىشقىڭىزدا ھەمىشە زار - زىرىن،
كەمتىرىنە قۇلىڭىز غېرىب سەئدىن.

**رابىيە:** (خەتنى ئوقۇپ بولۇپ زۆھرەگە دەيدۇ.)

ئەي ئاچا، سىرىم سىزگىدۇر مەلۇم،
بىزنى قىلدى پەلەك بىر خىل مەھرۇم.
ئارىغا چۈشتى بىر يامان دۈشمەن،
ئۇ ئېزور ھەمدەم، سىزگە ھەم روشەن.
ئۇنىڭ ئىككى خوتۇنى بارلىقىنى،
قىزىنىڭ غېرىب - زارلىقىنى؛
ئاتا - ئانام نەزىرىگە ئالمىدىلەر،
ئىلتىماسىمغا قۇلاق سالمىدىلەر.
سىزنى ئۆزۈمگە مېھرىبان بىلىمەن،
ئەمدى سىزدىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەن.
ماڭا سىز ياردەم قولىنى سۇنۇڭ،

(قۇمرى تەبەسسۇم بىلەن ئورنىدىن تۇرىدۇ. ساز چېلىنىدۇ. ناخشا ئېيتىلىدۇ. قۇمرى ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ناخشا «جاننى ئالالا» ئاھاڭىدا)

كۆپچىلىك: سۆيگۈ دەشتىدە، بالا مېھنىتىدە
ھىجران ئوقىنىڭ دىلفىگارىمەن.
دەردىم ئالەمچە، قارا كۈنگۈ غەمدە،
پىراق ئوتىنىڭ دائىم يارىمەن.

يارنىڭ جامالىنى كۆرمەي ۋىسالىنى
جۇدالىق بىلەن ھەردەم قىينىلىپ.
خىياللار سۇرۇپ، كۆڭلۈمدە مىڭ تۈگۈپ،
بىر گۈزەل دىلبەر ئىنتىزارىمەن.

تاپماستىن مۇراد، بولماي كۆڭۈل شاد
قايغۇ - ھەسرەتكە بولۇپ مۇپتىلا.
دائىم ئاھ ئۇرۇپ، يولغا تەلمۈرۈپ،
مەھبۇپ ۋەسلىنىڭ بىقارارىمەن.

كۆرۈپ پەلەكتىن ھەمىشە ئەلەم،
تارتىپ ھەر زامان غەم بىلەن ستەم
چېكىپ كۆپ جاپا، كۆرمەي بىر ۋاپا
سۆيگۈ دەشتىنىڭ خاكسارىمەن،

رەھىم قىل پەلەك جانىم زارىمغا.
مەن بىچارىگە ئەيلە تەرەھھۇم،
كۆرەي مەن يارنى، قۇچاي دىلدارنى
ۋىسال مەيلىرىنىڭ خۇمارىمەن.

قىينار كىشىنى بەكمۇ بۇ پىراق،
راھەت بۇيلىرى مەندىن كۆپ يىراق،

بىللە ئولتۇرغان، ھەممەيلەن خۇش، پەقەت رابىيەلا غەمكىن ھەممەيلەن جاۋچاقلى-شىدۇ. كۈلۈشىدۇ.)

سەلىمە: (چولپانغا قاراپ) قوللىرىڭغا دۇتتارلىرىڭنى ئالسىلاچۇ،
ياخشىلاپ بىر پەردە چالسىلاچۇ.
چولپان: سىلىمۇ ئالسىلا سازلىرىنى،
توزۇسىلە تەمبۇرنىڭ تارلىرىنى.

(بۇ ئىككىيلەن سازلىرىنى تەڭشەپ چېلىشقا باشلايدۇ، غەزەلچىلەر بىلەن سە-لىمە، چولپان سازچىلار بىرلىكتە ناخشا ئېيتىدۇ. ناخشا «ھەر جايدا خۇدا پاشا» ئاھاڭىدا)

كۆپچىلىك: بولسا بىر گۈلكىم، ئۇ گۈل ھېچ چاغدا خازان بولمىسا،
بۇلبۇلى بىچارىلەر دەردى پەرىشان بولمىسا.
بۇ مۇھەببەت بولسايۇ، ۋەسلى ئاشىق بولساشاد،
بولسا بىر تۇرمۇش ئۇلاردا دەردى ھىجران بولمىسا.
گۈلشەن ئىچرە قول تۇتۇشۇپ ئوينىسا راھەت بىلەن
كۆيمىسە ھىجىر ئوتى بىرلە باغرى بەريان بولسا.
سۆيگۈ بىر گۆھەر ئېرۇر، ھەر كىشىگە بولماس نېسىپ،
كۆيدۈرەر جاننى مۇيەسسەر ۋەسلى جانان بول-مىسا.

(زۆھرە رابىيەنىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشقا دىققەت بىلەن قاراپ ئۇلۇغ - كە-چىك تىنىدۇ. سازچىلار سازنى توختىتىدۇ.)

چولپان: قۇمرى خېنىم، قوپسىلا، ئوينىسىلا.
قۇمرى: ئوينىيالمايمەن.
سەلىمە: ناز قىلمىسىلا.

چولپان: يانلىرىغا تۇمارمۇ ئاسقانمۇ؟
ئەنبەر: قايسى نەرسە كۆرۈندى كۆزلىرىگە؟
خېلى تەسلىكتە كەللە ئۆزلىرىگە.
رابىيە: بىر يىگىت سۈرىتى كېلىپ يەتتى.
ئۇ مېنى بۇنداق ئەيلىدى، كەتتى.
ئەنبەر: چېچىلىپتۇ سىزگە ئەركەك جىن،
دۇئا ئوقۇتۇش كېرەك بۇڭا تېزدىن.
رابىيە: (گويا يىغلىغاندەك ئوقۇيدۇ. ناخشا «چەككۈلۈك» ئاھاڭىدا)
پىراق دەشتىدە مەجنۇندەك
ئەجەب ئاۋارىدۇر كۆڭلۈم.
مۇھەببەت دېغى بىلەن
پارە - پارىدۇر كۆڭلۈم.

يېتەلمەي ئارزۇ ئارمانغا
جۇدالىق ئىچىدە قالدىم.
پىراق ياچاقلىرىنىڭ
ئوقلىرىدىن يارىدۇر كۆڭلۈم.

بولۇپمەن مۇپتىلا بۇ دەردكە
تاپمىدىم دەۋاسىنى.
دەۋا ئىزلەپ بولۇپ ھەيران
يامان بىچارىدۇر كۆڭلۈم.

يانا ئۈستۈمگە قانداق دەرد-
مېھنەتلەر چۈشەر ئىكىن،
يېرىم جان خەستە بولدۇم،
ئاھكىم كۆپ زارىدۇر كۆڭلۈم.
زۆھرە: (ئورنىدىن تۇرۇپ رابىيەگە قاراپ)

ھىجران ئوتىدا كۆيۈپ كۈل بولغان
بىر گۈزەل يىگىتنىڭ سۆيگەن يارىمەن.

(ناخشا شۇ يەرگە كەلگەندە رابىيە يىغلاپ، ئاھ تارتىپ رەيھاننىڭ قۇچىقىغا تاشلىنىدۇ. ئولتۇرۇشتىكى خۇشلۇق ئۆزگىرىدۇ. ھەممىنىڭ دىققىتى رابىيەدە. رابىيە ھوشسىز. زۆھرە كېلىپ رابىيەنىڭ بېشىنى تىزىغا ئالىدۇ.)

چولپان: نېمە بولدى؟
ھەممە: نېمە ئىش بۇ؟
قەمەرى: تېز بولۇڭ، كەلتۈرۈڭ پىيالىدە سۇ.
سەلىمە: كۆكىرىپ قاپتۇ لەۋلىرى ئاستى،
ئەنبەر: چىپىلىپتۇ بۇ قىزغا ئالۋاستى.
ھاۋا: راستىنلا قىزنى جىن تۇتۇپ ئالغان.
قەمەرى: قىچقىرىش لازىم تېزگىنە داخان،
چولپان: چىرايى سارغىيىپ سامان بولدى.
سەلىمە: توي كۈنى بۇ ئەجەب يامان بولدى.
ئەنبەر: دىۋە - پەرىنىڭ ئىشى بۇ ئەلۋەتتە.
ھاۋا: پەرە ئويناتتۇرۇش كېرەك - تە.

(پاتىمە سۇ ئېلىپ كىرىدۇ.)

رەيھان: مانا سۇ كەلدى، سېپىلى يۈزىگە.
كەلسە پاتراق ئىدى بۇ ئۆزىگە.
زۆھرە: ماڭا بەرسىلە خېنىم سۇلىرىنى.

(پاتىمە سۇنى زۆھرەگە بېرىدۇ. رابىيەگە سۇ چېچىلىدۇ. رابىيە چۆچۈپ ھەرىكەتلىنىدۇ.)

زۆھرە: ئاچسىلا ۋاي بالام كۆزلىرىنى.

(رابىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئەتراپقا بىسەرەمجان ھالەتتە قاراپ، يۈزىگە چۈشكەن چېچىنى تۈزەپ ئولتۇرىدۇ.)

پاتىمە: نېمە بولدۇڭ ۋاي جېنىم ئادىشىم؟
رابىيە: بىلمىدىم، ئاغرىدى يۈرەك ۋە باشىم.
قۇمرى: ۋاي خېنىم، بۇرۇن قارا باسقانمۇ؟

قىنى، بولمامىلا، مىھمانلار قىشىغا
چىقمامىلا، خىلى ۋاقىت بولدى، بىز كۈتۈپ
قالدۇق، بولدى بىر ئۇيقۇ، بىز تۇرۇپ قالدۇق.

**ياقۇپ:** (دۇدۇقلاپ خىجالەت بىلەن)
چى... چى... ئۆيدە يوق بالىمىز.
بىز ئۇنى ھازىر ئىزلەۋاتىمىز.

**ساقى:** (چۆچۈپ) ئۆيدە يوق؟

**ياقۇپ:** ئۆيدە يوق.

**ساقى:** بۇ قانداق ئىش؟

**ياقۇپ:** (زۆھرەگە قاراپ) ئاقتۇرۇش دەرھال،
نەدە بولسا تىپىش! (زۆھرە چىقىپ كىتىدۇ. ئۇ ساقىغا
دەيدۇ) ھە، سىلى ساقاخۇن، تاشقىرى چىقسىلا،
مىھمانلارنى بىر ئاز توختاتسىلا،
قايدا بولسا ئۇنى مەن تاپىمەن،
كۆپ ھايال بولماي ئارقىدىن چىقىمەن.
(ساقى چىقىپ كىتىدۇ. ياقۇپ ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدۇ.)

**ياقۇپ:** ئاپلاھۇ ئەكبەر، نەگە كەتكەندۇر؟
نەگە قاچقاندۇر؟ نەگە مۆككەندۇ؟
نىمە ئىش بۇ، نىمىشقا قاچقاندۇ؟
بۇ قىچىشنى كىم ئۆگەتكەندۇ؟
(بىر ئاز ئويلىنىپ تۇرغاندىن كىيىن)
ھەقىچان زۆھرەنىڭ تاماشاسى،
ئۇ ئىدى رابىيەنىڭ ئاشناسى.
ھەممە سىرلىرىنى ئۇ بىلەر ئىدى، (يەنە بىر نەرسە
ھادىسىغا چۈشكەندەك قىياپەتتە)
ماڭا بىر ۋاقىتتا ئۇ دىگەنىدى،
قىزلىرى توينى خالىمايدۇ دىگەن،
نەسىھەت قىلسام ئاڭلىمايدۇ، دىگەن.

قوپ بالام، ئازغىنا هاۋا ئاللىلى،
ھەممىمىز باغلىغا چىقىپ كىرىلى.

( ئۆيدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭىدۇ. )

## 2 - پەردە 3 - كۆرۈنۈش

سەھنە كۆرۈنۈشى: ئالدىنقى كۆرۈنۈشكە ئوخشاش، لېكىن ۋاقىت كەچ بولۇپ، ئۆيگە چىراغ ياندۇرۇلغان، رابىيە ساندۇقنى ئېچىپ، ئالدىراشلىق بىلەن بەزى خەرىسلىرىنى ئېلىپ ياغلىققا ئورايدۇ، رابىيەنىڭ ھەرىكەتلىرى ناھايىتى تېز، ئەمما ئېھتىيات بىلەن بولىدۇ. زۆھرە كىرىدۇ. ئەتراپقا قارايدۇ.

زۆھرە: تۇرۇڭىز، تېز بولۇڭ، كۈتەر سىزنى،
سەئىدىنئاخۇن ئېلىپ كېتەر سىزنى.
ئۇ قىلىپتۇ ئىككى ئات تەييار،
قېشىدا دوستى ھەسەنئاخۇن بار.
چۈشتى قاراڭغۇ، بولدى خېلى چاغ.

رابىيە: بولدىمۇ خالىي ھويلا ھەمدە باغ؟

زۆھرە: بولدى خالىي، يوقتۇر ھېچكىم،

رابىيە: بولۇپ قالمىسۇن باغدا بىرەر كىم؟

زۆھرە: ھېچكىمشى يوق، ھەممىسى تويدا،
ئاتىڭىز مېھمان كۈتەر جايىدا.

(زۆھرە بىلەن رابىيە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۆيگە قادىر كىرىپ كېلىدۇ)

قادىر: رابىيە! ... رابىيە! (ھېچ تىۋۇش بولمىغاندىن كېيىن ھەيران بولىدۇ ) زۆھرىخان! زۆھرىخان! زۆھرىخان! (زۆھرە ئۆيگە كىرىدۇ.) قېنى رابىيە؟

زۆھرە: ھېلى بار ئىدى، نەگە كەتتىكى.

ياقۇپ: نەگە كەتتى؟

زۆھرە: نەگە كەتتىكى.

ساقى: (ئۆيگە ھولۇققان ھالدا كىرىپ كېلىپ)

ئىككى خوتۇنغا قىلىپسان كۆندەش،
قىلدىڭىز تويىنى دېگۈچە ھەش - پەش.
كۆيىمۇغلىڭىز قولىدىكى قامچا،
خەلق قېنىدىن تامغۇزار تامچا.
مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ قاچقاندۇر،
قان يۇتۇپ بىر بۇلۇڭدا ياتقاندۇر...

**ياقۇپ:** زادى بۇ ھەممىسى سېنىڭ ئويۇنۇڭ،
بۇ بالالار ھەممىسى سېنىڭ ئويلىغىنىڭ.

(ياقۇپ زۆھرەگە ئېتىلىپ ئۇنى تۇتماقچى بولىدۇ، زۆھرە قاچىدۇ، ياقۇپ پۇتلىشىپ يىقىلىپ چۈشىدۇ، زۆھرە ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.)

## 3 - پەردە

سەھنە كۆرۈنۈشى: تورمالىق. بىر تۈپ دەرەخ تۈۋىدە رابىيە، سەئدىن، ھەسەن ئولتۇرغان، سەئدىن يەيدىغان نەرسىلەرنى تەييارلايدۇ. شۇ ھالەتتە پەردە ئېچىلىدۇ.

**سەئدىن:** ئازغىنا دەم ئېلىپ، تاماق يەيلى.

**رابىيە:** نېمە قىلسا يارنىڭ مەيلى.

(ئۇلار تاماق يېيىشكە باشلايدۇ. رابىيە بىلەن سەئدىن بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن تەبەسسۇم ئارىلاش قارىشىدۇ. ھەسەن ئۇلارغا زوق بىلەن بىر پەس قاراپ ئولتۇرغاندىن كېيىن بۇ بېيىتنى ئوقۇيدۇ. «كۆرەش قىزى» ئاھاڭىدا)

**ھەسەن:** بۈگۈن شاد مەن، شاد بولغۇم كېلۇر،
يېڭى غۇنچىلاردەك ئېچىلغۇم كېلۇر،
بۇ چۆللەر ئارا سەيلە قىلغۇم كېلۇر،
قېقىپ پەرۋاز ھاۋالەردە ئۇچقۇم كېلۇر،
ئىككى كۆرلۇشكەندە كۆرگۈم كېلۇر.

**سەئدىن:** نەچچە يىل بىزنى كۆيدۈرۈپ بۇ پىراق،
يۈرەك باغرىمىز كۆيدۈرۈپ ئىشتىياق،
قىلىپ بىر - بىرىمىزنى دائىم يىراق،

بۇ تاماشا زۆھرەنىڭ ئويۇنى،
نېمە ئۇچۇن بۇزىدۇ كىشىنىڭ تويىنى؟
قىزنى تاپماي ئۆيگە كىرسۇنچۇ،
سوراقىمغا جاۋابىنى بەرسۇنچۇ.

(زۆھرە كىرىدۇ)

**ياقۇپ:** (زۆھرەگە قاراپ) قېنى تاپتىڭمۇ؟
**زۆھرە:** ياق، تاپالمىدىم.
نەگە كەتكىنىنى ھېچ بىلەلمىدىم.
**ياقۇپ:** نېمگە سەن ئۇنى تاپالمايسەن؟
نەگە كەتكىنىنى ھەم بىلمەيسەن؟
بىلىسەن سەن ئۇنىڭ ھەممە ئىشىنى،
ئەخمەق ئەيلەيسەن يەنە كىشىنى.
**زۆھرە:** مەن قايسى بىر ئىشنى بىلىمەن؟
نەگە كەتتى ئۇ قىز، قانداق تاپىمەن؟
**ياقۇپ:** بىر تەرەپتە توي بولاۋاتسا،
خەق كېتىشكە ئالدىراۋاتسا،
خەجلىسە بىر كىشى تولا پۇلىنى،
ئەيلىسە شۇنچە كۆپچىلىك تويىنى.
بولمىسا قىز نىكاھ چېغىدا
ھەممە كۈلمەمدۇ تەڭ مېيىقىدا.
**زۆھرە:** باشتا مەن سىزگە بىر قېتىم ئېيتقان،
قىزىڭىزنىڭ ھالىنى بايان قىلغان.
قىزىڭىز زار-زار تۆكۈپ يېشىنى،
سىزگە ئەرز ئەيلىگەن ئىدى ئىشىنى،
سىز ئۇنىڭ ئەرزىگە قۇلاق سالماي،
بالىڭىز ئاھىغا نەزەر قىلماي؛
ئابروي ھەم پۇلغا قايىلدىڭىز،
قىزىڭىزغا رەھىم قىلمادىڭىز.

قەلەندەر: بۇندا سىزلەر نېمە قىلىپ يۈرىسىزلەر؟
نەدىن كېلىپ قايسى ياققا بارۇرسىزلەر؟

سەئدىن: بىز بۇ چۆللەر ئارا مۇساپىرمىز،
رىسقىمىز تارتقان ياققا بارۇرمىز.

قەلەندەر: قانچە كۈن بولدى چىققىنىڭىزغا؟

سەئدىن: ئۈچ كۈن-تۈن بولدى ماڭغىنىمىزغا.

قەلەندەر: چۆل ئىچىدە ئەگەر مۇساپىرسىز ،
بىزمۇ بۇ چۆل ئارا مۇساپىرمىز.
شۇنى ئويلاڭكى، مەن قېرى، سىز ياش،
بەك تولا ئىشلارنى كەچۈردى بۇ باش.
مەن نەسىھەت قىلاي، ئۇنى ئاڭلاڭ،
دىلىڭىزدا ياخشىلاپ ساقلاڭ.

(قەلەندەر شۇنداق دەپ قولىدىكى راۋابنى تىزۇپ - سازلاپ، تۆۋەندىكى مەدھىيەنى ئوقۇيدۇ)

قەلەندەر: چىن مۇساپىر بولساڭ ئوغلۇم ئاڭلىغىل،
ساڭا قىلاي نەسىھەت، ئۇنى تىڭشىغىل،
بىر قېرى مەن، سۆزۈمنى ئوبدان بىلگىل،
سۆزلىرىمنى ئۇنتۇماي دىلدا ساقلىغىل.
ئوغلۇم كىشى دۇنيادا دۈشمەنسىز بولماس،
ئاقىل كىشى دۈشمەندىن ھېچ ئەمىن تاپماس،
ئېقىن سۇ ئۇخلار، لېكىن دۈشمەن ئۇخلىماس،
ھېچقاچاندا دۈشمەندىن ئەمىن بولمىغىل.
كىشى ئۈچۈن يۈز دوست ئاز، بىر دۈشمەن يامان،
بولۇپ بولماس ھېچچاغدا دۈشمەندىن ئامان،
يوقىتىشقا دۈشمەننى تىرىش ھەرزامان،
مۇمكىنقەدەر سەن كىشىگە دۈشمەن بولمىغىل.
چېقىمچىلىق، غەيۋەتتىن دائىم بول يىراق،
مۇناپىقلىق، خىيانەت ئەڭ يامان ئەخلاق،

قارا كۆڭلىرىمىز بولغۇن بولدى ئاق،
مۇھەببەت گۈلىنى ئەمدى ئۈزگۈم كېلۇر.
**رابىيە:** چېكىپ قانچە يىل ئوتلۇق ئاھ كۈن ۋە تۈن،
تۆكۈپ ئىككى كۆزدىن ياش ئورنىغا خۇن،
تۈگەپ تۈن، چېچىپ بىزگە نۇرنى كۈن،
ئېچىلدى قارا بەختىمىز ئۇشبۇ كۈن،
ئۇزۇن ۋاقىت ھايات ئەمدى يۈرگۈم كېلۇر.
**ھەسەن:** ئىككىمىز كۈلۈپ كۆڭلىمىز شاد،
مۇھەببەت باغى ئىچرە تېپىپ مۇراد،
رەقىب بولسا ئاۋارە تاپماي مۇراد،
قىلىپ يۈرسە دائىما ئاھ - داد.
شۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ئۆمۈر سۈرگۈم كېلۇر.
**سەئىدىن:** ئۇزۇن ۋاقىت چېكىپ رەنج، دەرد- ئەلەم،
جۇدالىقتا ئەيلەپ ئاياغ ئاستى غەم،
يېتىپمەن مۇراد - مەقسىتىمگە بۇ دەم،
يېنىمدا مېنىڭ نازىنىن بىر سەنەم،
بۇ بەختىمگە ھەرقاچان كۈلگۈم كېلۇر.
**رابىيە:** چېكىمىز جاپا ۋەسلى يار ئىستىشىپ،
يۈرىمىز ئۇزۇن زار-زار قاخشىشىپ،
بولغۇن بىز ئارزۇيىمىزغا يېتىشىپ،
سۈرىمىز ھايات ئىككىمىز بىرلىشىپ،
بۇ ئەھۋالغا كۆپ شۈكۈر قىلغۇم كېلۇر.

(ناخشا - ساز توختايدۇ. رابىيە بىر تەرەپكە قاراپ، ئەندىككەن قىياپەتتە سۆزلەيدۇ).

**رابىيە:** ئۇ كىشى كىم، بۇ تەرەپكە كېلۇر،
**سەئىدىن:** بىر تەرەپكە ماڭغان يولۇچىدۇر.

(ئاقساقال، ھەيۋەتلىك بىر كىشى قەلەندەرچە كىيىنگەن ھالەتتە كىرىپ كېلىدۇ، ئۇنىڭ بېشىدا كۇلا، قولىدا راۋاب. ئۇ سەئىدىنلەر بىلەن كۆرۈشىدۇ ۋە سورايدۇ.)

كىشى ھەققىگە ھېچچاغدا قارا سانىما،
شەخسىيەتچى، ئابرويپەرەس بولمىغىل.
ئۇلۇغلەرگە سەن ئەيلە ھەمىشە خىزمەت،
ئاجىزلەرگە ھەر ۋاقىتتا قىلغىل سەن شەپقەت،
ئامانەتكە ھېچقاچان قىلما خىيانەت،
ۋەدە قىلساڭ ۋاپا قىلماي قالمىغىل.
بىر قېرى مەن، ئاخىرلاشقان ھاياتىم،
مېنىڭ ساڭا قىلىدىغان شۇ نەسىھەتىم.
كاتتىلاردىن ئىشىتكەن چىن سۆزنى ئېيتتىم،
بۇ نەسىھەتنى، ئەي ئوغلۇم، ئوبدان ئاڭلىغىل.

(قەلەندەر ئۆز نەسىھەتىنى تاماملىغاندىن كېيىن بۇلار بىلەن خوشلىشىپ، دەرەخلەر ئارىسىغا كىرىپ كۆزدىن غايىپ بولىدۇ.)

**ھەسەن:** كىم ئىكەن بۇ بۇ خىل نەسىھەت قىلغان،
ياخشى سۆزلەرنى ھەدىيە قىلغان.
**سەئىدىن:** كىمكى بولسا بىر ئۇلۇغ كىشىدۇر،
بۇ نەسىھەت ئۇلۇغ كىشى ئىشىدۇر.
بۇندا بىز ئازغىنا ئارام ئالايلى،
بىرىمىز ئۇخلىماي قاراپ تۇرايلى.
ئېھتىمال دۈشمەن بىزگە قەست قىلار،
تېخى ھازىر قېرى بۇنى دېدىلەر.
**ھەسەن:** ھە، سىلەر ئۇخلاڭلار، مەن تۇراي ساقلاپ،
**سەئىدىن:** سىز يېتىپ ئۇخلاڭ، مەن تۇراي قاراپ.
**ھەسەن:** ياق، يېتىڭ، ئۇخلاڭ سىز، مەن قاراپ تۇراي،
سىز ئويغانغان چاغدا مەن بېرىپ ياتاي.

(رابىيە، سەئىدىن ئۇخلايدۇ. ھەسەن قولىدىكى چوماقنى يۆلىنىپ، دەرەخ ئۈستىدە ئەتراپقا قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئۇ مۈگدەشكە باشلايدۇ ھەم ئۇخلاپ قالىدۇ. ئۇزاقتىن ئات تۇۋقىنىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىدۇ. ئات يېقىن كېلىپ توختايدۇ. دەرەخلەر ئارىسىدىن نەيزە،چوماق بىلەن قوراللانغان ھەمدەم، ساقى كۆرۈنىدۇ. ئىككىسى ناھايىتى ئاۋايلاپ، دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۆمىلەشىپ، ئۇخلىغانلارغا يېقىنلىشىدۇ. ساقى بىردىنلا يۆتىلىپ سالىدۇ.)

بۇنداق ئىشنى قىلغۇچىدىن ھايۋان ياخشىراق،
سەن چېقىمچى، غەيۋەتچى، مۇناپىق بولمىغىل.
ئوغلۇم ياخشى بىل ئاتا - ئانا قەدرىنى،
ئۇنۇتما سەن ئۇلارنىڭ قويغان مېھرىنى،
ياخشىلىقلەن ياندۇرغىن قىلغان ئەجرىنى،
ئاتا - ئانىنى نارازى قىلغۇچى بولمىغىل.
ھېچقاچاندا كۆزلىمە كىشىگە يامانلىق،
ئىستە دائىم كۆپچىلىك خەلققە ئامانلىق،
قايدا كۆرسەڭ ئاجىزنى قىل مېھرىبانلىق،
شەپقەتسىز، ئىنساپسىز كىشى بولمىغىل.
راستلىق بولسۇن ھەممىشە سېنىڭ يولدىشىڭ،
غەيرەت، ھىممەت بولسۇن دائىم قورددىشىڭ،
يېتىملەرنىڭ بېشىنى سىلا، بولۇر ئوڭ ئىشىڭ،
يالغانچى ھەم قورققاق، كەم ھىممەت بولمىغىل.
ئىشەنمە سەن كىشىگە سىنىماي تۇرۇپ،
باھا بەرمە كىشىگە بىر قېتىم كۆرۈپ،
تاما قىلىپ يېلىنما كىشىگە تەلمۈرۈپ،
كىشى كۆچىدىن پايدا ئالسام دېگۈچى بولمىغىل.
تاما قىلىپ كىشىگە خۇشامەت قىلما،
ئۆز ئىززىتىڭ، نەپسىڭنى ھەرگىز ئۇنتۇما،
ياشاش ئۈچۈن ئىشلەشتىن باشقا يول تۇتما.
تۇرمۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىل، ھورۇن بولمىغىل.
تىنچ ۋاقتىڭدا ھەركىشى ساڭا دوست بولۇر،
قىينالغاندا دوست - دۈشمەن ئوبدان بىلىنۇر.
ۋاپالىق دوست دۇنيادا ئازراق تېپىلۇر،
ھەر كىشىگە دوستۇم دەپ ئىشەنچ قىلمىغىل.
پايداڭنى دەپ كىشىگە يامانلىق قىلما،
زىيان قىلىپ خەقنىڭ دىلىنى ھەرگىز ئاغرىتما،

رىپ كېلىدۇ. ئېسىقلىق تۇرغان ھەمدەم بىلەن ساقىنى كۆرۈپ قورقۇپ ئارقىغا چېكىنىدۇ.)

ھەمدەم: كەل، بۇيان كەل، بىزنى قۇتقازغىل،
بىزنى تېزرەك يېشىپ ئالغىل.

ئەكرەم: كىم بۇ خىلدا باغلىدى سىزنى؟

ساقى: ھېلىقىلا باغلىدى بىزنى.

ئەكرەم: تۇرغان بولسا ئۇلار يەنە ماراپ،
مېنىمۇ ئۇلار قويمىسۇن باغلاپ.

ھەمدەم: خېلى ۋاقىت بولدى كەتكىلى دۈشمەن،
تېز كېلىپ يەش، بەك قىينالدىم مەن.

(ئەكرەم تۆت تەرەپكە قاراپ، قورقۇپ - ئىترەپ، ئاستا كېلىپ ئۇلارنىڭ قولىنى يېشىشكە باشلىغاندا بىر دەرەخ سەل قىمىرلايدۇ. ئەكرەم «ۋايجان!» دەپ قاچىدۇ.)

ھەمدەم: ۋاي ئىكەنسەن ئەجەب يامان قورققاق،

ئەكرەم: يامان ئەمەسمۇ ۋاي بېگىم باغلاق؟!

(ئەكرەم قايتىپ كېلىپ ئۇلارنى يېشىدۇ.)

ساقى: بولارنى تۇتماق دەر ھەقىقەت تەس،
ئۇچىمىزنىڭمۇ كۈچىمىز يەتمەس.

ھەمدەم: بىز بۇ جايدىن ئۆيگە قايتايلى،
باشقا يول بىلەن ئۇنى تۇتايلى.

(ھەمدەم، ساقى ئاقساقلىنىپ چىقىدۇ. پەردە چۈشىدۇ.)

## 4 - پەردە 1 - كۆرۈنۈش

سەھنە كۆرۈنۈشى: تەشقەيردىكى ھەزرىتى ئاپپاق مازىرى، گۈمبەز، پەشتاقلار، قەبرىلەر، كېچە، گۈمبەز ئىچىگە شام يېقىلغان. چاچلىرى ئۆسۈپ مۈرىسىگە چۈشكەن، جۇل - جۇل كىيىملىك، يالىڭاياغ، يالاڭباش سەئدىن مەجنۇن ھالەتتە مازارغا كىرىپ كېلىدۇ. ناھايىتى غەمكىنلىك بىلەن سۆزلەيدۇ. («پولات نەيزەم» ئاھاڭىدا)

سەئدىن: ئىزلىگەن بىر غېرىب بىچارىدۇرمەن،
مۇھەببەت دەشتىدە ئاۋارىدۇرمەن.

ھەسەن ئويغىنىدۇ. رابىيە، سەئىدىنىمۇ ئويغىتىپ، ئورنىدىن دەس تۇرىدۇ. ھەمدەم بىلەن ساقى ئۇلارغا تاشلىنىدۇ. سەئىدىن ھەمدەمنىڭ ئۆزىگە سالماقچى بولغان دەپىسىنى تارتىۋېلىپ، ھەمدەمنى ئۇرماقچى بولىدۇ. دەپزە ھەمدەمگە تەگمەيدۇ ھەمدە چۈۋۈلۈپ كېتىدۇ. ئىككىسى مۇشتلىشىدۇ. سەئىدىن ھەمدەمنى يىقىتىپ، بەلبېغى بىلەن قولىنى باغلايدۇ. ھەسەنمۇ ساقى بىلەن مۇشتلىشىپ، يومۇدا قىلىشىپ، ئاخىرى ساقىنى ئاستىغا باسىدۇ.)

سەئىدىن: باغلاڭ، باغلاڭ ئۇ ئىتنى.

ھەسەن: نەرسە يوق ...

سەئىدىن: يېشىڭ بەلباغنى.

(ھەسەن بەلبېغى بىلەن ساقىنى باغلايدۇ ۋە ھەمدەم بىلەن ئىككىسىنى دەرەخكە ئاسىدۇ.)

ھەسەن: تەخىر قىلماي ئۆلتۈرەيلى بۇنى.
بىر گوداڭغا كۆمەيلى بۇنى.

ھەمدەم: ۋايجان!... بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەي،
قىلغىنىمغا تۆۋىلەر قىلاي.

سەئىدىن: سەن بىلەمسەن نى ئىشلارنى قىلدىڭسەن؟
بىزنى قانداق بالالارغا سالدىڭسەن؟
ياخشى كۆرمەيمەن قان تۆكۈشنى ئۆزۈم،
بولمىسا ئۆلتۈرەر ئىدىم ھەمدەم.
سەن مېنى ياردىن ئايرىماقچى ئىدىڭ،
ئۈچ خوتۇن ئېلىپ ياشىماقچى ئىدىڭ.
بىز ئىدۇق سۈيگۈ دەردى بىلەن مەس،
سېنىڭ پىكرىڭ ئىدى ئويۇن ۋە ھەۋەس.
ئاقىۋەت بىز باش ئېلىپ قاچتۇق،
سېنى بۇ جايدا يىقىتىپ تۇتتۇق.
(ھەمراھلىرىغا قاراپ)
بىز بۇ جايدىن تېز يۈرۈپ كېتەيلى،
كۆزلىگەن جايىمىزغا تېز يېتەيلى.

(سەئىدىن ھەمراھلىرى بىلەن يولغا چۈشىدۇ ۋە كۆزدىن غايىب بولىدۇ. بىر ئازدىن كېيىن ئات تۇيىقىنىڭ ئاۋازى كېلىپ توختاپ، سەھنىگە ئەكرەم كې-

مەزىن: بارمىدىكىن بۇنىڭ ئاتا-ئانىسى،
بۇندا قاپتۇ ئۆلۈپ بىر كۈن كېچىسى.

(شۇ چاغدا سەھنىگە ھەسەن كىرىدۇ. ئۇ ئۆزىنى سەئدىنىڭ ئۈستىگە تاشلاپ، يىغلاپ تۇرۇپ ناخشا ئوقۇيدۇ. ساز «ساپىرىق پەردىسى» ئاھاڭىدا)

ھەسەن: ئاھ جاپا تارتىپ پەلەكتىن كۆپ جاپا چەككەن يىگىت،
كۆرمەيىن راھەت يۈزىنى دەرد بىلەن ئۆلگەن يىگىت.
كۆز ئېچىپ دۇنياغا، تارتماي ھىجر دەردىدىن بۆلەك،
سۆيگۈ دەردى بىرلە ئاۋارە يىتىم ئۆلگەن يىگىت.
نى بولۇردى سەن ئېرىشسەڭ ۋەسلى دىلدارىڭغا ۋاي،
ئاھ ئېسىت غەم قايىنىمىدا بىناۋا ئۆلگەن يىگىت.

ئىمام: سەۋرى ئەيلەڭ، ئەيلەڭىز سەۋرى،
بۇ ھەممىسى خۇدانىڭ تەقدىرى.
نېمىڭىز بۇ، سىز بۇنىڭ كىمىسىز؟
سىز بۇ ئۆلگۈچىنىڭ نېمىسىسىز؟

ھەسەن: دوستى ئىدىم بۇ يىگىتنىڭمەن،
بىللە ئۆسكەن ئىدىم ئۇنىڭ بىلەن.

ئىمام: بۇ يىگىت بولغان نېمىشقا ئاۋارە،
نېمە ئۈچۈن مۇنداق بولدى بىچارە؟

ھەسەن: بۇ يىگىت ئەسلى پەيزى ئاۋاتتىن،
ئېتى بۇنىڭ ئىدى موللاسەئدىن.
سۆز ئۇزۇن، قىسقىسى يىگىت ئاشىق،
يار پىراقىدا كۆيدى بۇ ئاشىق.
— تۆكۈبان ھىجر ئارا ياش ئورنىغا خۇن،
ئاقىۋەت بولدى بۇ سۇپەت مەجنۇن.
دوست ئىدىم مەن، غېرىب زار ئاڭا،
ئۇنى ئاسراش ۋەزىپە ئىدى ماڭا.
تۈنۈگۈن مەن ئۇخلىغان چاغدا،
بولغانىكەن بۇ زارانا پەيدا.

گۈزەل يار ئىشقىدا مەن زارۇ ھەيران،
نەچچە يىل يىغلىدىم ياش ئورنىغا قان.
خازان بولدى يىگىتلىك باھارىم،
مۇيەسسەر بولمىدى ۋەسلى نىگارىم.
تۇتۇپ بىزلەرنى قاچقان يېرىمىزدىن،
رەقىبلەر ئايرىدى بىر - بىرىمىزدىن.
بىز ئىككىمىزگە سەن سالغان مۇھەببەت،
غېرىب بىچارىگە سەن ئەيلە رەھمەت.
ھەممە مۇشكۇل، خۇدايا، ساڭا ئاسان،
بولۇپمەن سۆيگۈ ئىچرە زارۇ ھەيران.
زۇلۇم بىلەن جۇدا قىلىندى يارىم،
تۈگىدى تاقىتىم، سەۋرى قارارىم.
ۋىسالىڭىزغا پىدا قىلاي جاننى،
جامالىڭىزغا پىدا ئەيلەي تەننى.
جۇدالىقتا چىدالمايمەن مەن ئەمدى،
بۇ دەرد ئىچىدە يۈرەلمەيمەن مەن ئەمدى.
ۋىسالسىز ھاياتىمدىن زېرىكتىم،
سېنىڭسىز رابىيە، جاندىن زېرىكتىم.
بولاي مەن رابىيە يولىدا قۇربان،
ئارام ئالسۇن چىقىپ خەستە غېرىب جان.
قاياندىسەن ئى سۆيگەن نىگارىم،
قېنى سەن ئەي پەرى — رابىيە يارىم.

(سەئىدىن ھوشسىزلىنىپ يىقىلىدۇ. پەردە چۈشىدۇ.)

## 4 - پەردە 2 - كۆرۈنۈش

سەھنە كۆرۈنۈشى: ئاۋۋالقى كۆرۈنۈشكە ئوخشاش. ناماز بامداتتىن يانغان ۋاقىت. سەئىدىن بىر چەتتە ئۆلۈك ھالەتتە ياتقان. خەلق سەئىدىن ئەتراپىغا توپلىنىدۇ.

ئۇنتۇپتىمەن، نېمە دېگەنىدىڭىز؟

زۆھرە: ھەسەن ئاخۇن يوق ئىكەن ئۆيدە،
كەتكەنمىكىنە دوستىنىڭكىگە.

رابىيە: ئاچا، بۇگۈن جېنىم جىزىلدايدۇ،
يۈرىكىم ئاسقىپ تىتىلدايدۇ.
سەئىدىنىنىڭ ھالى نېمە بولدىكىن،
قىينىلىپ قايسى چۆلدە يۈردىكىن؟

(رابىيە شۇلارنى دەپ بولۇپ غەزەل ئوقۇيدۇ. «ئانارخان» ئاھاڭىدا)

رابىيە: يامانيارىدىكى ئېقىن سۇ، ساڭا دەي ئەرزۇ ھالىمنى،
نەچچە كۈندۇر كۆرەلمىدىم سۆيۈملۈك يار - زارىمنى.
دىلىم قانلىق، تىلىم ئاھلىق، كۆزۈم ياشلىق، ئۆزۈم ئاجىز،
خازان قىلدى پىراق شامالى يېڭى بولغان باھارىمنى.
تۈگەپ تاقەت، پۈتۈپ قۇت، كېتىپ ماغدۇر، قالمىدى ئەھۋال،
چىدالمايمەن، تۇرالمايمەن، يوقاتتىم ئىختىيارىمنى.
قاياندۇر ئۇل غېرىپ يارىم، نېمىشقا يوق دېرەك ئۇندىن،
يېتەرمەنمۇ، قانارمەنمۇ، كۆرەرمەنمۇ ئۇ يارىمنى.

(زۆھرە پىراققا دىققەت بىلەن قاراپ)

زۆھرە: ھەسەن ئاخۇن ئەمەسمۇ ئۇ كىشى.
رابىيە: شۇ، ئەجەبمۇ تۆۋەن چۈشۈپتۇ بېشى.
زۆھرە: سەئىدىن ئاخۇننى ئاختۇرۇپ كەتكەن،
ھەقىچان بىر خەۋەر ئېلىپ كەلگەن.

(ھەسەن سەھنىگە كىرىپ كېلىدۇ، زۆھرە، رابىيەلەر بىلەن سالاملىشىدۇ. پات - پات رابىيەگە قاراپ قويىدۇ.)

رابىيە: نەچچە كۈندىن تاپالمىدۇق سىزنى،
قويدىڭىز تەشۋىش، غەملىگە بىزنى.
قايدا قالدى ئۇل غېرىب - مىسكىن،
ئاشىقىم، مەشۇقۇم ئۇل غېرىب سەئىدىن.

ئاقتۇرۇپ، يوكۇرۇپ يۈرگەنىدىم،
ئۇنى ئىزلەپ بۇ جايغا كەلگەنىدىم.
بۇ يىگىتنى مانا ئۆلۈك ھالدا كۆردۈم،
ئايرىلىپ دوستتىن، مەن غېرىب بولدۇم.

(ھەسەن سۆزلەۋاتقاندا ئەتراپىدىكىلەر كۆز ياش قىلىشىدۇ.)

ئەمام: بۇ يىگىت ئىكەن سۆيگۈ قۇربانى،
يار ئىشقىدا يوقىلىپ جانى؛
خەير ئەمدى... بىز نېمە قىلارمىز؟
دەپنە ئەيلەش ئىشنى نېمە قىلارمىز؟

ھەسەن: بۇ يىگىتنى بىز ئېلىپ كېتەيمىز،
پەيزى ئابات تۇپرىقىغا دەپنە قىلىمىز.
بار ئۇ جايدا سۆيگەن دىلدارى،
جېنىنى قۇربان ئەيلىگەن يارى.
پەيزى ئاۋاتقا ئېلىپ بېرىپ كۆمىمىز،
يارىغا ئەھۋالنى خەۋەر قىلىمىز.
دوست ئىدىم بۇنىڭ تىرىك چېغىدا،
قىلايىن دوستلۇق ئۆلۈك چېغىدا.

(ھەسەن بەلبېغىنى يېشىپ سەندىنىنىڭ يۈزىگە ياپىدۇ.)

## 5 - پەردە

سەھنە كۆرۈنۈشى: ياماليار ئۆستىڭىنىڭ بويى، قىش ۋاقتى. ئۆستەڭ بويى دەرەخلىك. رابىيە، زۆھرە ۋە رابىيەنىڭ توققۇز - ئون ياشلاردىكى سىڭلىسى دەرەخلىكتىن چىقىپ كېلىدۇ. ئۇلار سۇغا چىققان، قولىدا قاپاق. ئۇلار قوللىرىنى پات - پات ھوداپ ئىسسىتىدۇ. ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇرىدۇ.)

رابىيە: ئاھ ... ئەجەبمۇ يامان بولدى،
ئۇچۇرى يوق، تازىمۇ يوقالدى.
سىز ھەسەن ئۆيىگە بارغانىدىڭىز،

ئاھكىم بولدۇك ئەجەب، ئى ئاشىقى زارىم دەرىخ.
سەن بولۇپسەن ئى ئەزىز دىلدار مۇھەببەت قۇربانى،
مەن تىرىكلىكنى تىلەردىم سەن ئۈچۈن يارىم دەرىخ.
لازىم ئەمەس ئەمدى ماڭا بۇ تىرىكلىك، جان ۋە تەن،
كەتكەن بولسا بۇ جاھاندىن يارى ۋاپادارىم دەرىخ.
ئەلۋىدا ئەي ئاسمانۇ يەر، ئەلۋىدا ئەي سۇ ۋە مۇز،
ئەلۋىدا ئەي زۆھرە ئاچا، قارارىم دەرىخ،
ئەلۋىدا بىچارە سىڭلىم، سەن بىرلە مەڭگۈ ئەلۋىدا.

(رابىيە سىڭلىسىنى قۇچاقلايدۇ)

ئايرىلىپ قالدىڭ ئاچاڭدىن، ئاھ ئىبىستا، ئاھ دەرىخ،
ئەلۋىدە ئەي يارۇ دوست ھەسەن ئاخۇن ئەلۋىدا
قايدىسەن دوستۇم سەئىدىن ... ۋاپادارىم دەرىخ.

(ساز توختايدۇ. رابىيە ئۆستەڭ تەرەپكە ماڭىدۇ. زۆھرە بىلەن ھەسەن ئۇنى توسۇۋالماقچى بولىدۇ - يۇ، بىراق ئۇلگۇرەلمەي قالىدۇ. رابىيە بېشىدىكى ئوماقىنى تاشلىۋېتىپ، ئۆزىنى مۇزلۇق ئۆستەڭگە تاشلايدۇ - دە، كۆزدىن غايىب بولىدۇ. زۆھرە بىلەن ھەسەن «ۋاي...» دېيىشىپ ئويان - بۇيان يۈگۈرۈپ قالىدۇ... پەردە چۈشىدۇ.)

1943 - يىل

**ھەسەن:** بارغانىدىم شەھىرى قەشقەرگە،

**زۆھرە:** نىمە ئۈچۈن بارغانىدىڭىز ئۇ يەرگە؟

**ھەسەن:** ئاختۇرۇپ ئۇل بىچارە - مىسكىنىنى،
چىن مۇھەببەتچى زار سەئىدىنىنى.

**رابىيە:** نەدە قالدى يار - دىلدارىم،
ئىنتىزارلىقتا كۆيدى بۇ جانىم.

**ھەسەن:** (بۇزۇلداپ يىغلاپ تۇرۇپ)
ئۇ ئۆلۈك، ئۇ ئىشىق قۇربانى.
يوق ئۇنىڭ ھازىرتىنىدە جانى.

(رابىيەنىڭ رەڭگى ئۆچىدۇ، كۆزلىرى نۇرسىزلىنىدۇ. ھېس - ھەرىكەتسىز قېتىپ قالىدۇ. ھەسەن يىغا ئارىلاش تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇيدۇ. ساز «ئاھ دەيمەن، خۇدا دەيمەن» ئاھاڭىدا)

**ھەسەن:** بېرىپ مەن ھەزرەت ئاپپاققا ئۇنتۇماس غەملەرنى كۆردۈم،
ناماز بامدات ئوقۇپ چىققان ئىمام قۇۋملەرنى كۆردۈم.
ئۇلار بىر جايغا توپلانغانىكەن كۆزىدىن تۆكۈپ ياشلار،
بېرىپ مەنمۇ قاراپ ئۇ جايدا ياتقان مۇردىنى كۆردۈم،
يېقىن باردىم، جىزىلدىدى جېنىم تىترەپ يۈرەك - باغرىم،
ئۇزۇن يىل بىللە ئۆسكەن دوستىنىڭ جانسىزتېنىنى كۆردۈم.
يىقىلدىم، ئاھ ئۇردۇم، يىغلىدىم مەن ھەزرەت ئاپپاقتا،
غېرىب بىچارە سەئىدىنىنى - مۇھەببەت قۇربانىنى كۆردۈم.

(سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە رابىيە ئاھ ئۇرۇپ، ئۆزىنى يەرگە ئۇرۇشقا باشلايدۇ. زۆھرە بىلەن ھەسەن ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ. رابىيە ھەسرەتلىك ئاۋازدا تۆۋەندىكى بېيىتنى ئوقۇيدۇ. ساز بىردىچى «ئانارخان» ئاھاڭىدا)

**رابىيە:** ئاھ ئېستا، ئاھ ئېست، ئۆلمىش ۋاپادارىم دەرىخ.
ھەزرىتى ئاپپاقتا جان بەرمىش غېرىب يارىم دەرىخ،
جان بېرەر ۋاقتىڭدا كىم يۆلىگەندۇ باشىڭنى سېنىڭ،
كىم تېمىتقاندۇ سۇنى ئاغزىڭغا دىلدارىم دەرىخ.
كىم سېنىڭ يانىڭدا بولغاي چىققاندا پاك روھىڭ سېنىڭ.

ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ بۇ دەۋردىكى تەرەققىيات جەريا-
نىغا قارايدىغان بولساق، كۈندىن - كۈنگە ئالغا باسقانلىقىنى
ۋە بارغانسېرى ئىنسانىيەتنىڭ رېئال ھاياتى بىلەن باغلىنىپ
تۇرمۇش تەجرىبىلىرى بىلەن ئۆز مەزمۇنىنى بېيىتىپ كەلگەنلىكى-
نى كۆرىمىز. مەسىلەن: IV ئەسىردە يېزىلغان ۋە XX ئەسىرنىڭ
بېشىدا دۇڭخۇاڭدىكى مىڭ يوددا دىۋانلىرى ئىبادەتخانىسىدىن
تېپىلغان «خو ئانىسى توئانىپىت» ناملىق دوئا داستانى بىلەن VII
ئەسىرنىڭ باشلىرىدا يېزىلغان «چىستانى ئىلىكبېك» داستانى
بۇنىڭ جانلىق گۇۋاھلىرىدىن بولۇپ سانىلىدۇ.

«خو ئانىسى توئانىپىت» داستانىدا (كېيىن بۇنىڭ بىر نۇس-
خىسى تۇرپاندىمۇ تېپىلدى) ئىنسانلار قىلغان گۇناھلىرىنى «يو-
رۇقلۇق» ۋە «قاراڭغۇلۇق» تەڭرىلىرىدىن سوراپ ئېلىشلىرىنى، بۇ
تەڭرىلەرنىڭ ئۆزئارا كۆرەشلىرىنى ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ تۇرمۇشلى-
رىدىكى گۈزەل ھايات بايلىقلىرىنى تەسۋىرلەيدىغان سۆزلەر يېزىل-
غانىدى. 732 - يىلى ئۆلگەن خان كۆل تېكىننىڭ شەرىپىگە
يېزىلغان «چىستانى ئىلىكبېك» (بۇنى «كۆلتېكىن ھۆرمەت يادى-
كارى» دەپمۇ ئاتايدۇ) داستانىدا ئىجتىمائىي ھاياتقا دائىر نۇرغۇن
نەرسىلەر شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتلىرى بىلەن قوشۇپ ئەكس
ئەتتۈرۈلگەن. دۆلەتنى قانداق ئىدارە قىلىش، كىملەر بىلەن
ئىتتىپاق بولۇش، كىملەردىن ساقلىنىش، خەلقنى قانداق ئاسراش،
ئىلىم - پەلسەپە (ھېكمەت) كە قانداق ئەھمىيەت بېرىشتەك كۆپ
ئىشلار ئۆگىتىلگەن.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئىككىنچى بۇرۇلۇش ئىسلامى-
يەت ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان X ئەسىردىن XIV ئەسىرگىچە-
لىك بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ ئېيتىشقا مۇمكىن.
گەرچە ئۇيغۇرلار بۇ چاغلاردا بۇددىزم ۋە مانىزم ئىدىيىلىرىدىن
چېقىپ ئىسلام ئىدىيىسىگە كۆچكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ

# ئەدەبىي ماقالىلار

## ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىدىغانلىرىمىز

(ش ئۇ ئا ر يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتىيىدا سۆزلەنگەن)

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇش ۋە ئۇنى ئۆگىنىش بىز بۈگۈنگىچە ئىشلەپ كۆرمىگەن، پەقەت كوممۇنىستىك پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىكىدە يېقىندىن قول تىقىپ ئىشلەۋاتقان زور ئىلمىي ئىشلاردىن بىرىدۇر.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ شانلىق تارىخى، ئاغار پائالىيىتى بىلەن جاھان مەدەنىيىتىنىڭ چىمەنلىكلىرىنى گۈزەل گۈللەرگە تولغۇزۇپ ياشنىتىپ كەلگەنلىكى ئەدەبىياتشۇناسلارغا ناھايىتى روشەن ھەم شۈبھىسىز بىر ھەقىقەت.

لېكىن ھايات سەھنىسىدە بېشىمىزدىن كەچۈرگەن پاجىئەلىك ئېزىلىشلەر، قانلىق قىرغىنلار، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىدىيىۋى ھۇجۇملارنىڭ ئېچىنارلىق ئوقۇبەتلىرى بىزنى يىراق ئەسىرلەردىكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ تارىخىنى ئېنىقلىيالماسلىقتەك بىر كۆڭۈلسىزلىككە كەلتۈرۈپ قويدى. بىز بۈگۈن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ئۈستىدە مۇلاھىزە، يۈرگۈزگەندە ئەلۋەتتە نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىمىز ۋە نۇرغۇن ئەمگەك سىڭدۈرۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بىز ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىغا كۆز سالساق، تەرەققىياتىنىڭ ئۆز ئىچىدە بىر نەچچە بۆرۈلۈش ياساپ كەلگەنلىكىنى كۆرىمىز. بىرىنچى بۆرۈلۈش تەخمىنەن يېڭى ئېرادىن باشلىنىپ، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى رەسمىي دىن قىلىپ قوبۇل قىلغان X

ئەخمەت يۈكنەكى «ھەبەبە تۆل ھەقايىق» («ھەقىقەتلەر بوسۇغىسى»)
ناملىق ئۇن تۆت بابلىق ئومۇمىي نەسىھەت خاراكتېرىدىكى كلاس-
سىك ئەسەرىنى ئىجاد قىلدى.

XIV ئەسىرنىڭ ئاياغلىرىدا رابات غوزىلىق قازى ناسىرىدىن
«پەيغەمبەرلەر ھېكايىسى» ناملىق چوڭ تارىخىي ئەسەرنى يېزىپ
چىقتى. يۇقىرىدىكى بۇ ئىجادىي ئەسەرلەر ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام
دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى ئەدەبىي كلاسسىك ئىجادىيەت-
لىرى جۈملىسىدىندۇر. بۇ ئەسەرلەر بىزگە شۇ نەرسىنى ئېرچۇق
كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، گەرچە بۇ دەۋردە ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى
قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىدە مىللىي تىل
ئەنئەنىسىنى ساقلاپ قالدى. بۇ ئەسەرلەر ئىدىيەۋى ياقتىن ئىس-
لام ئىدىيىسى ئاساسىدا تۈزۈلگەن بولسىمۇ، يېزىش ئۇسلۇبلىرىدا
باشقا تەسىرلەرگە بېرىلمىدى. مانا بۇ ئىككىنچى بۇرۇلۇش ۋاقتىنى
ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە قاراپ بۇرۇلۇش
ياسىغان ۋاقتى دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى ئۈچىنچى بۇرۇلۇش XIV
ئەسىرنىڭ يۇقىرىقى يېرىمىدىن باشلىنىپ ناۋائىينىڭ ئىجادىي پائا-
لىيىتى ئوتتۇرىغا چىققۇچە بولغان چارەك كەم بىر ئەسىرلىك ۋا-
قىتتىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ دەۋرنى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا
چەت تىلىنى ياخشى كۆرۈشنىڭ دائىرىسى كېڭەيگەن زامانلار
دېيىش مۇمكىن. بۇ دەۋردە كىشىلەر ئارىسىدا ئۆز ئانا تىلىنى
كەمسىتىش، چەت تىللارنى ئارتۇق كۆرۈشتەك خاتا ھېسسىيات قا-
نات يايدى. ئانا تىلىمىز ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ ھۆجۇمىغا
ئۇچرىدى. نۇرغۇن يازغۇچى، ئالىملار ئۆز ئىجادىيەتلىرىنى ئەرەب،
پارس تىلىدا يېزىشنى ياخشى كۆردى. ئىسلامىيەتنىڭ بىرىنچى-
دىن، ئۆزىدىن ئىلگىرىكى بارلىق نەرسىلەرگە سەلبىي نەزەر بى-
لەن قارىشى؛ ئىككىنچىدىن، قۇرئاننىڭ ئەرەب تىلىدا بولۇشى،
ئۇنىڭ تەپسىرلىرىنىڭ ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىلىپ خەلق ئا-

ئىلگىرىكى ئەدەبىي تىللىرىنى ساقلاپ قېلىپ، ئەدەبىياتلىرىنى ساپ ئانا تىلى بىلەن گۈللەندۈردى ۋە چەت تىللارنىڭ سۇقۇلۇپ كىرىشىگە يول قويمىدى. ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بۇ ۋاقىتلاردا شۇ توغرا يولدا مېڭىپ ئەدەبىياتىمىزنىڭ چىرايلىق ئۈلگىلەرى بولغان تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىممەتلىك كلاسسىك چوڭ ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلدى. مەسىلەن: 1069 - يىلى يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىلمىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئۆگىنىش ئاساسىدا يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك» دېگەن زور كلاسسىك ئەسىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 72 باب 13290 مىسرادىن ئىبارەت ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت، ئەدەبىي ئىجادىيەتلىرىنىڭ جانلىق پاكىتى بولغان بۇ ئەسەر ئەدەبىياتىمىز چىمەنلىكىدە مەڭگۈ خۇش پۇراق چاچقۇسى.

قۇتادغۇبىلىك بىلەن بىر ۋاقىتتا قەشقەرلىك مەھمۇد ھۈسەيىن ئوغلى دېگەن ئالىم ئۈچ توملۇق ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە «تۈركى تىللار دىۋانى» ناملىق تىل ئىلمىگە دائىر بولغان قىممەتلىك ئەسىرىنى ئىجاد قىلىپ چىقتى. بۇ كىتاب تۈرك تىلىنىڭ گرامماتىكا ۋە فونېتىكىلىرىغا دائىر بولۇش بىلەن ئۆتمۈش ئەدەبىيات ۋە مەسەللىرىدىن نۇرغۇنىنى بىزلەرگە يەتكۈزدى ھەم تۈركى تىلى ئەرەب تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان بولۇشى سەۋەبلىك، ئۆتمۈشتىكى تىللارنى ئۆگىنىشتە بىلىم دۇنياسىغا قىممەتلىك تۆھپىلەر قوشتى ۋە قوشماقتا. بىز ئەدەبىياتىمىز تارىخىغا كۆز سالغاندا، ئۇنىڭدا XI ئەسىرنىڭ ئاياغلىرىدىن XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچىلىك بولغان نامەلۇم دەۋرلەرنى كۆرىمىز. بۇ دەۋردە ئىجاد قىلىنغان ئەدەبىي ئىجادىيەتلەرنى بىر تېخىچە تاپالىغىنىمىز يوق. ئىلمىي تەتقىقاتلار بەلكى كەلگۈسى بۇ دەۋرنىمۇ بىزگە يورۇتۇپ ئۇنىڭدىكى ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىمۇ بىزگە يەتكۈزۈپ بېرەر دەپ ئىشىنىمىز. ئەدەبىيات تارىخىمىزنىڭ بۇ ئىككى يېرىم ئەسىرلىك ۋاقىتدىن كېيىن بولغان دەۋرلەر بىزگە يەنە بىرقانچە ئەدەبىي ئىجادىيەتلەرنى بېرەلىدى. مەسىلەن، XIV ئەسىرنىڭ باشلىرىدا

كۆرۈشتەك ناتوغرا قارىشىنى يوقاتتى ۋە يېڭى بىردەۋرنى تۇرغۇزدى. ناۋايى، مەھمۇد قەشقەرىنىڭ: «تۈرك تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىدىنىڭ ئۇزۇپ چىققان ئىككى ئېتىدەك تەڭكەش يۈگۈرىدۇ»، دېگەن سۆزىنى ئىسپاتلاپ ۋە ئانا تىلىنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئىنكار قىلغۇچىلارنى ھۆججەتلەر بىلەن رەت قىلىپ «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» (ئىككى تىلنى مۇھاكىمە قىلىش) كىتابىنى يازدى ھەم ئۆز ئىجادىيىتىنى مۇشۇ مەقسەتكە قارىتىپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز ئۈچۈن تۈگىمەس مىللىي مىراس ۋە ئەدەبىي بايلىقلار قالدۇردى.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ناۋايىنىڭ ئاچقان مۇشۇ ھەقىقىي يولى بارغانسېرى كېڭىيىپ تۈرك تىلىدا سۆزلەشكۈچى مىللەتلەرنىڭ ئۈستۈن ھۆرمەت ۋە سۆيۈشلىرىگە ئىگە بولدى. ناۋايىدىن كېيىن ئىجادىيەت سەھنىسىگە چىققان يازغۇچى، تەرجىمان، تارىخچى ئالىملارنىڭ بارلىقى ئانا تىلى بىلەن ئىجاد قىلىش يولىغا قاراپ ماڭدى.

بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ XVI — XVIII ئەسىرلەردىكى ئېقىمى، تۈرلۈك ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ يارىتىلىشى ۋە تەرجىمە قىلىنىشىغا ئوخشىغان ئومۇمىي تەرەققىيات جەريانىغا قاراپ ئۇنىڭدىن شۇنداق بىر خۇلاسە چىقىرالايمىزكى، بۇ دەۋر ئانا تىلىمىزنى باشقا تىللاردىن تازىلاش ئۈچۈن قەتئىي كۈرەش ئېلىپ بېرىلغان بىر دەۋردۇر. چۈنكى، بۇ ۋاقىتلاردا ئىجادىيەت مەيدانىدا ئات چاپقان ئەدىب، تەرجىمان، مۇئەللىپلەرنىڭ بارلىقىنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىگە بەرگەن كىرىش سۆزلىرىدىن خەلقنىڭ پايدىلىنىشىنى كۆزدە تۇتۇپ ئانا تىلى بىلەن يازغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر بىلەن باشلىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز دائىرىسىدە ئانا تىلى بىلەن يېزىش يولى كۈندىن - كۈنگە كۈچلۈك ۋە كەڭ بىر تۈس ئالدى. سۆز ئۇسلۇبى بارغانسېرى چەت تىلى تەسىرىدىن تازىلاندى. بىز كلاس-

رىسىغا تارقىلىشى ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مانا شۇنداق سەلبىي بىر بۇرۇلۇشنىڭ تۇغۇلۇشىغا سەۋەب بولدى. ھەتتا بۇ ۋاقىتتا ئەھۋال شۇنداق بولدىكى، ئانا تىلىمىزدىن ئەرەب، پارس تىلىنى ئارتۇق كۆرگۈچىلەر ئانا تىلىمىزنىڭ ئۇلۇغلۇق، گۈزەللىك خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشەنگەن ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتە ئىسپاتلىغان كىشىلەرگە ئۇچۇقتىن - ئۇچۇق ھۇجۇم ياساشتى. مۇشۇنداقلار ئىچىدە ناۋايىنىڭ شېئىرلىرىنى دەسسەپ، ھىرات شەھىرىدە ئېشەكنى مىنىپ يۈرۈپ «ئەلىشىرنىڭ توقۇمى» دەپ مەسخىرە قىلغانلار بولدى. لېكىن بۇ سەلبىي ھالەت ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ئۇزۇن داۋام قىلالمىدى. زور ئەدىبلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ چىداملىق روھلىرى بىلەن كۈرەش مەيدانىغا چۈشۈپ ئانا تىلدا بەدىئىي خۇسۇسىيەتلىرىگە ئىگە شېئىرىيەت ماھىرلىقلىرىدىن تولغۇزۇلغان زور ئىجادىي ئەسەرلىرى بىلەن ئەدەبىياتىمىزنى تىكلىدى.

ئۇيغۇر بولۇغالىرىدىن (يېتىشكەن شائىرلاردىن) بولغان نەسىمى، سەككاكى ۋە لۇتپىغا ئوخشاش زور ئالىملىرىمىز بۇ سەلبىي جەريانغا قارشى چىقىپ، ئۆز ئىجادىيىتىنى ئانا تىلى بىلەن باشلاپ، بۇ ئېقىمنى تۈز يولغا سېلىش ئۈچۈن كۈرەش ئېلىپ باردى. دەل مانا بۇ ۋاقىتتا كلاسسىك ئەدىب ناۋايى ئانا تىلىمىزنىڭ ئەنئەنىلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئەدەبىيات مەيدانىغا چىقتى ۋە بۇ سەلبىي جەريانغا خاتىمە بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ قىسقا بىر ۋاقىتنى ئەدەبىياتىمىزغا ۋارىسلىق ئىستىلا قىلغان ۋاقىتلار دەپ ئاتاپ، كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى تۆتىنچى بۇرۇلۇشى XV ئەسىرنىڭ ئايىغىدىن — ناۋايىنىڭ ئانا تىلىدىكى ئىجادىي پائالىيىتى باشلانغاندىن كېيىن كۈچكە ئىگە بولدى، دەپ تونۇشىمىزغا تولۇق ئاساس بار. چۈنكى ناۋايىنىڭ ئانا تىلدا ئىجاد قىلغان زور كلاسسىك ئەسەرلىرى ئانا تىلدا ئەدەبىيات ئىجاد قىلىشقا قارشى بولغان بارلىق خاتا پىكىرلەرنى ئاساسىي جەھەتتىن تۈگەتتى، ئەدەبىياتىمىزدىكى چەت تىلىنى ئۈستۈن

ئەدەبىياتنى ئوبدان دەپ، يېڭى ئەدەبىياتنى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي يوللىرىنى قوللانغۇسى كەلمەيدۇ. مانا بۇ ئىككى تۈرلۈك نەزەرىيىنىڭ ھەر ئىككىسىلا سوتسىيالىستىك ئەدەبىيات مەيدانىمىزدىن سۈرۈپ چىقىرىلىشى لازىم بولغان ناتوغرا كۆز قاراشلاردۇر.

بىز ئەدەبىي مىراسىمىز بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنى ئەلۋەتتە ئۆگىنىمىز، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىمىز، بۇ بىر ھەقىقەت. بىزنىڭ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا مۇۋاپىق يولىمىز بار. بىز كلاسسىك ئەدەبىياتقا تەلتۆكۈس ئىجابىي ياكى سەلبىي قاراشتا بولۇشتىن ساقلىنىمىز ۋە ئۇنىڭدىن تەنقىدىي ئاساستا پايدىلىنىمىز. بىزنىڭ ئۆگىنىش يولىمىز مانا شۇنداق.

لېنىن ياشلار سويۇزىنىڭ 3 - قۇرۇلتىيىدا سۆزلىگەن نۇتقىدا مۇنداق دېگەنىدى: «...پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىدا ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەن مەدەنىيەتنى ئېنىق بىلىش، ئۇنى قايتىدىن ئىشلەش ئارقىلىقلا پرولېتارلار مەدەنىيىتىنى قۇرۇش مۇمكىن، لېكىن ئۇچۇق، روشەن ئاڭلىماستىن تۇرۇپ بۇ ۋەزىپىنى ھەل قىلالمايمىز. پرولېتار مەدەنىيىتى، ئىنسانىيەتنىڭ كاپىتالىستىك جەمئىيىتى، پومېشچىكلار جەمئىيىتى، ئەمەلدارلار جەمئىيىتى زۇلمى ئاستىدا ياراتقان بىلىم زاپاسلىرىنىڭ قانۇنىي تەرەققىياتىدىن ئىبارەت بولمىقى لازىم...» («لېنىن ئەسەرلىرى» 13 - توم، ئۆزبېكچە نەشرى، 293 - 294 - بەتلەر.) ماۋزېدۇڭ: «... ئۇلار قەدىمكىلەر ۋە چەت ئەللىكلەر شۇ زامان، شۇ ماكاندا خەلق تۇرمۇشىدىن ئالغان ئەدەبىيات - سەنئەت خام ئەشيالىرىغا ئاساسلىنىپ ياراتقان نەرسىلەر. بىز بارلىق ئېسىل ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى پايدىلىق نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەنقىدىي قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆز زامان، ئۆز ماكانىمىزدىكى خەلق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ئەدەبىيات - سەنئەت خام ئەشيالىرىدىن ئەسەرلەر يارىتىشتا ئەينەك قىلىشىمىز كېرەك.» دېگەنىدى. («يەنئەن ئەدەبىيات ۋە سەنئەت سۆھبەت

سىنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا كۆز سالساق، ناۋايىدىن تا ئابدۇرېھىم
نىزارىگىچە بولغان ۋاقىت ئىچىدە يېزىش ئۇسلۇبىدا ئىجابىي
بولغان كۆپ ئۆزگىرىش كۆرۈلگەنلىكىنى، نىزارىنىڭ مۇھەببەت
داستانلىرىنى باشلاشتىن ئىلگىرى قىلغان تۆۋەندىكى سۆزىدىن
ئوبدان بىلىمىز:

قىلىپ سۆزنى لايىق خېرىدارغا،
جاۋاھىر چېچىپ ئەھلى بازارغا.
سۈرۈپ سۆزنى ئاسان ھەممە بىلگۈدەك،
كى مەزمۇنىنى ئەيلىدىم كۈلگۈدەك.

XVII — XVIII ئەسىرنىڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرى ۋە
ئالىملىرىدىن بولغان زەلىلى، نىزارى، خىرقىتى شۇنىڭدەك سوبورى،
غېرىبى ۋە باشقىلەرگە ئوخشىغان شائىرلار، موللا سادىق قەشقەرى،
ئاخۇن موللا شاھ ھىجران، موللا سىددىق روشىدىلەردەك تەرجىمە
بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىجادىي ئەمگەكلى-
رىنىڭ مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئىشقا بېغىشلانغانلىقىنى شەرەپ بىلەن
يازغاندۇر. دېمەك XV ئەسىردىن باشلاپ بىزنىڭ كلاسسىك ئەدە-
بىياتىمىز ساپ ئانا تىل بىلەن يېزىش يولىدىكى يېڭىلمەس
مەقسەت يولىدا بۇرۇلۇش قىلىپ، ئۆسۈپ كۈچىيىپ، تا ھازىرغىچە
يېتىپ كەلدى. شۈبھىسىزكى بۇ بۇرۇلۇش يەنىمۇ كۈچىيىپ ئالغا
باسىدۇ. ئەمدى بىزنىڭ ئالدىمىزدا يەنە بىر مەسىلە بار، ئۇ
بولسىمۇ «كلاسسىك ئەدەبىياتتىن نېمىنى ئۆگىنىمىز» دېگەن بىر
مۇھىم مەسىلىدۇر. ئەدەبىياتىمىزنى تەرەققىي ئەتتۈرۈش ئۈچۈن
قىزغىن كۈرەش كېتىپ بارغان بۇ ۋاقىتتا، بۇ سوئال بىزنى ئۆزى-
گە تارتماي تۇرالمايدۇ. چۈنكى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھازىرغىچە
بەزىلەر «كونا ئەدەبىيات بىزگە كېرەك ئەمەس، ئۇ بىزنى كونىلىققا
تارتىدۇ» دېگەن سەلبىي كۆز قاراشتا بولماقتا. بەزىلەر كونا

لىرىدىن ئوخشىتىش، كىنايە، مۇبالىغە سەنئەتلىرى بىرلەشتۈرۈل-
گەن. مەسىلەن، قىلر ئاق، خۇش پۇراق كامپۇرمىغا ئوخشىتىلغان.
دۇنيا ياساندىلى جانلىق كىشى ئەمەس ئىدى، لېكىن «دۇنيا
ياسانماق تىلەيدۇ» دەپ دۇنيانى جانلىق كىشى سۈپىتىدە پەرەز
قىلىپ، ئۇنىڭ باھارى گۈزەللىكلىرىنى ياسىلىش نەرسىلىرىدىن
كىنايە قىلغان. چېچەكلەر ھەر ھالدا ئۇن مىڭ رەڭدە بولمايدۇ،
لېكىن شائىر مۇبالىغە سەنئىتىنى قوللىنىپ، چېچەكلەرنىڭ تولىلى-
قىنى «تۈمەن رەڭدە چېچەكلەر ئېچىلدى» دەپ ئېيتقان.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مۇنداق
يازىدۇ.

ئۆرىك بېشى قەزلىيۇ،
سەغدەق تۇلۇ كۆزلىيۇ،
سىقىنچ قوزى كىزلىيۇ،
تۈن كۈن بىلەن سەۋ نەلىم.

(سىلەر بېشى قاتار ماڭغان غازدەك تىزىلغان، رومكىلار كۆز-
دەك تولغان، تامچا سىغمايدۇ، سىقىلىش، قايغۇنى كۆمۈپ تاشلاپ،
كېچە - كۈندۈزلەپ سۆيۈنەيلى).

كۆكلەر قەموغ تۈزەلدى،
ئۆرىك ئىدىش تىزىلدى،
سەنىسىز ئۈزۈم ئۈزۈلدى،
كەلگەن ئۈمەل ئۈينىلىم.

(سازلارنىڭ ھەممە تارلىرى باراۋەر تۈزەلدى. شىشە ۋە روم-
كىلار تىزىلدى. ئى دوستۇم سەنىسىز ئىشقىم قوزغالدى. كەلگىن
چىرايلىق ئوينايلى).

يىغىندا سۆزلەنگەن نۇتۇق»، «ماۋزېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 3 - توم، ئۇيغۇرچە نەشرى، 127 - بەت.) ئەلۋەتتە بىز كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ جەمئىيىتىمىزگە يات بولغان تەرەپلىرىنى رەت قىلىمىز ۋە ئۇنىڭ ئىجابىي يېقىنى تەنقىدىي ئاساستا قوبۇل قىلىۋېلىپ، قايتىدىن ئىشلەپ چىقىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيىتىمىزگە قوشۇش يولى بىلەن پايدىلىنىمىز.

كلاسسىك ئەدەبىياتنى ئۆگەنگەندە بىزنىڭ تۇتقۇ قىلىپ ئۆگىنىدىغان نۇقتىلىرىمىز بولۇشى كېرەك. مەسىلەن، بىز كلاسسىك ئەدەبىياتتىن ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھىرلىقىنى، سۆزدە بەدىئىيلىك تۇغدۇرۇشنىڭ گۈزەل يوللىرىنى، كلاسسىك يازغۇچىلارنىڭ ئىنسانىيەت ۋە مائارىپپەرۋەرلىكىنى ئۆگىنىمىز ھەم كلاسسىك ئەدەبىيات ئارقىلىق يىراق ئۆتمۈشتىكى تارىخنىڭ قانداقلىقىدىن خەۋەر تاپىمىز. شۇنداق قىلىپ كلاسسىك ئەدەبىيات بىزدە مەلۇم تەربىيىۋى ۋە بەدىئىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىجابىي رولنى ئوينايدۇ. بىز بۇ جايدا ئۈلگە بولسۇن ئۈچۈن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن تۆۋەندىكى پارچىلارنى بېرىمىز:

شېئىرىيەت ماھىرلىقى، سۆز ۋە بەدىئىيلىك ساھەسىدە:

تېقىر يەر يورار بولدى كاپور كېتىپ،
بېزەلمەكتىلەر دۇنيا كۆركىن ئېتىپ،
تۈمەن - تۈ چېچەكلەر يېزىلدى گۈلى،
ئىپار تولدى كاپور ئايۇن يىقىلى.

(يۈسۈپ خاس ھاجىپ: قۇتادغۇبىلىك)

(تېقىر يەر قار كېتىپ يورۇيدىغان بولدى، دۇنيا كۆركەم ياسالماقتا، تۈمەن رەڭ چېچەكلەرنىڭ گۈلى ئېچىلدى، قار ئايلىرىنى تۈگەتكىلى ئىپار كەلدى).

بۇ شېئىردا سۆزدە شېئىرىيەت تۇغدۇرۇشنىڭ بەدىئىي سەنئەت-

بۇنىڭدا زەلىلى ئوخشىتىش، كىنايە، مۇبالىغىنى كەلتۈرۈپ يەكەندىكى دوستىنى ئايغا ئوخشاتقان، ئالەمنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى ئاھىنىڭ تۈتۈنى دەپ مۇبالىغە يۈرگۈزگەن، بېشىمغا سايە سالغان بۇلۇت ئەمەس قارا بەختىم دەپ كىنايە سەنئىتىنى ئىشلەتكەن.

خىرقىتى «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكامە» دە:

بىناگاھ گۈلشەن ئىچرە گۈل ئېچىلدى،
يېشىل بەرگە ئۆززە گويا قان چېچىلدى،
بىلىپ بولماس پەلەك جىسمى سۆكۈلدى،

پەلەكتىن يەر ئۈززە يۇلتۇز تۆكۈلدى.
تەئەججۈپ، ئۇشبۇ سۆزكى بولسا كۈندۈز،
جاھاندا — يەر يۈزىدە تۇغسا يۇلتۇز.

دەپ يازىدۇ. بۇ شېئىردىمۇ خىرقىتى تولىمۇ بەدىئىي ماھارەت كۆرسەتكەن. ئۇ ئېچىلغان گۈلنى يېشىل يوپۇرماققا، چېچىلغان قانغا ئوخشاتقان، گۈلنىڭ ئېچىلىشىنى كۆكتىن يۇلتۇز تۆكۈلدى، دەپ مۇبالىغە سەنئىتىنى ئىشلەتكەن، كېيىنكى مىسرالاردىمۇ شېئىرىيەتتە بەدىئىيلىك تۇغدۇرۇشنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بولغان مۇشۇنداق گۈزەل سەنئەتلەر، چىرايلىق تەسۋىرلەرنىڭ ئىپادىلەنگەنلىكىنى كۆرىمىز.

ئابدۇرېھىم نىزارى «رابىيە - سەئدىن» داستانىدا مۇنداق يازىدۇ:

ئۇشۇل دىلدا بەكىم ئېتى رابىيە،
كى سەئدىننىڭ كۆڭلى ئىدى تابىئە،
ئىبى ئەئلى، شىرىنلىكى مول ئىدى،
ساباھەتتە چىرايلىق، گويا يۈزى گۈل ئىدى.

قاتار كىرپىكى ئوق، قېشى ئەردىيا،

مەھمۇد قەشقەرىدىن كەلتۈرۈلگەن بۇ شېئىردىمۇ تىزىلغان شىشىلەر قاتارلىشىپ كېتىپ بارغان غازلار بويىنىغا، تولدۇرۇلغان شاراپ پىيالىلىرى كۆزگە ئوخشىتىلىپ، بەدىئىي سەنئەت ئۇسلۇبىدىن ئوخشىتىش ۋە ئىستىئارە (تىلنى ئۈزۈلمەس) ھۈنەرلىرى بېرىلگەن. شۇنىڭدەك ئاخىرقى مىسرالارمۇ كۈچلۈك لېرىكا خاراكتېرىگە ئىگە. شائىر ئۆز تەسىراتىنى مۇزىكىنىڭ بارلىق تارلىرى تۈزۈلۈپ، تەڭكەشلىنىپ تەييار بولدى، ئىشرەتنىڭ ئەسۋابلىرى بولغان شارابلىق شىشىلەر، تاماقلىق قاچىلار تىزىلدى، لېكىن ئۇ دوستۇم يوق، بىر كەلسەڭ ئىدىڭ دەپ ئىپادە قىلىدۇ. قازى ناسىرىدىن پەيغەمبەرلەر ھېكايىسىدە:

باغ قوپاردىم تالا ياغاچلىق، ياش يوپۇرماق، ئال چېچەك،
يىمىشى ھېكمەت پازايىل، ئايات ئەخبار يۇلتۇزى.
قان قۇرۇتتۇم، جان تۆرەتتىم، كان چىقاردىم تاش قېزىپ،
ساپ قىزىل ئالتۇن ساچىغلاپ بېزىدىم بۇ يەر يۈزى.

دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىمۇ شائىر شېئىرىيەتنىڭ بەدىئىلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن كىنايە، ئىستىئارە، ئوخشىتىش سەنئەتلىرى ئارقىلىق ئۆز مەقسىتىنى ئىپادە قىلغان دېسەك، باغ، تال، ياش يوپۇرماق، ئال چېچەكلەر ئەسەر ئىچىدىكى ئىبارەتلەردىن، يىمىشلەر ئۇنىڭ ئىچىدىكى مەزمۇنلاردىن كىنايىدۇر.

زەلىلى ئۆز دىۋانىدا مۇنداق يازىدۇ:
مېنى ئاۋارە قىلغان ياركەنت شەھرىدە ماھىمدۇر①،
قارا تۈتەك ئەيلىگەن ئالەمنى گويا دۇدى ②ئاھىمدۇر.
بۇلۇت ئەرمەس پەلەكنىڭ ئەۋجى ئۆزرە جىلۋىگەر بولغان،
بېشىمغا سايە سالغان ھەردەمى بەختى سىياھىمدۇر③.

---

① ماھ - ئاي
② دۇد - تۈتۈن
③ سىياھ - قارا

زەللى سۆزنىڭ بەدىئىيتى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

باھار ئۇلغاي زەللى باراھا توغرايى دىۋانىڭ
گۇلىستانى سۇخەندۇرسەر - سەرى يەلدىن خازان بولماس.

پۇلپەرەسلىك قىلغانلارغا ئاچچىق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

پىغان كىم ئەھلى دۇنيا جانىغا مەن بارىما كۆيدۇم.
مەگەر ئالتۇن - كۇمۇشنى جەمئىي ئەيلەپ خىشتى گۆرئەيلەر.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك بولار، چۈنكى كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىز مەسىلىسى بىرنەچچە مۇزاكىرە ۋە سۆز بىلەن ھەل قىلىنىپ تۈگەيدىغان مەسىلە ئەمەس. ئۇ ئۇزۇن تەھلىل ۋە كەڭ مۇلاھىزىلەر تەلەپ قىلىدىغان ۋە ئىرەن تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان ئىلمىي مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

بىز تېخى ئۆزىمىزنىڭ بارلىق كىلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنى تېپىۋالالمىدۇق. قولىمىزدىكىلەر بولسا تېخى ناھايىتى ئاز.

بىز ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قىلىۋاتقان كەڭ رەھبەرلىكىگە، خەلقىمىزنىڭ بۇ توغرىدا كۆرسىتىدىغان ئىرىشچانلىق ۋە ئىنتىپاقلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي مىراسىمىز بولغان ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى ئەلۋەتتە رەتكە سېلىپ چىقىمىز ۋە تىكلەيمىز.

سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش، بىزنىڭ كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزمۇ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئەدەبىي مىراس قاتارىدا بىر ھەسسە بولۇپ قوشۇلىدۇ. بىز بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىز.

1957 - يىل، ماي

كۆزى جادۇ، ساچى بىغايەت قارا.

سوبورى مۇنداق يازىدۇ:

نە بولغان ئى سەيلىگەر سائىتى تەركى جاپا تۇتساڭ،
ئىسسىت كىم كاشى يۈز تۆۋمەت ئېتىپ بىر مۇددائا تۇتساڭ،

ئەسرۇخانۇ، ۋەيرانۇ، غېرىبۇ خاكى سار ئۇلغۇڭ،
نىگاھى خەنجەرۇ، كىرپىكلىرى ئوق، قاشىيا تۇتساڭ.

كلاسسىك شائىرلار شېئىرىدىكى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى گايى ۋاقىتتا خىيال چىمەنلىكلىرىدە سەيلە قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا ھېسسىياتنىڭ گۈزەل گۈللىرىدىن گۈل دەستىلەر تۇتقۇزۇپ قويىدۇ؛ بەزىدە قايغۇ دېڭىزلىرىنىڭ قايناملىرىغا چۆكتۈرۈپ تاشلايدۇ؛ قايسىبىر ۋاقىتتا تۇيغۇ تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىغا چىقىرىپ ئىلھامنىڭ نەپىس مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلدۇرىدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

بىز بۇ جايدا كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ بەزىبىر ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارەتلىرىدىن نەمۇنە سۈپىتىدە بىرنەچچە ئۆزۈك شېئىر كەلتۈردۇق.

ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت ۋە مائارىپپەرۋەرلىكى، جەمئىيەتكە بولغان كۆز قاراشلىرى توغرىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نۇرغۇن پارچىلار كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، نىزارى مائارىپ ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

قىلىپ خىزىردەك ئەقلىنى رەھبەر،
كۆڭۈل سىرىدىن ئاندا ئالغىن خەۋەر.
ۋۇجۇدۇڭدا بولسا بۇ ئىشلار ئايان،
كى سوقراق بولماقتا يوقتۇر گۇمان.

زەللى سۆزىنىڭ بەدىئىيىتى ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

باھار ئۆلغاي زەللى باراھا توغرايى دىۋانىڭ
گۈلىستانى سۇخەندۇرسەر - سەرى يەلدىن خازان بولماس.

پۇلپەرەسلىك قىلغانلارغا ئاچچىق قىلىپ مۇنداق يازىدۇ:

پىغان كىم ئەھلى دۇنيا جانىغا مەن باراما كۆيدۈم.
مەگەر ئالتۇن - كۈمۈشنى جەمئىي ئەيلەپ خىشتى گۆرئەيلەر.

يۇقىرىقىلارنىڭ ئۆزىمۇ يېتەرلىك بولار، چۈنكى كلاسسىك ئەدەبىياتىمىز مەسىلىسى بىرنەچچە مۇزاكىرە ۋە سۆز بىلەن ھەل قىلىنىپ تۈگەيدىغان مەسىلە ئەمەس. ئۇ ئۇزۇن تەھلىل ۋە كەڭ مۇلاھىزىلەر تەلەپ قىلىدىغان ۋە تىرەن تەتقىقات يۈرگۈزۈشكە ئېھتىياجلىق بولغان ئىلمىي مەسىلىلەردىن بىرىدۇر.

بىز تېخى ئۆزىمىزنىڭ بارلىق كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادىي ئەسەرلىرىنى تېپىۋالمىدۇق. قولىمىزدىكىلەر بولسا تېخى ناھايىتى ئاز.

بىز ئۇلۇغ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىغا قىلىۋاتقان كەڭ رەھبەرلىكىگە، خەلقىمىزنىڭ بۇ توغرىدا كۆرسىتىدىغان تىرىشچانلىق ۋە ئىستىپاقلىقىغا تايىنىپ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنىڭ ئەدەبىي مىراسىمىز بولغان ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى ئەلۋەتتە رەتكە سېلىپ چىقىمىز ۋە تىكلەيمىز.

سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىغا ئوخشاش، بىزنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزمۇ خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىگە ئەدەبىي مىراس قاتارىدا بىر ھەسسە بولۇپ قوشۇلىدۇ. بىز بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىز.

1957 - يىل، ماي

كۆزى جادۇ، ساچى بىغايەت قارا.

سوبورى مۇنداق يازىدۇ:

نە بولغان ئى سەيلىگەر سائىتى تەركى جاپا تۇتساڭ،
ئىسسىت كىم كاشى يۈز تۆۋمەت ئىتىپ بىر مۇددائا تۇتساڭ،

ئەسرۇخانۇ، ۋەيرانۇ، غىرىبۇ خاكى سار ئۇلغۇڭ،
نىگاھى خەنجەرۇ، كىرپىكلىرى ئوق، قاشىيا تۇتساڭ.

كلاسسىك شائىرلار شېئىرىدىكى مۇشۇ خۇسۇسىيەتلەر بىلەن ئىجادىي ئەسەرلىرىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنى گاھى ۋاقىتتا خىيال چىمەنلىكلىرىدە سەيلە قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا ھېسسىياتنىڭ گۈزەل گۈللىرىدىن گۈل دەستىلەر تۇتقۇزۇپ قويىدۇ؛ بەزىدە قايغۇ دېڭىزلىرىنىڭ قايناملىرىغا چۆكتۈرۈپ تاشلايدۇ؛ قايسىبىر ۋاقىتتا تۇيغۇ تاغلىرىنىڭ چوققىلىرىغا چىقىرىپ ئىلھامنىڭ نەپىس مەنزىرىلىرىنى تاماشا قىلدۇرىدۇ.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى كلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ ئەدەبىي خۇسۇسىيەتلىرىدۇر.

بىز بۇ جايدا كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ بەزىبىر ئەسەرلىرىدىن ئۇلارنىڭ شېئىرىيەتتىكى ماھارەتلىرىدىن نەمۇنە سۈپىتىدە بىرنەچچە ئۈزۈك شېئىر كەلتۈردۇق.

ئۇلارنىڭ ئىنسانىيەت ۋە مائارىپپەرۋەرلىكى، جەمئىيەتكە بولغان كۆز قاراشلىرى توغرىسىدىمۇ ئۇلارنىڭ ئىجادىيەتلىرىدىن نۇرغۇن پارچىلار كەلتۈرۈشكە بولىدۇ.

مەسىلەن، نىزارى مائارىپ ھەققىدە مۇنداق يازىدۇ:

قىلىپ خىزىردەك ئەقلىنى رەھبەر،
كۆڭۈل سىرىدىن ئاندا ئالغىن خەۋەر.
ۋۇجۇدۇڭدا بولسا بۇ ئىشلار ئايان،
كى سوقراق بولماقتا يوقتۇر گۇمان.

ئۆلگەنلىكى ئۈچۈن شۇنداق بولدى.

يۇقىرىدىكى شېئىرلاردا تىلغا ئېلىنغان ئالىپ ئەرتۇڭا يەنى ئافراسىياپ تۇراننىڭ خاقانى بولۇپ، ئىران شاھلىرىنىڭ كىيانى سۇلالىسىدىكى كەيكاۋۇس كەيخىسراۋ بىلەن زاماندىش بولغان. ئۇ ئۆز مەملىكىتى تۇراننى قوغداش ئۈچۈن دەريايى ئەمود بويىدا بولغان سوقۇشلارنىڭ بىرىدە ئۆلگەن. ئېيتىلىشىچە، كەيكاۋۇسنىڭ ئەرەبچە ئىسمى نەمرۇد بولۇپ، ئىبراھىم پەيغەمبەر قەۋمى ئىدى. ئىبراھىم پەيغەمبەر، ئەيسا پەيغەمبەردىن 582 يىل ئىلگىرى ئۆتكەن دېيىلىدۇ. مۇشۇ رىۋايەتتىن كۆرەلەيمىزكى، ئالىپ ئەرتۇڭا (ئافراسىياپ) ھەققىدىكى مەرسىيىنىڭ يېزىلغانلىقىغا 2600 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولىدۇ.

ئەگەر بىز ئەدەبىياتىمىزنى قولىمىزدىكى بار بىلىملەرگە تايىنىپ شۇ يەردىن باشلىساق، ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. چۈنكى ھەر بىر تاكامۇللاشقان (يېتىلگەن) نەرسىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ باشلىنىشى بولىدۇ. ئەدەبىيات تارىخىمىزدا مۇشۇنداق بەدىئىي كۈچكە ئىگە، رىتىملىق مەرسىيە ۋە قەسىدىلەر بار. مەسىلەن:

ئۆردىق باشى قازلايۇ،
ساغراق تولۇ كۆزلەيۇ،
ساقىنج قوزى كىزلەيۇ،
تون - كۈن بىلە سەۋنەلىم.

يەشمىسى: ئۆردىقنىڭ (شاراب شىشىلىرىنىڭ) بېشى خۇددى غاز بويىندەك تىك تۇرماقتا، قەدەھلەر خۇددى كۆز چانىقىدەك مەيگە تولغان، قايغۇ - ھەسرەتنى چۆرۈۋېتىپ، كېچە - كۈندۈز كۆڭۈل ئاچايلى.

ئۇنىڭ مۇشۇنداق تاكامۇللۇق دەۋرىگە يەتكۈچىلىك، مۇقەر-

## كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنىڭ قەدىمىيلىكى ۋە ئۇنىڭ چەت تىل تەسىرىگە ئۇچراش جەريانى

بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ قەدىمىيلىكى قولىمىزدا بولغان ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىرا- دىن ئىلگىرى VI ئەسىرگە بېرىپ تاقىلىدۇ.

مەسىلەن:

ئالىپ ئەرتۇڭا ئۆلدىمۇ،
ئەسىز ئاۋۇن قالدىمۇ،
ئۆزلەك ئۆچىن ئالدىمۇ،
ئەمدى يۈرەك يىرتىلۇر.

يەشمىسى: قەھرىمان، باتۇر ئافراسىياپ ئۆلۈپ كەتتىمۇ، يامان (بىۋاپا) دۇنيا قالدىمۇ، پەلەك (زامان) ئۆچىنى ئالدىمۇ، ئەمدى ئۇنىڭ ئۇچۇن زامانغا نەپرەتلىنىپ يۈرەكلەر پارە - پا- رە بولماقتا.

ئۆزلەك قامۇغ كەۋرەدى،
ئەردىم ئەرىغ سەۋرەدى،
يۇنچىغ ياۋۇز تەۋرەدى،
ئەردەم بەگى جەرتىلۇر.

يەشمىسى: زامان زەئىپلەندى، پەزىلەت ئازايدى، بۇزۇق، يامان ئادەملەر باش كۆتۈردى، پەزىلەت بېگى يەنى ئافراسىياپ

ئەڭ زور پەيلاسوپمۇ ئۆزى ئىجاد قىلغان 119 ئەسەرنىڭ بارلىقىنى دېگۈدەك ئەرەبى تىل بىلەن يازغان. شۇنىڭ بىلەن ئىسلامىيەت تارىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا يازما ئەدەبىياتىمىز ساپلىق يولىدىن چەتنەپ، ئىجادكار نۇرغۇن ئالىملار، ئەدىبلەر، شائىرلار تامامەن چەت تىلىدا يېزىشقا باشلىغان. بۇنىڭ ئاساسي سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىزدەش مۇمكىن: ئىسلام دىنى ئەرەبىستان يېرىم ئارىلىدا تارالدى، بۇ دىنىنىڭ ئاساسي قۇرئان بولۇش بىلەن ھەر بىر مۇسۇلماندا ئۇنى بىلىشكە مەھكەم ئىنتىلىش تۇغۇلدى. قۇرئان ئەرەب تىلىدا بولغانلىقتىن تەبىئي ھالدا ئەرەب تىلىنى بىلىش ئىستىكى كېلىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھۆكۈمەت مۇسۇلمان، خەلق مۇسۇلمان، ئالىملار مۇسۇلمان بولۇپ ھەممە بىرلەشكەن ھالدا شۇ دىنىنىڭ ئاساسي بولغان قۇرئان، ھەدىس (پەيغەمبەر سۆزى) نى ئۆگىنىشكە ئىنتىلدى. بارا - بارا ئالىملارنىڭ ئىلمى ئەرەب تىلىنى بىلىش دەرىجىسى بىلەن ئۆلچىنىدىغان، يازغۇچىلارنىڭ ئىقتىدارىغا ئەرەب تىلىدا يېزىش ئىقتىدارى بىلەن قارىلىدىغان بولۇپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن چەت تىلىنىڭ قەددى كۆتۈرۈلۈپ، ئۆز تىلىمىزنىڭ ئېتىبارى چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇرئان ئەرەب تىلى بويىچە گۈزەللىك ۋە يېتۈكلۈكنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە بولغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن گۈزەللىك، يېتۈكلۈكنى ئىزدەپ يېتىش ئۈچۈن، ئۆز دەۋرىنىڭ بۇ ساھەدىكى ئالىملىرى ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىنى مائارىپ ساھەسىگە ئېلىپ كىرىپ دەرس قىلىپ ئۆتكەنلىكتىن، ئەرەب تىلى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزغا مىسلىسىز كۈچلۈك تەسىر كۆرسەتتى.

ئۇنىڭغا قوشۇمچە پارس تىلىمۇ كېلىپ ياندىشتى. پارس تىلى ئاساسەن، دىنىي تىل بولمىسىمۇ، لېكىن ئىسلام دىنى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئىران، خوراسان (ئافغانىستان)، تاجىكىستان قاتارلىق ئەللەردە بىزدىن خېلى بۇرۇن تارالغان. بۇ

ەركى، بېسىپ ئۆتكەن مەلۇم بىر مۇساپىسى بولىدۇ.
يۇقىرىدىكى ئالىمگورىيىلىك ئوخشىتىشلارغا ئىگە ئىشرەت
شېئىرلىرىنىڭ يارىتىلىشىنى ئەلۋەتتە تاسادىپىي دېگىلى بولمايدۇ.
ھازىر بىزنى ئېچىندۇرىدىغىنى شۇكى، ئۆتمۈشتىكى شۇنداق مەر-
سىيە، مەدھىيە ۋە مۇھەببەت تېمىلىرىغا دائىر شېئىرلار ۋە ئەرەب
ئەدەبىياتىدا زور ئورۇن ئالغان «رەجەز» (ماختىنىش) شەكلىلە-
رىنىڭ قولىمىزدا بىر قانچە كۇپلېتلىرىلا بار. شۇڭا، ئۇيغۇر
كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن سۆز ئاچقاندا، ئورخۇن مەنگۈ تاشلىرى
تېپىلغان VII ئەسىردىن باشلاشقا مەجبۇرمىز.
ئەمدى ئاساسىي ماۋزۇغا كېلەيلى: بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىز
ئۇزۇن زامانلار يات تىل تەسىرىگە ئۇچرىماستىن، ئۆز تىل باي-
لىقى بىلەن جاھانغا شۆھرەت تۇغىنى كۆتۈرۈپ چىققانىدى.
ھەتتا ئىسلامىيەتتەك مەنىۋى قۇدرەتكە ئىگە بىر دىن يېتىپ كې-
لىپ سىياسىي ھۆكۈمران بولۇپ تۇرغان ۋە ئۆز ئېتىقادچىلىرى-
نىڭ روھىي دۇنياسىنى ئىلاھىي كۈچ بىلەن ئىگىلەپ تۇرغاندىن
كېيىنمۇ، يازما ئەدەبىياتىمىز يەنە كۆپ زامانلارغىچە ئۆز تارى-
خىنى ۋە ساپلىقىنى ساقلاپ كەلگەن. XI ئەسىردە، بۈيۈك ئەدىب
ۋە ئىپتىخارىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان «قۇتادغۇ بىلىك»
بۇنىڭ گەۋدىلىك بىر ئۈلگىسىدۇر. يۈسۈپ خاس ھاجىپ 13290
مىسرالىق «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرىنى يازغاندا 68 مىڭ سۆز
ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرىنى مۇكەممەل بىل-
گەن تۇرۇقلۇق بۇ ئەسىردە بۇ تىللاردىن پەقەت 300 گە يېقىن
ئىبارە ئالغان. بۇ نېمىدېگەن تىل ساپلىقى ۋە شائىرنىڭ نېمىدې-
گەن ئالىي خۇسۇسىيىتى؟!
لېكىن، ھەممە ئىجادكار ئالىملار «قۇتادغۇ بىلىك» ئىجاد-
چىسىدەك ساپ ئۆز تىلىمىزدا ئەسەر ياراتمىغان، ئۇلار يا ئىجا-
دىيەتنىڭ بۇ ئەھمىيىتىنى چۈشەنمىگەن، ياكى ئۇزە قارىغان،
ياكى چەت تىل تەسىرىگە بېرىلىپ كەتكەن. ھەتتا فارابىدەك

ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت ئىسلامىيەتتىن كېيىن تېخىمۇ قويۇق تۈس ئېلىپ، مائارىپ ئەرەب، پارس تىلىنىڭ زور تەسىرى ئاستىغا چۈشۈپ قالدى، يازما ئەدەبىياتنى كونا ساپ ئىزدىن چىقىرىپ تاشلىدى، ئالىملار، شائىرلار ئەرەب، پارس تىلىدا يېزىشنى ياخشى كۆرۈشۈپ، ئۆز تىلىمىزدا يېزىشنى بىلمەسلىكنىڭ بەلگىسى دەپ ھېس قىلىشتى. بۇخارادا ئوقۇپ كەلگەنلەر «داموللام»، ھىندىستاندا ئوقۇپ كەلگەنلەر «مەۋلىۋى»، قەشقەردە ئوقۇغانلار «مەخسۇم، خەلپىتىم»، تۈركى كىتابلارنى بىلىدىغانلار «موللام» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. 1 - 2 - نامدىكىلەر گەرچە بىلىمدە تۆۋەن بولسىمۇ خەلق نەزىرىدە ئۈستۈن سانالدى، تۈركى تىللارنىلا بىلگەن موللىلار كونا ھېسابتا يوق ھالدا تۆۋەندە قالدى.

يۇقىرىدا ئېيتىلغانلاردىن باشقا، ھاكىمىيەتنىڭ دىن قولىدا بولغانلىقى خەلق ھاياتىنىڭ تەقدىرى ئۇنىڭ بىلەن قاتتىق مۇناسىۋەتلىك بولغانلىقىمۇ ئاز تەسىر كۆرسەتمىدى. چۈنكى، ئىسلام دىنىنىڭ ھاكىمىيەت تۈزۈمىدە: خەلىپە (شاھ)، قازى (سوت)، مۇنتى (پروكورور)، خاتىپ (ۋەز ئوقۇغۇچى)، ئىمام (پېشۋا) خەلق ھاياتىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ، قازىنىڭ كۈچى كۈچلۈك. ھەتتا، شاھ ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقىرىشقا، كىشىلەرنى ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىشقا قادىر بولۇش بىلەن بارلىق مۇئامىلە، ئائىلىۋى ئىشلارنىڭ ئاچقۇچى (نىكاھ، ئاجرىشىش) قازىنىڭ قولىدا ئىدى.

قازى باشلىق دىنىي ئەربابلارنىڭ بارلىقى، ئەرەب - پارس تىلىنى بىلگۈچىلەردىن سايلانغانلىقتىن زەنجىرسىمان بىر تۇتاش تەسىر سىزىقى كۈچلىنىپ باردى.

ماددىي، مەنىۋى ھوقۇقنى ئۆزىگە مەركەزلەشتۈرگەن بۇ زور كۈچ جەمئىيەتنىڭ تىل سىستېمىسىدا ئۆز تەسىرىنى كۆرسەتمەي قالمىدى. بولۇپمۇ جەمئىيەت ئىچىدىكى ئىلىم ئەھلىلىرى مۇشۇ تەسىرگە قاتتىق يولۇقۇپ كېتىشتى. ئۇلارنى پېشۋا دەپ ئىشىنىپ

جايلاردا ئەرەبى تىلىنى پارس تىلى ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرگەن نۇرغۇن ئالىملار يېتىشكەنلىكى ۋە بۇ ئالىملارنىڭ تۈرلۈك يوللار ۋەمەقسەتلەر بىلەن تۈركى تىل سىستېمىسىدا سۆزلىشىدىغان ئەللەر ئارىسىدا، شۇ جۈملىدىن بىزنىڭ ئارىمىزغا يېتىپ كېلىپ، تىرىشىشلىرى ئارقىسىدا بۇ تىلنىڭ تەسىرىمۇ كۈچىيىشكە باشلىغان.

پارس ئەللىرىدە يېتىشكەن ئالىملار قۇرئان، ھەدىس ۋە باشقا ئەرەبى كىتابلارنى پارس تىلىغا تەرجىمە قىلىپ ئەكېلىپ، ئالىم سۈپىتىدە مەدرىسىلەردە دەرسكويلۇق قىلىپ، دەرسنى پارس تىلى بىلەن ئۆگىتىشتى، مەكتەپلەردە بالىلارغا خەت تونۇتقاندىن كېيىنلا، ناۋايىنىڭ شېئىرىدىن ئازغىنا ئۆگەتكەندىن باشقا، «خوجا ھاپىز شىرازى» نىڭ دىۋانىنى يادلىتىدىغان بولدى، بالىلار باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ «ئوتتۇرا مەكتەپ» ئورنىدا بولغان مەدرىسىلەرگە چىققاندىن كېيىن ئەدەبىيات دەرسلىكى سۈپىتىدە مۇسلەھىددىن سەئىدى شىرازىنىڭ «گۈلىستان»، «بوستان» ناملىق ئەسەرلىرى ئوقۇش كىتابى قىلىپ بەلگىلەندى. شۇنداق قىلىپ پارس تىلىمۇ ھۇجۇمغا ئۆتتى. بۇنىڭدىن باشقا، پارس ئەللىرىدە ئىسلامنىڭ راۋاجى بىزدىن ئىلگىرى بولغانلىقتىن ئىلىم تەلەپ قىلغۇچىلار، چېگرىنىڭ يېقىنلىقى تۈپەيلىدىن ئۈزلۈكسىز رەۋىشتە پارس ئەللىرىگە ئېقىپ چىقىپ ئىلىم ھاسىل قىلىپ قايتىشاتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئەڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ، يەنى ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى دەۋرلەردىلا تۈركى خەلقلىرى بىلەن پارسلار قويۇق ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتتە بولۇپ كەلگەن ۋە ئۆزئارا مەدەنىيەت ئالماشتۇرغان. بۇ ھال تۈركى تىلى ئىچىگە پارسچە ئىبارىلەرنىڭ سىڭىپ كىرىشىدىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىكنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. پارسلارنىڭ تۈركلىشىشى ۋە تۈركلەرنىڭ پارسلىشىشى جەريانىدا ئىتتىك تارىخىي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. بۇ خىل تارىخىي -

ئانى ئاقرو تۇتتۇم ياقۇر دوم ئارا.

«تۈركچە سۆزنى ياۋا كىيىكتەك كۆردۈم، ئۇنى ئاستا تۇتۇپ ئۆزۈمگە ئۆگەتتىم».

سىقادىم سەۋتتىم كۆڭۈل بەردى تەرك.
قاقىدا بەلگىلەر بىرەر دەيىرا.

«ئۇنى سىلىدىم ماڭا تېز كۆنۈكتى، يەنىلا بەزى — بەزىدە ھۈركۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، قورقۇۋاتىدۇ».

سۇنۇپ تۇتىمىشچە ئەدەردىم سۆزۈگ،
كەلو بېردى ئوترۇ ئىپارى بورا.

«بۇنى قولۇمغا كىرگۈزۈشكە تىرىشتىم، سۆزنى ئايرىدىم، بۇ تۈركى سۆز ئۆزىنىڭ خۇش پۇراقلىرىنى چېچىشقا باشلىدى».

ئېمەك، مۇندىن 1000 يىل ئىلگىرى ئۇلۇغ شائىر ۋە پەيلاسوپ تىلنى چىڭ تۇتمىسا بولمايدىغانلىقنى چۈشىنىپ بىزگە ئەنە شۇنداق مىسرالارنى قالدۇرغان.

ئەپسۇسكى، بۈيۈك دانىشمەنلىرىمىزنىڭ بۈيۈك خىزمەتلىرى بارغانسېرى يوقىلىشقا قاراپ يۈز تۇتتى.

سەككاكىدەك چوڭ ئالىم ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەسىرى «مىفتا ھۇلئۇلۇم» (ئىلىملەر ئاچقۇچى) نى ئۆز تىلىدا يازماي ئەرەپ تىلىدا يازدى. ئۇتفىدەك كۈچلۈك شائىرمۇ ئىجادىيىتىنىڭ يېرىمىنى پارس تىلىدا يازدى.

يازما ئەدەبىياتىمىز ئەدەبىياتنىڭ تۈپ تايانچىسى بولغان تىلدىن مۇشۇنداق چەتنەپ كېتىپ بارغان بىر زاماندا ناۋايى ئۆز ئانا تىلىدا يېزىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۈيۈك - بۈيۈك ئەسەرلەرنى ئۆز ئانا تىلى بىلەن يېزىپ ناھايىتى زور ئالقىشقا سازاۋەر بولۇپ، تۆھپە ياراتقان ۋە يازما ئەدەبىياتىمىزغا يېڭى دەۋر ئىشىكىنى ئاچقانىدى.

ئەدەبىياتىمىزنىڭ بۇ ئىككى چەت تىل تەسىرىگە قانداق ئۇچرىغانلىقىنى شۇنىڭدىن بىلىش مۇمكىنكى، ناۋايىدەك ئالى ھۆ-

ئىلىم تەلەپ قىلغۇچى شاگىرتلار بولارغا ئەگىشىپ، بىر پۈتۈن ئەرەب، پارس سۆز مۇخلىسلىرى مەيدانغا كەلدى.

بۇ يەردە يەنە شۇ نەرسىنى تەھلىل قىلىش لازىمكى، نېمە ئۈچۈندۇر بىزدە ئۆز تىلىمىزنى ساقلاپ قېلىش ئىستىكى بارغانسېرى ئاجىزلاپ، ئۆز قىممىتىنى يوقاتقان — غۇرۇر كېمەيگەن. ھالبۇكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز ئۆز تىلىمىزنى ساقلاشنىڭ بۈيۈك ئەھمىيىتىنى چۈشەنگەن ۋە بۇ ساھەدە مەڭگۈ شان - شەرەپلىك خىزمەتلەر قىلىشقانىدى.

ئۇلۇغ تىل تونۇغۇچىمىز ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقەرى «تۈركى تىللار دىۋانى» نى يېزىپ تىلىمىزنىڭ سەرف (گرامماتىكا)، نەھۋى (سىنتاكسىس) ئىلمىنى تۈزۈپ چىقىپ، تىلىمىزنىڭ ئاساسىنى چىڭىتىش بىلەنلا قالماي، تىلىمىزنى دۇنيادا ئەڭ باي، گۈزەل، بالاغەتلىك، گرامماتىكا، سىنتاكسىس جەھەتتىن ئۈستۈن تىل دەپ تونۇلغان ئەرەب تىلى بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ، مۇسابىقىگە سېلىپ شۇنداق دېگەنىدى: «ئىننەلىسانىتتوركى يۈبارى بىلىسانىل ئەرەبى كىتە بارى فەرەسەي روئانىن» (تۈرك تىلى ئەرەب تىلى بىلەن بەيگىدە بىرىنچىلىكنى تالاشقان ئىككى ئاتتەك تەڭ يۈگۈرىدۇ). ئۇلۇغ تىلچىمىز مەھمۇد قەشقەرىنىڭ بۇ باھاسى تىلىمىزنىڭ قانچىلىك باي ۋە مۇكەممەل تىللىقىنى كۆرسىتىشكە يېتەرلىك.

شۇنىڭدەك، پەيلاسوپ شائىرىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپمۇ تىلىمىزنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىشتە، ساپلىقىنى ساقلاشتا بىزگە ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىغا بەك زور قىممەتلىك مىراس قالدۇرۇپ كەتتى ۋە بىزگە تۈركى سۆزنىڭ ئۈركۈيدىغان ياۋا كېيىككە ئوخشايدىغانلىقىنى، ئۇنى سىلاپ - سىيپاپ، چىڭ تۇتۇش لازىملىقىنى، شۇنداق قىلغاندا، ئۇنىڭدىن ئىپار ھىدلىرى چېچىلىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق يازغانىدى:

كىيىك تاغى كۆردۈم بۇ تۈركچە سۆزۈگ.

ئەشرەقەت — يورىدى
مەن — دىن
ئەكس — ئەرسىدە باشقا ئەرسىنىڭ كۆرۈنۈشى
شەمسى — قۇياش
ئەنۋار — يورۇقلۇقلار
كەئىس — قەدەھ، پىيالە
هودا — ھىدايەت
يار — يار
مەي — ھاراق
جام — قەدەھ
سادا — ئاۋاز

زەلىلى:

باھاردۇرئى زەلىلى بارھا توغرايى دىۋانىڭ،
گۈلىستانى سۇخەندۇر سەر - سەرى يەلدىن خازان بولماس.

ئۇن ئىككى سۆزدىن قۇرۇلغان بۇ بېيىتتا تۆت سۆز ئەرەبچە، بەش سۆز پارىسچە، ئالتە سۆز ئۆز تىلىمىزچە بولغان.

باھار — باھار
بارھا — مەررەلەر
گۈلىستان — گۈللۈك
سۇخەن — سۆز
خازان — كۈز پەسلى.
زەلىلى — خارلانغان
توغرا — بۆلۈمدىكى سەرلەۋھە
دىۋان — يىغىندا، توپلام
سەر - سەر — بوران

دېمەك، يازما ئەدەبىياتتا ئانا تىل بىلەن ئىجاد قىلىشنىڭ ئارتۇقچىلىقى ناۋايى تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەندىن كېيىنمۇ، بۇ كوچلۇك تەسىر XX ئەسىردىمۇ ئىلىم دەپ ئاتالغان كىشىلەرىمىز ئىچىدىن يوقالمىدى. XIX ئەسىرنىڭ ئاياغلىرىدا قاغىلىقتا ياشىغان ھۆسەيىن تەجەللى «بەرق تەجەللى سەبەق مۇجەللى» ناملىق دىۋانىنى ئەرەب، پارس تىلىدا يازدى.

ئىلغار ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇقادىر داموللام ئەدەبىيات دەرس-

كۈمەت ئەربابى ۋە ئالىم شۇنچە سىياسىي كۈچكە ئىگە بولۇپ تۇرۇپمۇ، ئانا تىلىنى كەمسىتىش تەرەپدارلىرىنىڭ ئىستىھزا (زاڭلىق) لىرىغا دۇچ كەلدى.

پارس شېئىرىنىڭ ئۈستۈنلۈك تەرەپدارى بولغان شائىر سۇھەيلى بىر ئىشەككە توقۇم توقۇپ، ھىرات شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا «پالانى ئەلىشىر» (ئەلىشىرنىڭ توقۇمى)، دەپ جار سېلىپ، مەسخىرە قىلغانىدى.

ئەگەر ناۋايى ئانا تىلدا ئىجاد قىلىش چاقىرىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تۈركى تىلىنىڭ پارس تىلىدىن ئەۋزەللىكىنى ئىسپاتلايدىغان «مۇھاكىمە تۇل لۇغەتەيىن» («ئىككى تىلنى مۇھاكىمە»)نى يازمىغان بولسا ۋە ئۆز تىلىمىزدا ھەممىنى قايىل قىلىدىغان زور ئەسەرلەر ياراتمىغان بولسا، بىز كېيىنكى كۈنلەردىمۇ زەلىلى، نىزارى، نۆۋبىتى، خىرقىتىلارغا ئوخشاش ئانا تىلدا ئىجاد قىلىشنى باشلىغان شائىرلارنى بەلكى ئۇچراتمىغان بولاتتۇق.

گەرچە ناۋايى بۇ بىر ئۇلۇغ يولنى كۆرسىتىپ ئۈلگە ياراتقان بولسىمۇ، لېكىن قاتتىق چىرمىشىپ كەتكەن تەسىر بىردىنلا يوقالمىدى. چۈنكى - يەتتە سەككىز يۈز يىل داۋام قىلغان بۇ ئۇسلۇپنى بۇزۇش تەسەۋۋۇر قىلىنغاندەك ئوڭاي ئەمەس ئىدى. مەسىلەن ئالايلى، ناۋايىنى، ئۇ ئانا تىلىمىزدىكى ئىجادىيەتنىڭ بۈيۈك جارچىسى ۋە ناھايىتى زور تۆھپە ياراتقۇچىسى، شۇنداق بولۇپ تۇرۇقلۇق «چاھار دىۋان»نىڭ بىرىنچى مەتلىئىنى مۇشۇنداق باشلايدۇ:

ئەشرەقەت مىن ئەكس شەمسى كەئىس ئەنۋارولھودا،
يار ئەكسىن مەيدە كۆردەپ جامدىن چىقتى سادا.

بىرىنچى مىسرادا يەتتە سۆز بولۇپ بارلىقى ئەرەبچە. ئىككىنچى مىسرادا سەككىز سۆز بولۇپ، تۆتى پارس، بىرى ئەرەبچە، قالغان ئۈچى ئۇيغۇرچە.

قەسىدە، مۇرەببە، مۇخەممەس، مۇسەددەس، فەساھەت، بەلاغەت، بەدىئىي، ۋەزىن، قاپىيە، مەنا، دېگەن سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئەرەبچە. غەزەل، ساز، دۇتتار، راۋاب، نەققارە، نەي، زەخمەك، كامالەك، خەرەك. پەردە. بۇلار — پارسچە.

بۇنداق ئارىلاشقان سۆزلەرنى ئېيتىپ تۈگىتىش قىيىن. تىلىمىزنىڭ چەت تىل تەسىرىگە مۇشۇنداق ئاسان بېرىلىپ كېتىشى تارىخىي جەھەتتىكى، جۇغراپىيىۋى جەھەتتىكى ۋە ئېتنىك جەھەتتىكى ئۇزاق بىر جەريان بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىدۇر. چۈنكى، ئەرەب، پارس ئەللىرى تۈرك سىستېمىسىدىكى ئەللەر بىلەن ئارىلاشقىنىدەك، تۈرك تىل سىستېمىسىدىكىلەرمۇ ئەرەب پارس ئەللىرى بىلەن تارىختا شۇنداق ئارىلاشقان. لېكىن نېمە ئۈچۈن بىز ئۇلارنىڭ تىلىنى شۇنچە ئاسان قوبۇل قىلىپ كەتتۇق؟ بۇ ئالاھىدە ئىلمىي تەھلىل ۋە پەلسەپىۋى تەپەككۇر تەلەپ قىلىدىغان تىرەن مەسىلىلەرنىڭ بىرى.

بىر تىلغا چەت تىلنىڭ سىڭىپ كىرىشى ئادەتتە كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئەھۋال. لېكىن، ئەدەبىياتتا شۇ تىلنى قانداق ئىشلىتىش مەسىلىسى بەدىئىي ماھارەتكە تەئەللۇق بىر پەزىلەتتۇر. چۈنكى بەدىئىي تىلنىڭ خەلق تىلىغا، ئاممىۋى تىلغا يېقىن بولۇشى مىللىي ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرىدۇر. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن قانداق قىلىش كېرەك؟ مەلۇمكى، تىلنى بۇزىدىغانمۇ قەلەم ئىگىسى، تۈزەيدىغانمۇ قەلەم ئىگىسى. بۇ ھەقىقەتنى ئىلىم ئەربابلىرىنىڭ يازغان خېتى، قىلمىشقان سۆزلىرى بىلەن ئوقۇمىغان ئاددىي خەلق، يېزا ۋە تاغدىكى چارۋىچىلارنىڭ سۆزلىرى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق تولۇق ئىسپاتلايدۇ. قەلەم ئىگىلىرىنىڭ ئوي قۇشلىرى — پىكرى ھاۋا بوشلۇقىدا قانات قېقىپ ئۇچۇشقا كىرىشكەندە ئۇ ئۆز تىلىنى ئۇنتۇپ قېلىپ، باشقا تىللارنىڭ سۆز خىرمانلىرىدىن دانلايدىغان بولسا، ئۆز تىلىنىڭ گۈزەللىكىگە كۆز يۇمۇپ، باشقا تىللارنى چىرايلىق

لىكى قىلىشنى مەقسەت قىلغان «مىفتاھۇلئەدەب» (ئەدەب ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەرنى ئەرەب كلاسسىكلىرىنىڭ قەسىدىلىرىدىن قۇرۇپ چىقتى. سابىت داموللام XX ئەسىر بېشىدا يازغان «جاۋاھىرۇل ئېتىقاد» (ئىشەنچ جەۋھەرلىرى) دېگەن شېئىرىي ئەسىرىنى ئەرەب تىلى بىلەن يازدى.

بۇنىڭدىن باشقا ئاپرېل ئۆزگىرىشىگىچە ھەممە ئالىملىرىمىزنىڭ بىر - بىرىگە يېزىشىدىغان خەتلىرى، ئېيتقان مەرسىيەلىرى، بىنالارغا يازىدىغان تارىخىي مىسرالىرى، غەزەل - چاقچاقلىرى پۈتۈنلەي ئەرەب، پارس تىلى بىلەن بولدى.

ئەرەب، پارس تىلى ئەسىرىنىڭ يوقىلىپ كېتەلمەسلىكىدىكى يەنە بىر سەۋەب شۇكى، ئەدەبىيات ئىجادچىلىرى ئاساسەن، ئۆز زامانىسىنىڭ بىلىملىكلىرى بولۇپ، بۇ بىلىملەرنى ئۇلار تەبىئىي ئەرەب، پارس تىللىرى ئارقىلىق ئۆزلەشتۈرگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆز تىلى بىلەن قوشۇلۇپ، ئۈچ زور ئۈنچە - مارجان خەزىنىسى تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئوي قۇشلىرى ئىلھام ھاۋاسىغا ئۆرلەپ قانات قېقىپ ئۇچقان چاغلىرىدا، ئۇلارنىڭ قەلەملىرى بۇ خەزىنىلەردىكى ئۈنچە - مارجان، ياقۇتلىرىدىن ئېلىپ خالىغانلىرىنى سۆز - يىغىندىسىغا تىزالايتتى. بۇنداق سۆز تىزمىلىرى ئۈچ خىل ئۈنچىدىن قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، گويا تېخىمۇ گۈزەل ۋە رەڭدار تۇيۇلاتتى. بۇنداق سۆز ئىگىلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ ئالغان مۇشۇ تۇيغۇ، تا ھازىرغىچە بىر تەرەپ بولغىنى يوق. (بۇ ھەقتىكى مىساللار ئۈستىدە ھازىرچە توختالمايمىز).

دېمەك، يازما ئەدەبىياتىمىز «قۇتادغۇ بىلىك» دىن كېيىن ئۆزىنىڭ تىل ساپلىقىنى يۇقىرىدا ئېيتىلغان سەۋەبلەر بىلەن يوقىتىپ قويدى. ئەڭ ئاددىي نەرسىلەردىن تارتىپ، ئەرەب، پارس تىللىرى قوللىنىلىپ كەلدى.

مەسىلەن:

قەلەم، دۆۋەت، قەغەز، كىتاب، خەت، دەپتەر، شېئىر، مىسرا، بېيىت،

لىك»نى تىزىپ چىقىشتا يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 68 مىڭ سۆز
ئىشلىتىپ، بۇنىڭغا ئاران 400 چە چەت سۆزنى قوشقانلىقى تىلى-
مىزنىڭ بايلىقىنى، چەت سۆزگە مۇھتاج ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدى-
غان بىردەلىلدۇر. بىز يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇمىسرالىرىغا قا-
راپ باقايلى:

توغاردىن ئىسە كەلدى ئۆگدۈن يېلى
جاھان ئىتكۈگە ئاچتى ئۇشتىماخ يولى.

ھازىرقى ئەدەبىي تىلدا: «شەرقتىن باھار شامىلى ئىسسىپ
كەلدى. جاھان زىننەتلىنىش ئۈچۈن جەننەت يولىنى ئاچتى»
دېيىلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق دېيىلسە ئۆز تىلىمىزدىكى توغار،
ئۆگدۈن، ئىتكۈ، ئۇشتىماخ سۆزلىرى ئورنىغا، شەرق، باھار، زىن-
نەت، جەننەت، دېگەن چەت سۆزلەر ئورناشقان بولىدۇ.

ئونىن ئۆتتى كەكلىك، كۈلەر قاتغۇرا،
قىزىل ئاغزى قانتەك، قاشى قاپقارا.

(كەكلىك كۈلۈپ قاقىلداپ ئۈنلۈك سايرىماقتا، ئاغزى قاندەك قى-
زىل، قاشلىرى قاپقارا.) ئۈيلىنىدىغان بولساق، بۈيۈك ئەدىب يۈ-
سۈپ خاس ھاجىپنىڭ مىسرالىرى ئەرەب، پارسچە تىل ئارىلاش
تۈزۈلگەن مىسرالاردىن گۈزەلرەك چىققان.

بىز بۇ يەردە ھازىرقى ئىشلىتىۋاتقان ئەرەب - پارس سۆز-
لىرىنى قەتئىي چىقىرىۋېتىش كېرەك، دېمەكچى ئەمەسمىز. چۈنكى،
بىزدە ئىشلىتىلىپ ھەم تونۇش بولغان سۆزلەر تىل فوندىمىزنىڭ
بايلىقى بولۇپ ئۇنى چىقىرىپ تاشلاپ، ئورنىغا ئارخىپلىشىپ كەت-
كەن ئۆز تىلىمىزنى ئىشلىتىش ياخشى چارە ئەمەس، ئەلۋەتتە.
دەيدىغىنىمىز، ئۆز تىلىمىز تۇرغان يەردە چەت تىلىنى زورلاپ
ئىشلەتمەسلىكنى ئالغا سۈرۈشتىن ئىبارەت. كلاسسىك ئەدەبىياتنى

دەپ تونۇيدىغان بولسا، ئۆزىدىكى سۆزلەردىن كۆرە باشقا تىلدى-
كى سۆزلەر ئۇنىڭغا جاراڭلىقراق سېزىلىدىغان بولسا، ياكى چەت
تىل تېرمىنلىرىنى ئىشلىتىشنى ئۆزىنىڭ «ئالىم» لىقىنىڭ ئىپا-
دىسى قىلىپ كۆرسىتىش كېسەللىكە ئۇچراپ قالىدىغان بولسا،
بۇنداق ئەھۋال ئەدەبىي ئىجادىيەتتە كەڭ خەلق ئاممىسىدىن
ئايرىلىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ۋە تىلىمىزنىڭ كەلگۈسىنى
غۇۋالاشتۇرۇپ قويىدۇ. بىز هازىر كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزنى تەت-
قىق قىلىش ئىشىنى باشلاۋاتىمىز. بىر قانچە كلاسسىك ئەسەرلەر
مەتبۇئاتتا ئېلان قىلىندى. بۇندىن كېيىن يەنە نەشىر قىلىنىدۇ.
كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، بۇ كلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ-
چىلىكى ئەرەب، پارس تىلىنىڭ ئارىلاشمىسىدىن قۇرۇلۇپ چىققان.
ئۇنىڭ ئىچىگە چىرايلىق سۆزلەر قاچىلانغان. بىز كلاسسىك ئەدە-
بىياتنى تەتقىق قىلىپ ئۆگەنگەندە شۇ گۈزەل سۆزلەر ئاستىدا
يوشۇرۇنغان تىرەن مەنىلىرىنى ئۆز تىلىمىز بىلەن كۆرسىتىپ بې-
رىش ئۇستىلىقىنى ئۆگىنىشىمىز لازىم، بىزنى ھەرگىز چەت تىل-
لارنىڭ گۈزەللىكى ئۆزىگە تارتىپ كەتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى
بىزگە چىرايلىق تۇيۇلغان شۇ سۆزلەردىن گۈزەلرەك سۆزلەر
بىزنىڭ ئۆز تىلىمىزدىمۇ بار. مەسىلەن:

مۇھەببەت ئورنىغا سۆيگۈ
ھۆسن، جامال ئورنىغا ئۈز، چىرايلىق، كۆركەم چىراي

بادى سابا ئورنىغا تاڭ شامىلى
تەبەسسۇم ئورنىغا كۈلۈمسىرەش
مۇجەسسەم ئورنىغا گەۋدىلىك
پەرۋاز ئورنىغا ئۇچۇش، ئۆرلەش

دېمەك، هازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدا
قوللىنىلغان ئەرەب، پارس سۆزلىرى ئورنىدا ئۆز ۋاقتىدا ئۆز
تىلىمىزدا گۈزەل سۆزلەر بارئىدى، 13290 مىسرالىق «قۇتادغۇ بى-

## تارىخىي مىراس «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا

### 1. كىرىش

بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ جانلىق نەمۇنىسى، ئۇيغۇر ئىدىي-
ئولوگىيە ۋە مەدەنىي - سەنئەت ھاياتىنىڭ ئەڭ كونا يادىكارى
بولغان «قۇتادغۇبىلىك» ھازىر خەلقىمىز بىلەن يۈز كۆرۈشۈش
ئالدىدا تۇرۇپتۇ. بۇ ئەسەر بۇنىڭدىن ئازغىنا كەم 1000 يىل
ئىلگىرى يېزىلىپ، XIX ئەسىردىن باشلاپ ئىلىم دۇنياسى ئۇنىڭ
بىلەن تونۇشۇشقا، ئۇنى چۈشىنىشكە ۋە تەتقىق قىلىشقا باشلىغان
بولسىمۇ، بىزگە تېخى يېقىندىن بۇيان بۇ قىممەتلىك تارىخىي
مىراسىمىز بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكا-
دېمىيىسى 80 - يىلدىن باشلاپ «قۇتادغۇبىلىك» نى ئىشلەشنى
قولغا ئېلىپ، ئۇنىڭ نەزمىي، نەسرىي يەشمىسى، ترانسكرىپسى-
يىسى ۋە خەنزۇچە تەرجىمىلىرىنى ئىشلەشكە كىرىشىپ، ھازىر نەز-
مىي يەشمىسى ترانسكرىپسىيىسى بىلەن بىرلىكتە نەشرگە
بېرىشكە مۇۋەپپەق بولدى.

بۇ يىل ئىچكى موڭغۇلىيىدە ئېچىلغان «شىمالىي جۇڭگو ئاز
سانلىق مىللەتلەر پەلسەپە يىغىنى» «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي
يەشمىسى ئىشلىگۈچىلەردىن بىرى بولغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپ-
تونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ مۇئاۋىن باش-
لىقى مەتتىمىن يۈسۈپنىڭ «XI ئەسىردىكى ئاتاقلىق ئۇيغۇر مۇ-
تەپەككۇرى، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پەلسەپىۋى ئىدىيىسى
توغرىسىدا» دېگەن ئىلمىي ماقالىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، «قۇتاد-

تەتقىق قىلغاندا، ئۇنىڭغا تەنقىد كۆزى بىلەن قاراپ، ئۇنىڭ ياخشى تەرەپلىرىنى ئېلىپ، پايدىسىز تەرەپلىرىنى قالدۇرۇش، كلاسسىك ئەدەبىياتتىن پايدىلىنىشتىكى توپ نىشان.

مۇشۇ نىشانغا قاراپ ئالغا بېسىش، تىل ساپلىقىنى ساقلاش ئۈچۈن تىرىشىش خەلقنى يورۇتۇشنى مەقسەت قىلغان ئىلىم ئىگىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچىدۇر.

## پارچە

سۈپسۈزۈك ئاققان بۇلاقنى ئۇزە چاغلاپ قالدۇرۇپ
كەتكۈچى، ئۇسسۇزلۇقنى نەدە ئالغاي قاندۇرۇپ.
ئىزدىمە چەتتىن قاچاڭغا سەن خۇشاللىق شەربىتىن،
ئىچ تىلىڭنىڭ تەملىك، تاتلىق سۈيىنى تولدۇرۇپ.

1983 - يىل، فېۋرال

دېگىنىزدىن چىقارمىسا ئۇنچە كىشى،
قالۇر پەرقسىز ئۇنچە يا ساي تېشى.

## 2. تۇيغۇ تەسىراتى

هازىر ئالدىمىزدا ماددىي ماتېرىياللاردىن ئەمەس، مەنىۋى ئىلھامنىڭ ھاياتىي كۈچكە ئىگە ماتېرىياللىرىدىن قۇرۇلغان بۈيۈك ئىلمىي ئابىدە ئۆتمۈشتىكى قابىلىيەت، بەدىئىي سەنئەت ۋە ئىلمىي ئىقتىدارىمىزنىڭ يېتۈكلۈككە گۇۋاھلىق بەرگەن ھالدا مەغرۇرلارچە قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا. ئۇ بولسىمۇ بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ ياسىغان ئىلمىي ئابىدە — «قۇتادغۇ بىلىك» دۇر.

زامانلار ئۆتتى، نى - نى سۇلالىلەر يوقىلىپ، نى - نى شاھلار ئۇنتۇلۇپ، نى - نى تاغلار ئۇۋۇلۇپ، نى - نى شەھەرلەر بۇزۇلۇپ، نى - نى كۆللەر قۇرۇپ، نى - نى ئورمانلار چىرىپ، نى - نى قوشۇنلار قىرىلىپ، نى - نى قەسىرلەر يىمىرىلىپ، يوقىلىپ كېتىشتى. لېكىن، بۇ بۈيۈك ئەدىبنىڭ ياخشى نىيەت، ئىنسانىي پەزىلەت بىلەن بىنا قىلغان ئىلمىي ئابىدىسى، قۇرۇلۇشىنىڭ نازاكىتى، قۇرغۇچىسىنىڭ ماھارىتى، ماتېرىياللىرىنىڭ قىممىتى، ئۆزىنىڭ ئىلمىي شان - شەۋكىتى بىلەن ھەممىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تارتىپ تۇرماقتا. يۈسۈپ قۇرغان بۇ مەڭگۈلۈكنىڭ بۇ قەدەر مەڭگۈلىشىپ ھەممىگە مەقبۇل بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىن بىرى، بۇ ئابىدىنىڭ ئۆزىنىڭ كىتابىدا يازغان تۆۋەندىكى بېيىتلىرى مەزمۇنىغا سادىق بولغانلىقىدىدۇر:

6502 تىلىمىدىم ئۆزكى كوچاۋ ئىدگو ئات،
كىشى ئاسغى قولدۇم ئۆز ئىرسە يا يات.

يەشمىسى: تىلەك قىلمىدىم شان - شۆھرەت خوپ ئات،
كىشى نەپئى كۈتتۈم ئۆز ئولسۇن يا يات.

غۇبىلىك» نى مۇشۇ جەمئىيەتنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتى قىلىشنى بەلگىلىدى ۋە مەخسۇس «قۇتادغۇبىلىك تەتقىقات جەمئىيىتى» قۇرۇشنى تەكلىپ قىلىشتى. بۇ هال «قۇتادغۇبىلىك» دۇنيا ئالىملىرىنى قانداق قىزىقتۇرغان بولسا، جۇڭگو ئالىملىرىنى ھەم شۇنداق قىزىقتۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. لېكىن «قۇتادغۇبىلىك» توغرىسىدا سۆزلەش، ئۇنى چۈشىنىش، ئۇنى بىلىش — بۇ بىر ئىلمىي مەسىلە بولۇپ، ئۇنى بىلىشكە قىزىققۇچىلاردىن ئۇنى كەڭ چۈشىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ. مەلۇمكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئىلمىي ماتېرىياللار لازىم. بىزدە بۇنداق ماتېرىياللار تېخى ئاز، بارلىرى تولۇق ئوتتۇرىغا چىقىپ كېتەلمىدى. ھازىر مۇشۇ ساھەدە كىم قانچىلىك بىلىم ئالغان بولسا، ئۇنى كۆپچىلىككە يەتكۈزۈپ پايدىلاندۇرۇش — بىلىم ئىگىلىرىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان بۇرچى...

مەن «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ نەزمىي يەشمىسىنى ئىشلىگۈچىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئۈچ يىللىق ئىشلەش داۋامىدا هاسىل قىلغانلىرىمنى «بۇ ئەسەرنى تونۇشقا ياردەم بولسۇن» دېگەن مەقسەتتە تۆۋەندىكىچە يېزىشقا كىرىشتىم. مېنىڭ بۇ ماقالىنى يېزىشىمغا يەنىلا شۇ ئەسەردىكى مۇنۇ بېيىتلەر تۈرتكە بولدى:

211. كىشى كۆڭلى توپسىز تېگىزتىك تورور،
بىلىگ يىنچو سانى توپىندە ياتور.

212. تېگىزدىن چىقارماسا يىنچو كىشى،
كىرىك يىنچو بولسۇن كىرىك ساي تاشى.

يەشمىسى: كىشى كۆڭلى تۈۋسىز دېڭىزدەك ئېرۇر،
بىلىم ئۈنچە ئوخشاش تۈۋىدە ياتۇر.

شۇ مەقسەتتە تەپەككۇر چېمەنلىكىدىن ئەدەب - ئەخلاق گۈللىرىنى ئۈزگەن، بۈيۈك ئەدەبىي ماھارەت بىلەن گۈلدەستىلەر تۈزگەن، ئىلھام دېڭىزىنىڭ قاينامىلىرىغا چۆمۈپ، ئىجتىمائىي ھاياتقا پايەدىلىق ھىدايەت ئۈنچىلىرىنى سۈزۈپ چىققان. بۇ ئۈنچىلەرنى نەزمە يىپىغا تىزىپ، باھاسىز گۈزەل زۇننار ياساپ، زامانە قىزىنىڭ بوينىغا تاقىغان. بۇ گۈلدەستە ۋە زۇننارلار دۇنياۋى مىقياستا شۆھرەت قازانغان، جاھان ئالىملىرى تەرىپىدىن چەكسىز ھۆرمەت بىلەن قارالغان.

مىڭ يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتۈپتۇ بۇ گۈل قەشقەردە تېرىلىپ ئېچىلغىنى، بۇ بىباھا گۆھەرلەر قەشقەردە نەزم يىپىغا تىزىلغىنى... جاھالەت تۇمانلىرى ئۇنى بىزگە كۆرسەتمەپتۇ. ئۆتمۈش زامانىنىڭ زۇلمەتلىك دەۋرلىرى ئۇنىڭ خەۋىرىنى بىزگە يەتكۈزمەپتۇ. بۇ قىممەتلىك مىراستىن مەھرۇم قاپتىمىز. ئەنئەنىۋى يادىكارلىقى يوقتىمكىدەك ئۆزىمىزنى مەدەنىي مىراس ساھەسىدە يوقسۇللۇققا گىرىپتار قىپتىمىز. بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ تۈمەن رەڭلىك گۈل - چېچەكلەر بىلەن تولغان گۈللۈكىنىڭ تاماشاسى بىزگە مۇيەسسەر بولماپتۇ. ئۇنىڭ يۈرەكلەرنى ئۆزگە ئاشىق قىلىدىغان خۇش ئاھاڭ ئەدەبىي ناۋاسى بىزگە ئاڭلانماپتۇ. يوقسۇللۇق ھېس قىلىپتىمىز شۇنچە زور بايلىقىمىز تۇرۇپ، مۇشۇنداق تاتلىق بۇلىقىمىز تۇرۇقلۇق كېتىپتۇ لەۋلىرىمىز ئۇسسۇزلۇقتىن قۇرۇپ. بىلمەپتىمىز باشقا ئەللەر ئۇنى ئاختۇرۇپ تونۇپ تاپقاندا، جاھان ئالىملىرى ئۇنىڭ ئۈستىدە تەتقىق مەشئەللىرىنى ياققاندا.

ۋەتىنىمىزدە باشلانغاندىلا «تۆتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش» باھارى، ياشناشقا باشلىغاندا ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارى، بۇ يادىكار مىراسىمىز تەگدى ئەمدى بىزگە كېلىپ، ئىمكان تاپتۇق كۆرۈشكە ئۇنى قولىمىزغا ئېلىپ. پىكىر بۇلبۇللىرى باشلىدى بۇ گۈللۈككە قونۇشقا، ئىنتىلمەكتە جاۋاھىرشۇناسلار بۇ خەزىنىدىكى جاۋاھىراتلارنى تونۇشقا. باشلانماقتا بىزدە «قۇتادغۇ بىلىكشۇناسلىق» زامانى، يوقالغاچقا جاھالەتنىڭ دەھشەتلىك تۇمانى. ئۇمىدكى يۇسۇپنىڭ

6503 ئوقۇغلى ئوقىسا مېنى ئوشكوروپ،
دۇئا قىلغىمۇ تىپ ماڭا بىر توروپ.

يەشمىسى: ئوقۇچى ئوقۇسا مېنى ياد ئېتەر،
ئۈمىدىم ماڭا بىر دۇئاسىن بېرەر.

6504 تىلەكىم بۇ ئەردى ئۈمىنجىم بۇ ئوق،
ئوقوغلى ماڭا بىر دۇئا ئىزگا ئوق.

يەشمىسى: تىلەكىم بۇ ئەردى ئۈمىدىم شۇلا،
ئوقۇغان ماڭا بىر دۇئادا بولا.

6505 تىلىم سۆزلەدى سۆز بىتىدى بىتىگ،
ئولور بۇ ئىلىگ تىل ئەي قىلقى سىلىگ.

يەشمىسى: تىلىم سۆزنى سۆزلەپ پۈتتۈدى قولۇم،
بۇ تىل قولغىمۇ بار ئېرور بۇ ئۆلۈم.

6506 ئۇنۇتما مېنى ئى ئوقوغلى تىرىگ،
ئۆزۈم دۇنيا قوزسا تۈشەنسە يىرىگ.

يەشمىسى: ئوقۇپ ئەي تىرىك ئەر، ئۇنۇتما مېنى،
يېپىنغاندا مەن يەر قويۇپ دۇنيانى.

ئۇ دەۋر خانلىرىدىن ئىلتىپات كۆتمىگەن، شانۇ شۆھرەتكە قىزىقمىغان، شاھلاردىن تەپ تارتمىغان، بايلىققا قىزىقمىغان، بەلكى كىشىلەرنىڭ مەڭگۈ ياخشى ئۆتۈشىنى كۆزلەپ سۆزلىگەن ۋە شۇ ياخشى نىيەت بىلەن ئۆز ئارزۇسىغا يېتىشنى كۆزلىگەن ھەمدە

يەشىمى: يۇسۇپ سەن يارامىلىق، دۇرۇست سۆزنى ئېيت،
يارامسىزنى يوشۇر زەرەرلىك قارا.

دەپ ئىسمىنى بىر قېتىم ئېيتىپ سالمىغان بولسا، بەلكى بۇ ئە-
سەر مۇئەللىپى نامىنىڭ يۇسۇپلىكىنىمۇ ھېچكىم بىلمىگەن بولات-
تى. پۈتۈن ئەسەر ئىچىدە مۇئەللىپ ئۆزى ھەققىدە مۇشۇ بىر
«يۇسۇپ» تىن باشقا ھېچقانداق خەۋەر بەرمىگەن.

بۇ ھەقتىكى بىر ئاز كەڭرەك بىلىمنى پەقەت كېيىن يېزىلغان
نەسرىي، نەزمىي مۇقەددىمىلەردىن بىلىپ ئالالايمىز.

نەزمىي مۇقەددىمىدە بۇنداق دەيدۇ:

54. باقا كۆر كىتابنى بوتىرگىن كىشى،
ھۈنەر ئىگە ئەر ئەرمىش كىشىلەر باشى.

يەشىمى: كۆرەرسەن كىتابنى بۇ يازغان كىشى،
ھۈنەرلىك ئەرەنكەن، كىشىلەر بېشى.

55. بوتۇرلۇك فازايىل ئۇقۇشلار بىلە،
ئاراستە ئول ئەرمىش يوردىمىش كولە.

يەشىمى: بۇ تۆرلۈك پەزىلەت، ئەقىل - ئاڭ بىلە،
ئۇ ئەرمىش بېزەنگەن، يۈرەرمىش كۈلە.

56. بوتۇنلۇك مە ھۆرمەت بو زوھدلىك ئوزە،
ساقىنوق بىلىكلىك ئارىغلىغ ئوزە.

يەشىمى: ئۇ توغرا، با ھۆرمەت بىر زاھىت ئېرۇر،
بىلىملىك ۋە تەقۋا، ئېرىغ - پاك يۈرۈر.

بۇ مەڭگۈلۈكى مەڭگۈ قالغاي خۇش ھىدلىرىنى چېچىپ، مەدەنىيەت تارىخىمىزنى يورۇتۇشقا پارلاق يوللارنى ئېچىپ...

## پارچە

سىزدۇرۇپ قان، كۆيدۈرۈپ جان، تىرىشىپ ئەجدادىمىز،
قىلدى «قۇتادغۇبىلىك» تەك خەزىنىنى مىراسىمىز.
قانچە ماختانساقمۇ ئاز، لېكىن ئۇنۇتمايلى شۇنى،
نېمە مىراسلارنى كۆتەر، بىزدىن يەنە ئەۋلادىمىز ...

## 3. ئەسەر مۇئەللىپى، ئىسمى، تۇغۇلغان يېرى، يېشى، ۋاپاتى

بۇ قىممەتلىك ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى — ئۆز دەۋرىنىڭ يېتىشكەن پەيلاسوپ پازىل ئالىمى، پەن - مەدەنىيەت خىزمەتچىسى، قارا خانىلار دۆلەت ئاپپاراتى ئىچىدە مۇھىم ۋەزىپىلەرنى بېجىرگەن، ئۆز زامانىسىنىڭ سىياسىي ۋە ئىلمىي ئەربابى، ئەدىب، شائىر بىر زات ئىدى.

بۇ زات پۈتۈن ھاياتىنى خەلق پايدىسىغا بېغىشلىغان، بىغەرەز ئەسەر ئىجاد قىلغان بىر كىشى بولۇپ، بۇنداق ئالىي غايىلىك مۇئەللىپ جاھاندا ئاز ئۇچرايدۇ. ئۇ شۇنچە زور ئەسەرنى ھېسابسىز رەنج — مۇشەققەت چېكىپ ئىجاد قىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ نەسىل زاتى، تۇغۇلغان ۋە تۇرغان يېرى توغرىسىدا ھېچقانداق ئېغىز ئاچمىغان. پەقەت ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىگە پەندى - نەسىھەت بېرىش ئۈچۈن قەلەم تەۋرىتىپ كېتىپ بېرىپ، گويا ئىختىيارسىز يېزىپ تاشلىغاندەك، 6657 - بېيىتتە:

ئى يۈسۈپ! كېرەك سۆزنى سۆزلە كونى،
كېرەكسىز سۆزۈڭ كىزلە! قىلغا قورا،

62. بۇ خاس ھاجىب ئاتىن تىگورەمىش موڭا،
مونى بو ئۆزىگە ياغوتمىش يانا.

يەشمىسى: ئۇنىڭغا بېرىپ خاس ھاجىپلىق ئېتىن،
ئۇنى ئەيلەمىشتۇر ئۆزىگە يېقىن،

63. بومەئنى ئۇچۇن كور ئاغىرلار ئونى،
يۇسۇپ خاس ھاجىب تىپ ئايورلار كۈنى.

يەشمىسى: بۇ مەنا ئۈچۈن كور قەدىرلەر ئۇنى،
يۇسۇپ خاس ھاجىپ دەپ ئاتارلار كۈنى.

نەزمىي مۇقەددىمىسىدىن خېلى كۆپ يېزىلغان نەسرىي مۇقەددىمىسىدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«... بۇ كىتابنى تەسنىف قىلغىلى بالا سالاساغۇن مەۋلۇداۋغ (بالاسا غۇندا تۇغۇلغان) پەرھىز ئىزىسى (تەقۋادار) ئەر تۇرۇر. ئەمەما بۇ كىتابنى كاشغار ئىلىندە تۇگەل قىلىپ (تۈگىتىپ)، مەشرىق (شەرق) مەلىكى (شاھى) تاۋغاچ بۇغرا خان ئۇسكىنىگە (ھوزۇرىغا) كىگورمىش تۇرۇر. مەلىك بۇغرا خانىما ئانى ئاغىرلاپ ئۇ ۋغلاپ ئۆز خاس ھاجىپلىكىنى ئاڭا بىرۇ يادلىقا مىش تورۇر. ئانىڭ ئۇچۇن يۇسۇپ ئۇلاۋغ خاس ھاجىپ تىپ ئاتى جاۋى ئاجوندا يايىلمىش تورۇر ...»

مۇقەددىمىلەردە يېزىلغان مۇشۇ سۆزلەردىن باشقا مۇئەللىپ ھەققىدە دۇنيادا تېخىچە بىرەر ئىز مەۋجۇت ئەمەس. ئۇنىڭ ئاتىسى كىملىكى ھېلى ھەم ئېنىق ئەمەس. مۇقەددىمىدىكى «... بالا ساغۇن مەۋلۇداۋغ ...» دېگەن جۈملىدىن ئۇنىڭ بالا ساغۇندا تۇغۇلغانلىقىنى، «... كاشغار ئىلىندە تۇگەل قىلىپ ...» دېگەن جۈملىدىن قەشقەردە يېزىپ تاماملىغانلىقىنى بىلەلەيمىز. (بالا سا-

57. بوتەنگى توروغلاغ كوز ئوردو ئېلى،
توپ ئەسلى نەسەبتىن يورىمىش تىداى.

يەشمىسى: تۇرۇغلۇق ماكانى «قۇز ئوردۇ» ئېلى،
تۇپ ئەسلى نەسەبتىن خەۋەرچى تىلى.

58. بوتوغمش ئىلىندىن چىقىپ بارغانى،
كىتابنى قوشىپان توكىل قىلغانى.

يەشمىسى: ئۇتۇغقان ئېلىدىن كېتىپتۇ چىقىپ،
كىتابنى نەزىمگە قوشۇپ تۈگىتىپ.

59. باروسىن بىتىمىش يىتورمىش نىزام،
بۇ كاشغار ئىلبىندە قوشۇلمىش تامام.

يەشمىسى: پۈتۈن ھەممىسگە بېكىتكەچ نىزام،
ئۇنى قەشقەر ئىچىندە قىلغان تامام.

60. مەلىكىنىڭ ئوڭىندە ئوقىمىش ئونى،
بو تاۋغاچ قارا بوغرا خانلار خانى.

يەشمىسى: ھوزۇرىدا خانىنىڭ ئوقۇغان مۇنى،
ئۇ تاۋغاچ قارا بۇغرا خانلار خېنى.

61. ئاغىرلامىش ئارتۇق ئوكوش خىلئاتى،
قالىمنىڭ ماقى تىپ ئوكوش ھۆرمىتى.

يەشمىسى: قەدىرلەپ ئۇنى كۆپ بېرىپ خىلئىتى،
قەلەم ھەققى دەپ كۆپ قىلىپ ھۆرمىتى.

يەشمىسى: ماڭا تەككۈزۈپ قولىنى ئەللىك ياشىم،
قوغۇ قىلدى قوزغۇن تۈسىدەك باشىم.

دېگەن بېيىتىغا قارىغاندا، بۇ ئەسەرنى يازغان ۋاقىتتا شائىرنىڭ ئەللىك ياش ئىكەنلىكى بىلىنىدۇ. مۇشۇنداق سېلىشتۇرما قىلغاندا شائىرنى ھىجرىيە 412 - يىللىرى، مىلادىيە 1019 - يىللىرىدا تۇغۇلغان دەپ ئېيتىش مۇمكىن.

ئۇنىڭ ۋاپاتى توغرىسىدا ھېچقانداق يەردە ئىز يوق. ئەمما ئەسەرنىڭ ئايىغىدىكى قوشۇمچە قەسىدە بىزگە يۈسۈپنىڭ خېلى ياشانغان بىر ھايات مەنزىللىرىنى بېسىپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى ئەللىك ياش كىشى قېرىلىقتىن بۇنچە زارلانمىدىغان ۋاقىت ئەمەس. ئەمما بۇ قەسىدە ياشلىققا قاتتىق ئېچىنىشلىق ھەسرەتلەر بىلەن تولغان:

6521. يۈرگىلى بولىت تىگ يىگىتلىكنى ئىزتىم،
توپى يىل كىچەر تەگ تىرىگلىك تۆكەتتىم.

يەشمىسى: ئۆتۈپچى بۇلۇتتەك يىگىتلىكنى ئىزتىم،
بوران يەل ئۆتەردەك ھاياتنى تۈگەتتىم.

6522. ئىسىزىم يىگىتلىك ئىسىزىم يىگىتلىك،
توتا بىلمەدىم مەن سېنى تەرك قاچتىم.

يەشمىسى: ئېسىت ھەي يىگىتلىك، ئېسىت ھەي يىگىتلىك،
تۇتۇش بىلمىدىم مەن سېنى تېز قاچتىم.

6523. يانا كەلگىل ئەمدى يىگىتلىك ماڭاسەن،
ئايادا توتايىن ئاغى جوز توشەتتىم.

غۇن ھازىر خارابىگە ئايلانغان، ئورنى نامەلۇم. تەخمىن قىلىنىشىچە چۇ دەرياسى بويىدا، ئىسسىق كۆلنىڭ يېنىدا ئىدى، كۆز ئوردۇ دەپمۇ ئاتىلاتتى.) ئەگەر بۇمۇ يېزىلمىغان بولسا بولغۇنكى ئىلىم دۇنياسى بۇنىمۇ بىلمىگەن بولاتتى.

مۇئەللىپىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى:

بۇ خۇسۇستا ئەسەر مۇقەددىمە بىزگە ھېچقانداق مەلۇمات بەرمەيدۇ. ئەمما شائىرنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتلىرىدىن بۇ توغرىدا بەزى مۇلاھىزىۋى خۇلاسىلەرنى چىقىرالايمىز:

6495. يىل ئالتمىش ئىكى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
بىتىيۇ توكەتتىم بۇ سۆز ئۈلگۈلە.

يەشمىسى: يىل ئاتمىش ئىككى ئەردى تۆت يۈز بىلە،
تۈگەتتىم سۆزۈمنى پۈتۈپ ئۈلگۈلە.

بۇنىڭدىن شائىرنىڭ بۇ ئەسەرنى ھىجرىيە 462 - (مىلادى 1069 — 1070 -) يىلىدا يازغانلىقى بىلىنىدۇ.

يۈسۈپنىڭ بۇ زور ئەسەرگە سەرپ قىلغان ۋاقتى 18 ئاي يەنى بىر يېرىم يىل بولۇپ، ئۇنى بۇ بېيىتلەردىن بىلىمىز:

تۈگەل ئون سەككىز ئايدا ئايدىم بۇ سۆز،
ئۈزۈردۇم ئازىردىم سۆز ئەۋرىنى تىرا،

يەشمىسى: تولۇق ئون سەككىز ئاي تۈگەتتىم بۇ سۆز،
يېزىپ تاللىدىم سۆز، تىزىپ ھەم تىرە.

ئەمدى شائىرنىڭ:

تىگوردى ماڭا ئىلگىن ئەلىگ ياشىم،
قوغو قىلدى قوزغون توسى تىگ باشىم.

یەشمىسى: قىزىل ئەردى مەڭزىم تامام ئەرغىۋاندەك،
بۇكۈن ئۇڭا زەپەر ئۇرۇغىن سۈرۈتتىم،

6530. يىپارسىغ قارا باشقا كافىر ئاشودۇم،
تولون تىگ تولو يوز قايوقا ئىلەتتىم.

یەشمىسى: ئىپاردەك قارا باشقا كاپۇر پۈركىدىم.
تولۇندەك تولۇق يۈزنى نەگە ئەۋەتتىم.

6531. يارۇق ياز تىگ ئەردىم تۈمەن تو چېچەكلىگ،
خازانمۇ توشۇتتۇم قامۇغنى قورتتىم.

یەشمىسى: يورۇق يازدەك ئەردىم تۈمەن رەڭ چېچەكلىك،
خازان بولدىمىكىن ھەممىنى قۇرۇتتۇم.

6532. قادىڭ تىگ بودوم ئەردى ئوق تەگ كونى توز،
ياتىگ ئەگرى بولدى ئەگىلدىم توڭتتىم.

یەشمىسى: قېيىندەك بويۇم ئەردى ئوقتەك دۇرۇست تۈز،
بولۇپ ئەگرى يادەك ئېگىلدىم ئېڭىشتىم.

مۇشۇلارغا قاراپ ئەسەر مۇئەللىپىنىڭ ھايات مەنزىللىرىنىڭ يەتمىش - سەكسەنلىرىنى باسقانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا بولىدۇ.

4. ئەسەرنىڭ نامى، تۈرى، ۋەزنى تىلى، ھەجمى

ئەسەرنىڭ نامى:
ئەسەرنىڭ نامى ئەسەر ئىجادچىسىنىڭ يازغان:

يەشمىسى: يەنە كەلگىن ئەمدى يىگىتلىك ماڭاسەن،
تۇتاي ئالقىنىمدا ئاغى جۈز تۆشەتتىم.

.6524 ئىسسىز بۇ يىگىتلىك قانى قانچا باردى،
تىلەپ بولمادىم مەن نەچچە مە تىلەتتىم.

يەشمىسى: ئېسىت بۇ يىگىتلىك قېنى نەگە كەتتى،
تىلەپ تاپمىدىم مەن كى شۇنچە تىلەتتىم.

.6325 تىرىكلىككە تاتلىغ سۆجىك جان سىڭىنچى،
يىگىتلىك تەگ ئەزگۈ يوق ئىرمىش ئايىتتىم.

يەشمىسى: ھايات تاتلىقى ئۇ شېرىن جان سۆيۈنچى.
يىگىتلىكتەك ئەزگۈ يوق ئەرگۈن ئايتتىم.

.6527 قارىلىقتا قورىيوق كۆنى توردوم ئەرسە،
ياۋالىقتا ئىسسىز تىرىكلىكنى ئىزتىم.

يەشمىسى: قېرىلىقتا ئەيىب يوق ئىدى توغرا يۈرسەم،
ئىستىكىم ئۆمۈرنى ئەجەب زايە ئەتتىم.

.6528 ئىسرىكەپ ئاچىر مەن ساڭا ئاي يىگىتلىك،
قاموغ كۆركىمنى سەن يىراتتىڭ يىراتتىم.

يەشمىسى: دەرىخ ئېچىنارمەن ساڭا ئەي يىگىتلىك،
جىمى ئۈزلۈغۈمنى يوقاتتىڭ يوقاتتىم.

.6529 تىمام ئىر غوۋان تىگ قىزىل مەڭزىم ئەردى،
بو كون زافىران ئورغىن ئەڭدە تارتتىم.

[ئايىغى ئېلىپ تاشلانغان، بىر-بىرىگە يېقىن سەككىزلىك بەھرى (فەئۇلۇن / فەئۇلۇن / فەئۇلۇن / فەئۇل)، «ن» ھەرپى ئېلىپ تاشلانغانلىقتىن «مەھزۇف» دېيىلىدۇ)] ۋەزنى بىلەن يېزىلغان بولىدۇ. بۇ ۋەزنىدە سۆزلەر بۇنداق تەقرىز (كېسىلىش) قىلىنىدۇ.

كىتاب ئا/تى قويدۇم/قۇتادغۇ/بىلىك،
قۇتاتسۇ/ئوقۇغچى/غاتۇتسۇ/ئىلىك.
(فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇل.)

بۇ ئەسەرنىڭ ئىچىدە شائىر 3805 - بېيىت بىلەن كىتاب ئاخىرىدىكى ياشلىقىغا ھەسرەت چېكىپ، قېرىلىقىغا ئىچىنىش دەردىنىك قەسىدىسىنى بەھرى مۇتە قارىب مۇسەممەنى سالىم (ئاخىرى تولۇق، بىر - بىرىگە يېقىن سەككىزلىك بەھرى) بىلەن يازغان. مىسال:

يۈركىملى/بولمت تىمگ/يىگىتلىكنى/ئىزتىم/.
(فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن فەئۇلۇن).

ئارۇز ۋەزنىگە سېلىنغاندا مۇشۇنداق بولىدۇ. ئەگەر تۈرك نەزمى ئۆلچەم تۈرىنىڭ ئون بىر بارماق ۋەزنىگە سېلىنسا بۇنداق بولىدۇ:

| | | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ك | تاب | ئا | تى | قوي - | دۇم | قۇ | تاد | غۇ | بى | لىك |
| 1 | 2 | 3 | 4 | 5 | 6 | 7 | 8 | 9 | 10 | 11 |

بىز شائىرنىڭ بەزى يەرلەردە ئارۇزدىكى سۆزنى قىسقارتىش، ئۇزارتىش، سوزۇش قائىدىسىنى قوللانغانلىقىغا قاراپ، بۇ ئەسەر ئارۇز ۋەزنى بىلەن يېزىلغان دېگەن ئويدىمىز. مەسىلەن:

350. كىتاب ئاتى ئوردوم قۇتادغۇبىلىك،
قوتادسو ئۇقۇغلىقا تۇتسۇ ئىلىگ.

يەشمىسى: كىتاب ئاتى قويدۇم «قۇتادغۇبىلىك»،
قۇتادسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ.

دېگەن بۇ بېيىتى بويىچە «قۇتادغۇبىلىك» دۇر. «قۇت» سۆزى ئۇيغۇرلاردا «بەخت»، «سائادەت»، «مۇبارەك» مەنىسىدە بولۇپ، بۇ نام ئىككى ئىسىم ۋە بىر پېئىلدىن قۇرۇلغان. «قۇت» — ئىسىم، «ئادقۇ» — پېئىل، «بىلىك» — ئىسىم»، «قۇتادغۇبىلىك» (بەخت بەرگۈچى بىلىم) دېمەكتۇر. بۇ نامغا ھەر بىر تەتقىقاتچىنىڭ بەرگەن بىر تۈرلۈك مەنىلىرىمۇ بار. مەسىلەن: بار تولد «شاھلار بىلىمى»، تۈرك ئالىمى كافىسۇ ئوغلى «ھاكىمىيەت بىلىمى»، سادىرى مەخسۇدى «قانۇن قوللانمىسى»؛ رەشىت رەھمىتى ئارات «بەخت بەرگۈچى بىلىم» دېگەن. بىز مۇشۇنىڭغا قوشۇلىمىز. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك» دېگەن سۆز ھازىرقى ئۇيغۇرچە «بەخت بەرگۈچى بىلىم» دېگەن سۆزنىڭ ئۆز ئەينىدۇر.

ئەسەرنىڭ تۈرى:

«قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نەزمە تۈرى بويىچە يېزىلغان چوڭ نەزمىي ئەسەر بولۇپ، مەسنەۋى (ئىككىلىك) ئۇسلۇبى بىلەن تۈزۈلگەن. مەسنەۋىلىك ئۇسلۇبىدىن تاشقىرى مەاۇم رۇبائىلىرى بار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ۋەزنى:

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ ۋەزنى توغرىسىدا ئىلىم ئەھلىلىرى ئارىسىدا ئىختىلاپ بار. بەزىلەر: «ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان» دەيدۇ، يەنە بەزىلەر: «تۈرك بارماق ۋەزنىنىڭ ئون بىرلىك تۈرى بىلەن يېزىلغان» دەيدۇ. ئارۇز ۋەزنىدە يېزىلغان بولسا، ئۇ ئارۇز ۋەزنىنىڭ بەھرى مۇتە تارىبى مۇسەممەنى مەھزۇف ياكى مەقسۇر

تۇرايى، بارايى ئاچونوغ كىزەيى،
ۋاپالىغ كىم ئەرسە ئاچوندا تىلەيى.

6565 - دىن 6604 - گىچە 40 بېيىت، 80 مىسرا.

ئۈچىنچىسى، كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۆزىگە پەندى - نەسىھەت بەرگەن قەسىدىسى، مەتلىئى:

بىلىگ بىل ئۆزۈڭگە ئورۇن قىل تۇرا،
بىلىگ بىلسە ئۆزگە ئىزى بەرىك تورا.

6605 - دىن 6645 - گىچە 41 بېيىت، 82 مىسرا.

«قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى:

بۇ مەسىلە «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتىدا تېخىچە ھەل بولمايۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى. ئالىملار ئارىسىدا بۇ مەسىلە ئۈستىدە تۈرلۈك ئىختىلابلار مەۋجۇت. رۇس تەتقىقاتچىسى فادلوۋ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى بەزى ئۇ تىلغا، بەزى بۇ تىلغا يېقىنلاشتۇرغان بولسىمۇ، يەنە ئۆز كۆز قارىشىدا چىڭ تۇرالماي «قۇتادغۇ بىلىك» توغرىسىدا سۆزلىگەندە، «قۇتادغۇ بىلىك تىلى» دەپ ئاتاپ، ئەسەرنىڭ ئالتايلاشقان ترانسكرىپسىيىسىنى بەرگەن. تومسون «قۇتادغۇ بىلىك»نى نەپسىلىي ئۆگىنىپ چىققاندىن كېيىن فادلوۋنىڭ بۇ ترانسكرىپسىيىسىنى رەت قىلغان①. فادلوۋ كېيىن ئۆز خاتاسىنى ئىقرار قىلىپ، تومسوننىڭ پىكرىگە قوشۇلغان②. دېمەك، فادلوۋمۇ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى پالانى تىل دېيەلمىگەن. ئەمدى س. يې. مالوفقا كەلسەك، بۇ بىر يەردە «قۇتادغۇ بىلىك» نى چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر قاتارىغا قوشسا، يەنە بىر يەردە، ئۇيغۇر مۇسۇلمان يادىكارلىقى دەپ كۆر-

① س. يې. مالوۋ. «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى»، 1951 - يىل نەشرى.
② ۋ. رادلوپ «قۇتادغۇ بىلىك نەشرىگە بەرگەن ئاخىرقى سۆز».

كىتاب ئاتى قويدۇم قۇتادغۇ بىلىك،
قۇتادسۇ ئوقۇغلىقا تۇتسۇ ئىلىگ.

ئىككىنچى مىسراسىنى «قۇتادسۇن ئوقۇغۇچىغا تۇتسۇن ئىلىگ» دېسە ئون بىرلىك بارماق ۋەزنىگە ئوبدان چۈشەتتى. لېكىن شائىر «قۇتادسۇ... تۇتسۇ...» دەپ، ئىككى «ن» ھەرپىنى تاشلاپ يازغان. بۇنىڭ سەۋەبى ئارۇز ۋەزنىدىكى ئاھاڭدارلىقنىڭ تەكشىلىكىگە رىئايە قىلغانلىقتىن باشقا نەرسە بولمىسا كېرەك.

«قۇتادغۇبىلىك»نىڭ ھەجمى:

ھازىر قولىمىزدا بار ۋە تولۇق دەپ ھېسابلانغان تۈرك تىل قۇرۇمى تەرىپىدىن بېيىتلىغان، رەشىت رەھمەتى ئارات توپلىغان مەتىن بويىچە 6645 بېيىت 13290 مىسرا. بۇنى يەنە تولۇق دېگىلى بولمايدۇ. چۈنكى 6303، 6351، 6858 - بېيىتتىن ۋە سەرلەۋھىدىن كېيىن باشلانغان، 6859 - بېيىتتىن ئىلگىرىكى بېيىتلەر كەم، قانچىلىك كەم؟ بۇ تېخى ئېنىق ئەمەس.

بۇ ئەسەر ئۆزى سەكسەن بەش باب بولۇپ، قوشۇمچە قىلىنغان ئۈچ قەسىدە بار. بابلارنىڭ ئۇزۇن - قىسقىلىقى تەكشى ئەمەس. ئەسەرنىڭ ئۆزى 6520 بېيىت، 13040 مىسرا، ئايىغىدا ئۈچ ئىلاۋە قەسىدە بار.

بىرى، ياشلىققا ھەسرەت چېكىپ، قېرىلىققا ئېچىنغان قەسىدە، مەتلىئى:

يۈرگىلى بولىت تىنگ يىگىتلىكنى ئىزتىم،
توبى يىل كېچەر تىنگ تىرىكلىك توكەتتىم.

بۇ 6521 - دىن 6565 - گىچە 35 بېيىت، 75 مىسرا.

يەنە بىرى، «زامان زۇلمى دوستلار جاپاسى» ھەققىدىكى قەسىدە، مەتلىئى:

نىڭ، ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئىشلەتكەنلىكى»، «ئولتۇراقلاشقان شەرقىي ئۇيغۇر» دېيىشلىرى «ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئابىدىلەر»، شۇنىڭدەك مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركى خەلقلەرنىڭ فونېتىكا، گرامماتىكا قائىدىلىرىنى چۈشەندۈرۈشتە «ئۇيغۇر» سۆزىنى باشقا ئېلىپ، تۈركى خەلقلەر دېگەندە «بەزى» يەنى ئازچىلىقنى ئىپادە قىلىدىغان ئىبارىنى قوللانغانلىقىدىن «بۇغراخان تىلىنچە» دېيىلگەندە ئاساسەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئېغىز سالماقىنى تۇتىدىغانلىقىنى كۆرۈش قىيىن ئەمەس.

بۇنىڭدىن باشقا شۇ ئەسەر يېزىلىپ ھازىرغىچە 1000 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ، قەشقەردە «قۇتادغۇبىلىك» تە قوللىنىلىدىغان سۆزلەردىن بىرمۇنچىلىرى ئۇيغۇرلار ئاغزىدا يۈرمەكتە. مەسىلەن: قۇت (بەخت). تۇمەن دەرياسى بويىغا چىقسا ھايۋان بېدىكلىرىنىڭ ئالغۇچى ۋە ساتقۇچىنىڭ قولىنى سىلكىپ «قۇت ئاتسۇنمۇ» دەۋاتقانلىقىنى كۆرىمىز. شۇنىڭدەك ئۈز — چىرايلىق، ئۆگۈز — دەريا (قەشقەردە باھاردا مۇز ئېرىپ ھەر تەرەپتىن ئېرىپ چۈشكەن سۇنى ئەگىز دەيدۇ)، بۇتاق — شاخ — دەرەخنىڭ پۇتىقى. كىلىن — كېلىن، ئاغاچ — ياغاچ، يېلىڭ — يېلىڭ — يالىڭاچ، ئەش — ھەمراھ — بالىنىڭ ئانىدىن تۇغۇلغاندا بىللە چۈشكەن ھەمراھسى، تۇرا — قورغان، يېمىش — يېمىش، سىمىش — سەمىشكە. سۈچۈل — كېيىمنى سال، تون — تون چاپان، تول — تول خوتۇن.

تېخى بىز بۇ خۇسۇستا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىدۇق. ئېسىمىزدە قالغانلىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ شۇنداق ئېيتالايمىزكى: «قۇتادغۇ بىلىك» - ئۇيغۇر تىل قۇرۇمىغا ئىگە ۋە ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ يادىكارلىقى ۋە نەمۇنىسى. ئۇنىڭ تىلى باشقا تۈركى قەبىلىلەر تىلىغا قارىغاندا ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن ۋە ئۇيغۇن.

«قۇتادغۇ بىلىك» دىكى ئۇيغۇر تىلىغا ئۇيغۇن تەرەپلىرى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئۇيغۇرلاردا ھازىر قوللىنىۋاتقان سۆزلەر

سىتىدۇ①. دېمەك، فادىلوۋ ئەڭ ئاخىرىدا ئەسەر تىلىنى «ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ ئەسەرنى ئۆزبېكچىگە تەۋسىپ قىلىيان فىلولوگىيە پەنلىرى كاندىداتى قەييۇم كەرىمۇف نەشرىي مۇقەددىمىدىكى «... ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى قومۇغ (بۇتۇن) ئىتتىپاق بولدىلەركىم، شەرق ۋىلايىتىدە تۈركىستان ئىللىرىندا بۇغراخان تىلىنچە بۇ كىتابتىن ياخشىراق ھەرگىز كىم ئەسەر تەسنىف قىلمادى. بۇ كىتاب قايۇ پادىشاھقا ياقايۇ ئىقلىمغا تەكدى ئەسەر غايەت ئۇزلۇقىنىن ناھايەتتىن كىچا كوركلۈكىندىن تىكىيا بىرى بىر تۈرلۈك ئات قويدىلەر» دېگەن جۈملىلەرنى ستاتىستىكا كەلتۈرۈپ مۇنداق خۇلاسىگە كېلىدۇ: «بۇغراخان تىلىنچە دەپ نەزەردە تۇتۇلغان تىل بۇغراخان قول ئاستىدا بىرلەشكەن ھەممە ئاساسىي قەبىلىلەر ئۈچۈن چۈشىنىشلىك بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر قايۇ ئىقلىم ۋە قايۇ پادىشاھقا يەتسە ئۇلار تەرەپتىن قەدىرلىنىپ ئوقۇلغان. دېمەك، ئەسەر تىلى شۇ دەۋرتۈرك قەبىلىلىرى تىللىرى ئاساسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇڭا «قۇتادغۇ بىلىك»نى XI ئەسىردە ياشىغان بىرەر خەلقنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى دېگەن قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش ناتوغرا بولىدۇ».

بىزنىڭچە، بۇ نەشرىي مۇقەددىمىدە، «بۇغراخان تىلىنچە» دېيىلگىنى توغرا. ئەسەر شۇ چاغدا قەشقەردە بۇغراخان تىلى دەپ ئاتالغان خاقانىيە تىلى بىلەن يېزىلغان. ئەمما شۇنى ئەستە تۇتۇش لازىمكى، شۇ چاغدا قەشقەردە بۇغراخان دۆلىتىنى تەشكىل قىلغان غوللۇق خەلق ـ ئۇيغۇر مىللىتى ئىدى. بۇ مىللەت قەشقەردە ئاساسىي كۆپچىلىكنى تەشكىل قىلاتتى. «تۈركى تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشىغا دائىر مەلۇماتلارنى بەرگەندە: «ئۇيغۇرلارنىڭ، بەزى تۈركى خەلقلەرنىڭ شەھەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى»، «ئۇيغۇر ۋە بەزى تۈركى خەلقلەر-

① س. يې. مالوپ «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى»، 1951 - يىل نەشرى.

بۇ ئەسەر ئىجاد قىلىنىپ، نامەلۇم سەۋەب بىلەن بىر قاچە ۋاقىت يوشۇرۇنلۇق پەردىسى ئاستىدا قالغاندىن كېيىن قايتا تۇغۇپ چىققان دەۋردۇر. بۇ ھالنى بىزگە پەرغانە نۇسخىسىنىڭ بېشىغا يېزىلغان مەنزۇم ۋە مەنسۇر مۇقەددىمىلەر كۆرسىتىپ بېرىدۇ. نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ يېزىلىشى ئەئىلىق دەۋرىدىن ئانچە بەك ئۇزاق ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى نەزمىي مۇقەددىمىنىڭ تىلى «قۇتادغۇبىلىك» تىلىدىن كۆپ پەرقلىق ئەمەس. بۇ مۇقەددىمىلەردىمۇ كىتابقا مانا مۇنداق قىممەت باھا بېرىلگەن:

9. يىمە بۇ كىتاب ئۇل ئىزى ئۇك ئازىز،
بىلگىلىككە بولماي بىلىگدىن تەگىز.

يەشمىسى: يەنە بۇ كىتابتۇر ناھايەت ئېزىز،
ئالىملارغا بولغاي بىلىمدىن دېگىز.

10. يېزەنىش ئاغىرامىغ بىلىگلەر بىلە،
قالى كىم شۈكۈر قىل، قانائەت تىلە.

يەشمىسى: بېزەلگەن ئۇ قىممەت بىلىملەر بىلە،
ئى ئادەم، شۈكۈر قىل، قانائەت تىلە.

11. قامۇغ بارچە سىنىڭا بوگولەر سۆزى،
تىزىپ يىنجولەيو قامۇغ توپ توزى.

يەشمىسى: ھېكىملەر سۆزىنى ھەممىگە يېزىپ،
گۆھەر ئۈنچىلىرىدەك قويۇپتۇ تىزىپ.

12. بۇمەشرىق مەلىكى ماچىنلار يىگى،
بىلىگلىنگ ئۇقۇشلۇغ ئاجوندا بىگى.

ئۇستىدە بۇنىڭدىن كېيىن ئەلۋەتتە تەكشۇرۇش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بۇ ھەقتە پاكىتلار ئۆزى سۆزلەيدۇ.

### 5. بۇ ئەسەرنىڭ يوقلۇق تۇمانلىرى ئاستىدا كۆمۈلۈپ قايتا تۇغۇلۇپ چىققان چاغلىرى، ھەر قېتىملىقتا ئۇنىڭغا بېرىلگەن باھالار

بۇ ئەسەر يېزىلىپ ئوتتۇرىغا چىققاندىن كېيىن ئۈچ قېتىم دەۋر تۇمانلىرى بىلەن كۆمۈلۈپ، يەنە قايتا ئىلىم دۇنياسىغا نۇر چېچىپ تۇغۇلۇپ چىقتى.

ئۇنىڭ ئۇستىدىكى يوقلۇق تۇمانلىرى يوقىلىپ ھەر بىر تۇغۇلۇپ چىققان چاغدا، بۇ ئەسەرگە شۇ دەۋر ئەرباپلىرى تەرىپىدىن بېرىلگەن باھالار بۇ ئەسەرنىڭ قانداق قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاش بىلەنلا قالماي، ئەسەر بىلەن يېڭى تونۇشۇپ ئۇنى ئىپتىخار بىلەن تىلغا ئېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا بەزلەرنىڭ «نىمانچە قىلىشىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش، بۇ ئەسەرگە بولغان ئۆز، قاراشلىرىغا تۈزىتىش بېرىدۇ. چۈنكى پاكىت ھەممىدىن ئۇستۇن.

1) «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بىرىنچى قېتىم ئاشكارىلىنىشى:

بۇ چاغ ئەسەرنىڭ تۇنجى قېتىم يېزىلىپ قەشقەر سۇلتانى تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن ئىبنى سۇلايمان ئارسلان خانغا تەقدىم قىلىنغان ۋاقتىدۇر. بۇ ۋاقىت ھىجرىيە 462 -، مىلادى 1069 - 1070 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

بۇ ئەسەر خان ئالدىدا ئوقۇلغاندىن كېيىن ئۇنى ئېزىزلاپ قىممەتلەپ، ئەسەر ئىجادچىسىغا «خاس ھاجىپ» لىقتەك زور دەرىجىدە يۇقىرى ئۇنۋان بەرگەنلىكى بۇ كىتاب قىممىتىنىڭ جانلىق گۇۋاھچىسىدۇر.

ئىككىنچى قېتىم ئاشكارىلىنىشى:

يەشمىسى: پۇتۇن تۇرك چىن شەرق ئىلىدە دېمەك،
مۇنىڭدەك كىتاب يوق جاھاندا بۆلەك.

23. بۇ بۇغراخان ۋاقتى ئىچرە ئانى،
يىمە خان تىلىنچە بۇ ئايمىش مونى.

يەشمىسى: بۇ بۇغراخان ۋاقتى مۇئاللىپ ئۇنى،
يەنە خان تىلى بىرلە ئەيتمىش مۇنى.

24. مونى تەگ كىتابنى كىم ئايمىش ئوزا،
كىزنىمە كىم ئايغاي مونى تەگ توزا.

يەشمىسى: مۇنىڭدەك كىتابنى كىم ئېيتقان ئاۋۋال،
كېيىن كىممۇ ئېيتار مۇنىڭدەكنى دەل.

27. ئول ئېلىنىڭ بوگوسى مەكىمى تۇرۇپ،
ئات ئورمىش ئول ئېلىنىڭ توروچە كۆرۈپ.

يەشمىسى: ھەر ئەلنىڭ بىلىملىك ھېكىمى تۇرۇپ،
ئۆتۈپتۇ شۇ ئەل رەسمىچە ئات قويۇپ.

28. چىنلەر «ئەدە بۇل مولوك» تىپ ئايار،
ماچىنلار «ئەنىسول مەمالىك» ئاتار.

يەشمىسى: بۇ چىنلىق «ئەدە بۇل مۇلوك» ئاتىدى،
ماچىنلىق «ئەتىسۇل مەمالىك» دېمىدى.

129 بۇ مەشرىق ئېلىندە ئۇلۇغلار مونى،
«زىننەتول ئومېرا» تىيورلەر كونى.

يەشمىسى: ماچىنلار بېگى شەرق سۇلتانلىرى،
بىلىملىك ئاقىل، دۇنيا ياخشىلىرى.

13. قاموغ بۇ كىتابنى ئالىپ ئورلەمىش
غەزىنە ئىچىندە ئوروپ كىزلەمىش.

يەشمىسى: جىممىسى كىتابنى ئۆزىنىڭ قىلىپ،
يوشۇرغان خەزىنە ئىچىگە تىقىپ.

14. بىرسىنىدىن - بىرىنىگە مىراسلار قالىپ،
ئازىنلارقا بىرمىز ئۆزىنىڭ ئالىپ.

يەشمىسى: بىرىدىن - بىرىگە مىراس قالدۇرۇپ،
بۆلەكلەرگە بەرمەس ئۆزىگە قويۇپ.

15. ئاسىغلىغ تورور بۇ يوق ئول ھېچ ياسى،
ئوكۇش توركلەر ئوقماز مۇنىڭ مەنىسى.

يەشمىسى: ئېرۇر پايدىلىق ھېچ زىيان ئۇندا يوق.
تولا تۈركلەر مەناسىن ئوقماس ئولۇق.

18. ماچىنلار ھەكىمى بۇ چىن يومغىسى،
توزو بارچا ئايمىش مونىڭ ياقشىسى.

يەشمىسى: ماچىن چىن ھېكىمى ئۇلار بارچىسى،
گۈزەل دېيىشىپ ماختىدى ھەممىسى.

19. بۇ مەشرىق ئىلىندە قاموغ تۈرك چىن،
مونى تەگ كىتاب يوق ئاجوندا ئازىن،

قىممەتلىك ئۆمۈرلىرىنى سەرپ قىلىشتى ۋە قىلىشماقتا. ئۇنىڭغا ئۆزلىرى چۈشەنگەنگە قەدەر باھا بېرىشمەكتە. بۇ كىتابقا قانداق قەدىر - قىممەت بېرىلىۋاتقانلىقىنى تۆۋەندىكى ئۈچ تەتقىقاتچىنىڭ سۆزى ئىسپاتلايدۇ:

ئۇزۇن ۋاقىت «قۇتادغۇبىلىك» نى تەتقىق قىلىپ، بۇ ساھەدە ئالقىشقا سازاۋەر ئىلمىي ئىش قىلغان رەشىت رەھمەتى ئارات شۇنچە ئىشنى ئىشلىگەندىن كېيىن: «... ‹قۇتادغۇبىلىك› تېخى قول تەگمىگەن بىر ئابىدە ھالىتىدە تۇرماقتا» دەپ جاھانغا ئېلان قىلىدۇ.

ئۆزبېكىستان س س س ر پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەرىپىدىن «قۇتادغۇبىلىك»نى نەشرگە تەۋسىي قىلغان قەييۇم كېرىمۇف «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە ئۆزىنىڭ نۇرغۇن چۈشەنچىلىرىنى بەرگەندىن كېيىن «‹قۇتادغۇبىلىك› نىڭ قىممىتىنى مەۋجۇت مىزانلارنىڭ ھېچبىرى بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ» دەيدۇ.

«قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتچىلىرىدىن بىرى تۈركىيىلىك ئا. دىل ئاچار: «‹قۇتادغۇ بىلىك› — پارىلداپ تۇرغان كوچىلار بىلەن تولغان بىر شەھەردۇركى، كۆرگەنلەرنىڭ كۆزلىرى قامىشى-دۇ. ھەممە كوچىلارنى تاماشا قىلىپ چىقىش تېخى ھېچكىمگە مۇيەسسەر بولغىنى يوق. ھەر كىم ئۆزى كۆرگەن كوچىسىنى تە-رىپلەۋاتىدۇ» دەيدۇ.

## 6.«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىر بار نۇسخىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ پەيدا بولۇشلىرى

ھازىر دۇنيادا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچ نۇسخىسى بار:

1. ۋېنا ياكى ھىرات نۇسخىسى
2. پەرغانە ياكى نەمەنگان نۇسخىسى
3. مىسىر ياكى قاھىرە نۇسخىسى

يۇقىرىقىلارنىڭ ھەر بىرى تېپىلغان ياكى كۆچۈرۈلگەن ئورۇن-

يەشمىسى: بۇ شەرق ئەلىرىدە ئۇلۇغلاپ ئۇنى،
«زىننەتۇل ئۇمەرا» دېدىلەر كۈنى.

30. ئىرانلىقلار شاھنامە تىرلەر موگار،
تورانلىق «قۇتادغۇبىلىك» تىپ ئوقار.

يەشمىسى: ئىرانلىقلار «شاھنامە» دەپ ئاتىشار،
تۇرانلىق «قۇتادغۇبىلىك» دەپ ئاتار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئۈچىنچى قېتىم تارىخنىڭ قاراڭغۇ پەردىسى ئارقىسىدىن يورۇقلۇققا چىققانلىقىنى نەسرىي مۇقەددىمىدىن بىلىمىز. چۈنكى بۇ نەسرىي مۇقەددىمىنىڭ يېزىلىش ئۇسلۇبى ۋە نەزمىي مۇقەددىمىدە «ئەقىل » ئورنىغا «خىرەر» (پارسچە)، مەلىك ئورنىغا «شاھ» دەپ ئېلىنغانلىقى، ئەسەرنىڭ نەزمىي مۇقەددىمە يېزىلغاندىن كېيىن مەلۇم زامان يوقىلىپ كەتكەنلىكى، كېيىن ئوتتۇرىغا چىققاندا بۇ نەسرىي مۇقەددىمىنىڭ يېزىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. (نەسرىي مۇقەددىمىنىڭ مەلۇم جايلىرى يۇقىرىدا بېرىلدى)، بۇ مۇقەددىمىدىمۇ ئەسەرگە يۈكسەك باھا بېرىلگەن.

نەزمىي، نەسرىي ئىككى مۇقەددىمە ئارىسىدىكى يېزىلىش ئۇسلۇبى، سۆز قوللىنىشلىرى ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى جانلىنىشنىڭ بىر - بىرىدىن خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن يېزىلغانلىقىنى تەخمىن قىلدۇرىدۇ.

تۆتىنچى قېتىملىق ئاشكارىلىنىشى:

1914 - يىلى ئۆزبېك ئالىمى فىترەت تەرىپىدىن تېپىلىپ ئېلان قىلىنىش بىلەن باشلانغان. شۇندىن كېيىن ئىلىم دۇنياسى بۇ ئەسەرگە ناھايىتى ئېتىبار بېرىشتى. يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك نۇرغۇن ئالىملار بۇ كىتاب تەتقىقاتى ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ

خىمۇ تەخمىنى. فىترەت خەتنىڭ چىرايلىقلىقىغا قاراپ، ھىرات نۇسخىسىدىن بۇرۇن كۆچۈرۈلگەن دەپ تەخمىن قىلىدۇ. ئەرەب يېزىقى مۇتەخەسسىسى مورتىز بۇ شەكىلدىكى ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ VI — VII ئەسىرلەردە ئىراندا مەۋجۇتلۇقىغا ۋە بۇ شەكىلنىڭ سۈرىيە، مىسىردا ئەييۇبىلەر زامانىسىدا (1174 — 1252،569 — 650) ئىشلىتىلگەنلىكىگە قاراپ پەرغانە نۇسخىسىنىڭ مىسىر نۇسخىسىدىن ئىلگىرى، بەلكى VII - ھىجرىيىسىدە (ياكى ھىجرىيىنىڭ 700 - يىللىرىدا) يېزىلغانلىقىنى گۇمانىي پەرەز قىلىدۇ. سەرلەۋھە، ۋە رۇبائىيلارنى ئالتۇن سۈيى بىلەن يازغان بەزى ئۇخشىماسلىقلارغا قاراپ بۇ نۇسخا قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ جانلىق گۈللەپ - ياشنىغان دەۋرلىرىدە يېزىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەخمىن قىلىماقتا. بىر - ئىككى كەم بەتنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ نۇسخا بەك ياخشى ۋە تولۇق ساقلانغان.

3. مىسىر نۇسخىسى: بۇ نۇسخا 1896 - يىلى قاھىرىدىكى خىدىۋ (سۇلتانلىق) كۇتۇپخانىسىنىڭ شۇ چاغدىكى مۇدىرى مورتىز تەرىپىدىن كۇتۇپخانا كىتابلىرىنى رەتلەشتە چۇۋۇق ھالدا تاشلاپ قويۇلغان رەتسىز قەغەز پارچىلىرى ئارىسىدىن تېپىۋېلىنغان. ئۇ بۇ ئەسەرنىڭ پارچىلىرىنى تېپىپ رەتلىگەن.

رادلوفنىڭ مەلۇماتىچە بۇ كىتابنىڭ بەتلىرى 35 — 36 سانتىمېتر بولۇپ، قۇرلىرى 18.5 سانتىمېتر ئۇزۇنلۇقتا، 1.5 سانتىمېتر كەڭلىكتە، ئوقۇشقا ئاسان ئەرەب ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغان. كىتابنىڭ باش بېتى، سەرلەۋھە، رۇبائىيلار ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلىپ نەقىشلەنگەن.

### 7. «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان دۆلەتلەر ۋە ئالىملار

«قۇتادغۇبىلىك» — ئۆزى ئىجاد قىلىنغان ۋاقتتىن تارتىپ ھەر قايسى مەملىكەتلەردىكى ئىلىم ئەھلىلىرى قەدىرلەپ

لىرىغا قاراپ شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇلارنىڭ ئىچىدە دۇنياغا دەسلەپ مەلۇم بولغىنى — ھىرات نۇسخىسىدۇر. بۇ نۇسخا ھىراتتا كۆچۈرۈلگەنلىكتىن «ھىرات نۇسخىسى»، ۋېنا كۇتۇپخانىسىدا ساقلانغانلىقتىن ۋېنا نۇسخىسى دېيىلىدۇ. بۇ نۇسخا ئەرەب ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلۈش نۇسخىدىن ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈۋېلىنغان، كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى «قۇتادغۇ بىلىك» يېزىلغان تارىختىن 370 يىل كېيىن. بۇ نۇسخا باشتا تۇگات ۋىلايىتىگە، ئاندىن كېيىن ھىجرىيە 879 - ، مىلادى 1474 - يىلى ئىستانبۇلغا كىرگەن. ئاۋستىرىيىلىك شەرقشۇناس ھاممىر يۇرگىستال ۋېناغا ئېلىپ بېرىپ ۋېنا كۇتۇپخانىسىغا تاپشۇرغان. ۋېنگرىيە ئالىمى ئارمىن ۋامبېرى، رۇس ئالىملىرىدىن رادلوفلار XIX ئەسىر ئاخىرلىرىدىن تارتىپ پارچىلاپ تەرجىمە قىلىپ دۇنياغا ئاشكارىلىغان.

2. پەرغانە نۇسخىسى: «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ھازىر مەۋجۇت نۇسخىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ تولۇق ۋە ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخا مۇشۇ نۇسخىدۇر. بۇ نۇسخىنى 1914 - يىلى زەكى ۋەلىدى نەمەنگاندىن تېپىۋېلىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدە بىرئاز ئىشلىگەن. شۇڭا بۇ نۇسخىنى نەمەنگان نۇسخىسى دەپمۇ ئاتايدۇ.

شۇندىن بىر قانچە ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن بۇ نۇسخە مەلۇم زامان ئىزسىز يوقىلىپ كەتكەن، كېيىن پروفېسسور فىتردىتنىڭ قولىغا چۈشكەن. ئۇ «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ژۇرنىلىدا بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات بىلەن بۇ نۇسخىنىڭ 145 - بېتىنىڭ فوتو سۈرەتكە ئېلىنغان فاكسىمىلىنى بەرگەن. نۇسخا ھەققىدە يېزىلغان بۇ ماقالىدىن بەتلىرىنىڭ چېچىلىپ قايتا تۈپلەنگەنلىكىنى، رۇبائىلارنىڭ ئالتۇن سۈيى بىلەن يېزىلغانلىقىنى بىلگىلى بولىدۇ. زەكى ۋەلىدى بۇ نۇسخىنى نەمەنگاندا بىر شەخسنىڭ كۇتۇپخانىسىدا كۆرۈپ قېلىپ، بۇ توغرىدا مەلۇمات يازغان. باش - ئايىغى تولۇق ئەمەس، كىم ئۈچۈن، كىم تەرىپىدىن يېزىلغان بەتلىرىمۇ يوقاپ كەتكەن. يېزىلغان ۋاقىت، تارى-

«قۇتادغۇبىلىك» قاراخانىلار زامانىسىدا يېزىلغان. قاراخانىلار سۇلالىسى يۇقىرىقى چىندىن خەزەر دېڭىزىغىچە بولغان كەڭرى زېمىننى ئىشغال قىلغان بىر سەلتەنەت بولۇپ، 890 - يىلدىن 1222 - يىلغىچە 332 يىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان. «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ يېزىلغان ۋاقتى قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ 180 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت قاراخانىلارنىڭ گۈللىنىپ كامالىغا يەتكەن (ئىچكى قارىمۇ قارشىلىق بىلەن تولغان بولسىمۇ) كۈنلىرى بولۇپ، ئىلىم - مەرىپەت، مەدەنىيەت ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە ياشناپ تەرەققىي قىلىۋاتقان، ھەر ساھەدە ئالىملار يېتىشىپ چىققان زامان بولغان. لېكىن، ئەپسۇسكى، قاراخانىلار دەۋرىنىڭ پىكىر ۋە سەنئەت ھاياتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان «قۇتادغۇبىلىك»، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن زورراق باشقا ئەسەرلەر قولغا چۈشمىگەن. ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى زور دىققەت بىلەن قاراپ چىققان بار تولدمۇ، قاراخانىلار دەۋرىدە يېزىلغان ئەسەرلەردىن مەجدىدىن مۇھەممەد بىن ئادناننىڭ «تۈركىستان ۋە خىتاي» ناملىق ئەسىرىنى، مۇھەممەد بىن ئەلىنىڭ «ھاكىمىيەتنىڭ سىياسىي مەقسەتلىرى» دېگەن ئەسىرىنىلا كۆرسىتەلىگەن.

ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۈچ يېرىم ئەسىرگە يېقىن ھۆكۈمرانلىق قىلغان بۇ سۇلالىدىن ئەڭ ئاۋۋال ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان خان ئابدۇلكېرىم ساتۇق بۇغرا قاراخاندۇر. بۇ كىشى سامانىلار خاندانىغا مەنسۇپ شاھزادە ناسىرنىڭ تەسىرى بىلەن ئون ئىككى ياشتا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، يىگىرمە بەش ياشتا قاراخانىلار تەختىدە ئولتۇرغان. ھىجرىيە 344 - يىلى، مىلادى 960 - يىلدا ۋاپات بولۇپ ئاتۇشتا دەپنە قىلىنغان.

بۇ دەۋرلەردە قاراخانىلار ھاكىمىيىتىنىڭ ئىككى پايتەختى بولۇپ، بىرى — قەشقەر (ئوردۇ - كەنت)، يەنە بىرسى بالاساغۇن (كۈز ئوردۇ) ئىدى. «قۇتادغۇبىلىك» ئەسىرى مۇشۇ قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدە ھىجرى 462 -، مىلادى 1069 — 1070 -

تەتقىق قىلىپ كەلگەن بىر ئەسەردۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نى تەتقىق قىلىش XIX ئەسىرنىڭ بىرىنچى چارىكىدە كەڭ قانات يېيىشقا باشلىدى. شۇندىن كېيىن ۋاقىت - كۈنى ئوخشاش بولمىغان ئىلگىرى - كېيىنلىك بىلەن دانىيە، گېرمانىيە، ۋېنگىرىيە، چاررۇسىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى، تۈركىيە، ئىتالىيەقاتار- لىق دۆلەتلەردە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىش ئىشلىرى باشلاندى. گېرمانىيىلىك ئالىم ئۇتتۇئولبېرت، ۋېنگىرىيىلىك ئالىم ۋامبېرى، رۇسلاردىن س. ئې. مالوف ۋە رادلوف، بارتولد، سامايلوۋىچ، ئىتالىيىدىن بومباچى، تۈركلەردىن رەشىت رەھمەتى ئارات، ئا. دىل ئاچار، سەدرى مەقسۇدى، نەجىب ئاسىم، كوپرۈلى پۇئات زادە، ئۆزبېكلەردىن فىترەت زەكى ۋە- لىدى، دانىيىدىن تومسىن، بروكلىمان ھارتىمانغا ئوخشاش ئالىملار «قۇتادغۇبىلىك» ساھەسىدە نۇرغۇن ئىشلەشتى. تۈركىيە تىل قۇرۇمى ۋە سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى بۇ ئەسەرنى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىشتى. ئەنگلىيە، گېرمانىيىلەردە ئايرىم بابلىرى ئۆز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇلار ئۆز كىتابخانا ۋە مۇزېيخانىلىرىنى بۇ قىممەتلىك ئەسەر بىلەن تەمىنلىمەكتە. يېقىندىن بۇيان ياپونىيىنىڭ ھەم «قۇتادغۇبىلىك» تەتقىقاتى ئۈچۈن كىرىشكەنلىك خەۋىرى ئاڭلانماقتا.

## 8. «قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان زامان

قانداق بىر ئەسەر بولسۇن ئۇنى چۈشىنىش ئۈچۈن دەسلەپ- تە شۇ ئەسەر يارىتىلغان زامان بىلەن تونۇشۇش زۆرۈر بولىدۇ. چۈنكى يازغۇچىنىڭ ئىجادى ھەر قاچاندا ئۇنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇڭا «قۇتادغۇبىلىك» نى ۋە ئۇنىڭ مۇئەللىپىنى چۈشىنىشتە، شۇ ئەسەر ئىجاد قىلىنغان زامان بىلەن بىر قۇر ئاشنا بولۇش لازىم.

ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپى توغرىسىدا بەرگەن مەلۇماتى رەسمىي ئىلاۋىلەردە قايسى ھەرپنىڭ ئاساسىي ھەرپلىكىنى ئىسپاتلاشتا ھۆكۈم چىقىرالايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى «تۈرك يېزىقى» دەپ ئاتىغان «ئۇيغۇر ھەرپى» نىڭ شۇ ۋاقىتتا تۈركلەر ئارىسىدا قوللىنىلىپ كېلىنگەن باشقا يېزىقلار بىلەن بىللە ئالاھىدە بىر يېزىق بولۇپ قوللىنىلىپ كېلىنگەنلىكى مەلۇم. قەشقەردىن يۇقىرى چىنغىچە بولغان جايلاردىكى ھاكىملار يارلىقلىرىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىغا قارىغاندا، ئۇيغۇر ھەرپىنىڭ ھاكىم ئوردىدا تۇرۇۋاتقانلىقى بىلىنىدۇ. ئەرەب ھەرپلىرىنىڭ قاچاندىن باشلاپ ھۆكۈمران ئوردىغا چىققانلىقى نامەلۇم. ئۇيغۇر ھەرپى ئوتتۇرا ئاسىيا، ئالتۇن ئوردا ئىران تەۋەلىرىدىكى دۆلەتلەردە XVII ئەسىرگىچە، بەزى چاغلاردا ئىستانبۇلدا فاتىھ سۇلتان ۋاقتىغىچە قوللىنىلغان ئەھۋالغا قارىغاندا، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ بۇغراخانغا تەقدىم قىلىنغان نۇسخىسىنىڭ ئۇيغۇر ھەرپلىرى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىش ھازىرچە توغرا. يۇقىرىقىلار — رەشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ مۇلاھىزىسى.

بەزى ئالىملار بۇ پىكىرگە قوشۇلمايدۇ. شۇ جۈملىدىن س. يې. مالوف: «مۇئەللىپ ئەڭ ئاۋۋال ئۆز ئەسىرىنى ئەرەب ھەرپى بىلەن يازغان» دەيدۇ. قاھىرە ۋە نەمەنگان نۇسخىلىرىدا شۇ زامان يادىكارلىقى بولغان «تۈركى تىللار دىۋانى» دىكىگە ئوخشاش فونېتىك ۋە مورفولوگىك خۇسۇسىيەتلەرنىڭ بارلىقى بۇ دەۋردىكى نۇرغۇن باشقا ئەسەرلەرنىڭ ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىنى، شۇ دەۋردىكى ئەرەب يازۇسىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقىنى، ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن كۆچۈرۈلگەن «ھىرات نۇسخىسى» نىڭمۇ XV ئەسىردە كۆچۈرۈلگەن ئەرەب نۇسخىسىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكىگە قارىسا، ئەرەب يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرىنى كونىراق دېيىشكە بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ كېلىپ، مۇشۇلارغا قاراپ «مۇ

يىللاردا خان بولۇپ تۇرغان، قەشقەر تەختىدە ئولتۇرۇقلۇق تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇ ئەلى ئىبنى سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىنغان. «قۇتادغۇ بىلىك» مانا شۇ ئىجتىمائىي مۇھىتنىڭ مەھسۇلىدۇر. شۇنداق بولغانلىقتىن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەتقىقاتى ئۈچۈن ئەڭ ئاۋۋال قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ ھاياتى، دىنىي ئېتىقادلىرى، ئىلمىي پائالىيەتلىرى، جەمئىيەتنىڭ بۇلار بىلەن بولغان ئالاقىلىرىنى كەڭ چۈشىنىش كېرەك. بۇنىڭسىز «قۇتاد غۇبىلىك» نىڭ ماھىيىتىنى تەتقىق قىلىپ يورۇتۇپ بېرىش قىيىن (بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز).

## 9. «قۇتادغۇبىلىك» نى مۇئەللىپ قانداق ھەرپتە يازغان؟

بۇ مەسىلە ھازىرغىچە «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدىكى تەتقىقاتتا ھەل بولماي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ ئىككىنچىسى. (بۇ ھەل بولمىغان مەسىلىلەر: 1. ۋەزنى؛ 2. قانداق ھەرپتە يېزىلغانلىقى؛ 3. مۇقەددىمىلەر كىمنىڭكى ئىكەنلىكى).

«قۇتادغۇبىلىك» يېزىلغان زاماندا قەشقەر ۋە ئۇنىڭغا تەۋە جايلاردا ئىسلامىيەت ئاساس سېلىپ، ئىسلام ئەدەبىياتىنىڭ كەڭ تارقالغانلىقى ئېتىبارغا ئېلىنسا، بۇ يەرلەردە ئەرەب ھەرپى بىلەن ئۇيغۇر ھەرپىنىڭ بىر قاتاردا يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئېتىراپ قىلماي مۇمكىن ئەمەس. «قۇتادغۇبىلىك» تەقدىم قىلىنغان ھۆكۈمدار دەۋرىدە، يەكەندە يېزىلغان ھۆججەت ۋە مەھكىمە خەتلىرىدە ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىرى بولغىنىدەك، ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىرىمۇ بار بولغان. گۇۋاھلارنىڭ بەزىلىرى ئەرەب ھەرپى بىلەن ئىمزا قويسا، بەزىلىرى ئۇيغۇر ھەرپى بىلەن ئىمزا قويۇشقان. ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى بولسا بۇ ھەر ئىككى ھەرپتىن تولۇق خەۋەردار بولغانلىقى چوقۇم. بۈيۈك

مۇسۇلمان تۇرۇقلۇق، دىندار مۇسۇلمان بىر خانغا قانداق قىلىپ ئۆز ئەسىرىنى مۇسۇلمان بولمىغان ۋاقتىدىكى ھەرپ بىلەن يېزىپ تەقدىم قىلالىسۇن!؟ بۇنداق ھەرپ بىلەن يېزىلغان كىتاب بىر مۇسۇلمان خاننى قانداق رازى قىلالايدۇ! شائىرنىڭ ئۆز ئەسىرىنى ئىسلام دىنىنىڭ پرىنسىپلىرىغا زىت كېلىدىغان غەيرىي مۇسۇلمانلار ئىشلەتكەن ھەرپ بىلەن يېزىپ تەقدىم قىلىشى ئەھۋالغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. ئەگەر «مۇئەللىپ ئەرەب ھەرپىنى بىلمەيتتى» دېيىلسە، بۇ باشقا گەپ ئىدى. ھالبۇكى، ئەسەر ئىگىسى ھەر ئىككى خىل ھەرپنىڭ ئالىمى ئىدى. دېمەك: «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ تۇنجى قېتىم ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان بولۇشى، ھەرھالدا، ئېھتىمالغا يېقىن.

## 10. مۇئەللىپنىڭ تەپەككۇرى

بۇ ماۋزۇ «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى چۈشىنىشتە زور ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى يازغۇچىنىڭ تەپەككۇر مەيدانى بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ تەپەككۇر مەھسۇلى بولغان ئىجادىغا باھا بېرىش قىيىن.

بىز بۇ ئەسەر ئىجادچىسىنىڭ تەپەككۇردۇنياسىنى چۈشىنىشتە يىپ، ئۇچىنى يەنىلا ئۇنىڭ ئىجادى ئىچىدىن تېپىپ ئالالايمىز.

ئەسەرنىڭ كۆرسىتىشىچە: مۇئەللىپ — ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەر، كىشىلىك بەخت - سائادىتىنى مەقسەت قىلغان بىر مۇتەپەككۇر، «پۈتۈن ياخشىلىقنىڭ ئاچقۇچى — ياخشىلىق قىلىش» دەپ بىلگەن. «كىشىنى سائادەتلىك قىلىدىغان نەرسە — بىلىم» دەپ چۈشەنگەن، «يۇرت - ئەل ئاۋاتلىقى — ئادالەت» دەپ تونۇغان. ئادالەتنىڭ ئاساسى توغرا قانۇن دەپ بېكىتكەن، ياخشىغا ياخشى، يامانغا يامان بولۇش كېرەك دەپ ھېسابلىغان،

ئەلىپ ئۆز ئەسىرىنى ئەرەب يېزىقىدا يازغان بولۇشى مۇمكىن» دەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا «قۇتادغۇ بىلىك» تە مۇنداق بىر بېيىت بار،

1953. بەگ ئاتى بىلىگ بىرلە باغلىغ ئېرور،
بىلىگ لامى كەتسە بەگ ئاتى قالۇر.

يەشمىسى: بەگ ئاتى بىلىك بىرلە باغلىق قالۇر،
بىلىك «لامى» كەتسە بەگ ئاتى قالۇر.

بۇ بېيىتتە شائىرنىڭ كۆرسەتكەن سۆز ئويۇنى ئەرەب ھەرپىگىلا خاس. شائىر: بەگ ئېتى بىلىگ بىلەن بىر، بىلىگ دىن «لام» ھەرپىنى چىقىرىۋەتسە بەگ بولىدۇ، بەگكە «لام» نى قوشسا بىلىگ بولىدۇ، دېمەك، بەگ بولۇشقا بىلىم كېرەك. بىلىم بولمىسىلا بەگ بولالمايدۇ، دەيدۇ. ئەرەب ھەرپى بىلەن ئويناشقا بولىدىغان بۇ سۆز ئويۇنىنىڭ شائىر قەلبى بىلەن ئەسەردە كۆرۈلۈشى «قۇتادغۇ بىلىك» بىرىنچى قېتىم ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغان دېگەن پىكىرنى قۇۋۋەتلەيدۇ.

مەنمۇ مۇشۇ پىكىرگە قوشۇلۇش بىلەن ئۇنى قۇۋۋەتلەپ مۇنداق بىر مۇلاھىزىنى ئوتتۇرىغا قويىمەن.

ئەسەرنىڭ ئەرەب ھەرپى بىلەن يېزىلغانلىقىنى ئىسلامىيەتنىڭ مۇسۇلمان بولمىغان ئەللەرنىڭ ئەنئەنە، ئەدەبىيات، مەدەنىيەتلىرىگە تۇتقان ئاساسىي مەيدانى بىلەن باغلاپ كۆزدىن كۆچۈرۈش، تەھلىل قىلىش زۆرۈر. چۈنكى ئىسلامىيەت ئۆزىدىن ئىلگىرىكىلەرنىڭ بارلىق نەرسىلىرىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئىسلامنىڭ مۇسۇلمان بولغانلاردىن ئەڭ ئاۋۋال تەلەپ قىلىدىغان نەرسىسى — ئىدىيىدە ئىسلام بىلەن بىر بولۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلامىيەت كەلگەنلا يەردە ئىدىيىنىڭ ئاساسى بولغان مائارىپ، مەدەنىيەتنى ئۆزگەرتىشكە تىرىشقان. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، شائىر ئۆزى

يەشمىسى: ئى ياخشى ساڭا كىم تويار ئېيت ماڭا،
يېقىن كەلگىل ئەمدى مەن ئاچمەن ساڭا.

925. ئىسسىزلىك بىلە ئەرسە بەگلىك ماڭا،
كەرەكمەز بو بەگلىك قوزوورمەن ساڭا،

يەشمىسى: يامانلىق بىلەن كەلسە بەگلىك ماڭا،
كېرەكمەس بۇ بەگلىك قويارمەن ساڭا.

226. ئاپاڭ ئىككى ئاچون قولۇر ئەرسە سەن،
ئۇتى ئەزگولوك ئول قىلور ئەرسە سەن.

يەشمىسى: ساڭا ئىككى دۇنيا گەر ئولسا تىلەك،
ئامالى ئېرۇر ياخشىلىق ئەيلىمەك.

227. قالى ئەزگو بولماق تىلەسە ئوزوڭ،
يۇرى ئەزگولوك قىل كەسلدى سۆزوڭ.

يەشمىسى: ئەگەر ياخشى بولماق تىلىسەڭ ئۆزۈڭ.
يورى ياخشىلىق قىل بەس ئەيلە سۆزۈڭ.

222. كىم ئەزگوگە يېرەر ئەرسە ئىسىز بولۇپ،
تىلەرمەن ئى ئەزگو سېنى مىن قولوپ.

يەشمىسى: پەقەت يامان خار كۆرەر ياخشىنى،
ئى ياخشى مەن خالاپ ئىزدەيمەن سېنى.

924. نەچە ساتغاغ ئەرسە بو ئەزگو كىشى،
ئاپى مەن بولايىن بو ئەزگو ئەشى.

ئىنساننىڭ كامىللىقى — ئۇنىڭ ئالىملىقىدا دەپ مۇقەررەرلەشتۈر-
گەن، نادانلىقنى قاتتىق ھاقارەتلىگەن، پۈتۈن ھۆرمەتنى ئەقىل-
غا بېغىشلىغان. كىشىلەرنى ناچار خۇلۇقلاردىن توسقان، كىشى-
لەرنىڭ ياخشىلىقى، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۈستىدە چىقارغان خالىس
باھا ۋە ھۆكۈملىرى دەپ تونۇغان، كىشى ئەبەدىي ھاياتقا
ئۆزىنىڭ قالدۇرغان ياخشى ئىزلىرى بىلەن ئېرىشىدۇ، دېگەن
ھەقىقەتنى چۈشەنگەن. ئۆزىمۇ بۇنى ھېس قىلىپ ئۆزى ئۈچۈن
بۇزۇلماس بىر ئابىدە — «قۇتادغۇ بىلىك»نى قالدۇرۇشنى تەپەك-
كۇر قىلالىغان. بىۋاپا دۇنياغا ئالدىنىپ بولمايدىغانلىقىنى تو-
نۇغان. شاھلارنى تىل نەيزىسى بىلەن سانجىيالىغان. ھەممىگە
تەڭ شەپقەت قانىتىنىڭ يېپىلىشىنى ئىستىگەن، كىشىلەرگە مەڭ-
گۈلۈك بەخت - سائادەت يولىنى كۆرسەتكەن، كىشىنىڭ ياخشى-
سى كىشىگە پايدىلىق بولغىنى دەپ ئىشەنگەن، مۇشۇ نۇقتىلار-
نىڭ بارلىقى شائىرنىڭ پىكىر مەھسۇلاتى بولغانلىقتىن، ئۇنىڭ
تەپەككۇرىمۇ ئەلۋەتتە شۇلاردىن ئىبارەتلىكى ئېنىق. مانا ئۇنىڭ
بۇ خۇسۇستا يازغانلىرىنىڭ بەزىلىرى:

ياخشىلىق توغرىسىدا:

228. كىشى مەڭگۇ بولماز بۇ مەڭگۇ ئاتى
ئانىن مەڭگۇ قىلدى بۇ ئەزگۇ ئاتى.

يەشمىسى: كىشى مەڭگۈ بولماسكى، مەڭگۈ ئېتى، —
ئۇنى مەڭگۈ قىلدى بۇ ياخشى ئېتى.

923. ئەي ئەزگۇ ساڭار كىم تۇزار ئاي ماڭا،
بەرۇ كەلگىل ئەمدى مەن ئاچمەن ساڭا.

3114. كىشەن ئۇل كىشكە بىلىگ ھەم ئۇقۇش،
كىشەنلىگ ياراغسىزقا بارماز ئوكوش.

يەشمىسى: كىشىگە ئەقىل ۋە بىلىمدۇر كىشەن،
يامانلىق قىلالماس، سېلىنسا كىشەن.

توغرا قانۇن ھەققىدە:

3463. بو كوك تىرگوكى ئۇل كونىلىك تورو،
تورو ئارتاسا كوك توروماز ئورو.

يەشمىسى: ئادىل قانۇن ئۇ كۆككە تۈۋرۈك ئېرۇر،
بۇزۇلسا قانۇن، ئاسمان يىقىلۇر.

3464. تورولوغ بۇ بەگلەر يوق ئەرسە تىرىگ،
باياۋ بوزغاي ئەردى يەتى قات يىرىگ.

يەشمىسى: يوقالسا قانۇنلۇق بۇ بەگ دۇنيادا،
يەتتە قات زېمىننى بۇزاتتى خۇدا.

ياخشىغا ياخشى، يامانغا يامان بولۇش توغرىسىدا:

4310. سىنى سىز تىسەلەر ئانى سىز تىگىل،
تاقى ئاندا يىگرەك يانوت سوزلەگىل.

يەشمىسى: سېنى سىز دېسەلەر، ئۇنى سىز دېگىل،
ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى جاۋاب سۆزلىگىل.

يەشمىسى: ھەر نەچچە خارلانسا بۇ ياخشى كىشى،
رىزامەن بولۇشقا ئۇنىڭ يولدىشى.

بىلىم توغرىسىدا:

260. نەگو بار ئاجوندا بىلىگدە كوسوش،
بىلىگسىز تىسە ئەركە كوركسىز سوكۇش.

يەشمىسى: جاھاندا نېمە بار بىلىمدىن قىممەت،
بىلىمسىز دېسە ئەر ئۇچۇن بەكمۇ سەت.

313. بىلىگ بايلىق ئول بىر چىغاي بولغۇسىز،
تەگىپ ئوغرى تەۋلىگ ئانى ئالغۇسىز.

يەشمىسى: بىلىم بايلىق ئول پەقىر بولمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.

157. بىلىگسىز كىشى بارچا ئىگىلىگ بولور.
ئىگىلىگ ئەمىلمىسە كىشى تەرك ئولور.

يەشمىسى: بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.

302. ياغىز يەر ئوزە يالڭوق ئوغلى قويدى ئىلىگ،
كۆتۈردى قاموغقا يىتوردى بىلىگ.

يەشمىسى: كىشى ئوغلى سۇندى قوڭۇر يەرگە قول،
بىلىم بىرلە ھەر نەرسىگە تاپتى يول.

يەشمىسى: ئەقىلدۇر چىراغدەك قاراڭغۇ تۈنى،
بىلىم ئۇ يورۇقلۇق يورۇتقاي سېنى.

297. ئوقۇشلۇق تورور بۇ ئاغىرلىق ئىمتىنگ،
ئوقۇشسۇز كىشى بىر ئاۋۇچچا تىتىنگ.

يەشمىسى: ھۆرمەت ئەقىلدىن ياشقىغا بولمىغاي،
ئەقىلسىز كىشى ئۇ — بىر ئۇچۇملا لاي.

2455. ئوقۇشسىز كىشى ئول يېمىشسىز يىغاچ،
يېمىشسىز يىغاچنىغ نەگو قىلغاي ئاچ.

يەشمىسى: ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ.

تىل توغرىسىدا:

167. سوزوڭنى كوزەتكىل باشىڭ بارماسۇن،
تىلىڭنى كوزەتكىل تىشىڭ سونماسۇن.

يەشمىسى: سۆزۈڭنى كۆزەتكىن بېشىڭ كەتمىسۇن،
تىلىڭنى كۆزەتكىن چىشىڭ سۇنمىسۇن.

169. ئىسەنلىك تىلەسە ئوزوڭگە ئوزوك،
تىلىڭدە چىقارما ياراغسىز سوزوك.

يەشمىسى: ئېسەنلىك تىلىسەڭ ئەگەر سەن ئۆزۈڭ،
تىلىڭدىن چىقارما يارامسىز سۆزۈڭ.

4311. قىيا ياغقوسىدىن تۆۋەن بولماغىل،
سېنى سەن تىسەلەر ئانى سەن تىگىل.

يەشمىسى: قىيا ياغقۇ (ئەكس سادا) سىدىن تۆۋەن بولمىغىل،
سېنى سەن دېسەلەر، ئۇنى سەن دېگىل.

208. قاموغ ئەرگولو بىلىگ ئاسىغى ئول،
بىلىگ بىرلە بولدى مىسال كۆككە يول.

يەشمىسى: پۈتۈن ياخشىلىقلار بىلىم نەپئى ئول،
بىلىم بىرلە تاپتى مىسال كۆككە يول.

نادان توغرىسىدا:

318. بىلىگسىزكە بىلگى قىلىنچى ياغى،
ئازىن بولماسا تاپ بو ئىمكى چوغى.

يەشمىسى: نادانغا يېتەر بىلگىنى - ئەتكىنى،
يېتەر شۇ بۆلەك بولمىسا دۈشمىنى.

320. ئوقۇشلۇغ كىشىگە ئەشى تاپ ئوكوش،
بىلىگسىز كىشىگە ئاتى تاپ سوكوش.

يەشمىسى: ئاقىلغا ئۆز ئەقلى ئۇنىڭا ئەش ①يارار.
نادانغا ئېتى بەس قاغىش ياغدۇرار.

ئەقىل توغرىسىدا:

228. ئوقوش ئول يولا تەگ قاراڭغو تونى،
بىلىگ ئول ياروقلوق ياروتتى سىنى.

① ئەش - قېرىنداش

4395. تەڭىزگە كىرور كۆرسە كوڭلون توكەل،
گوهەر، يىنچو، ياقۇت چىقاردۇر مەهەل.

يەشمىسى: كۆرەرسەن دېڭىزگە كىرۇر كىشىدەك،
گۆهەر، ئۈنچە، ياقۇت چىقارۇر دېمەك.

دۇنيانىڭ بىۋاپالىقى توغرىسىدا:

4700. نەگو ئاسغى ئاخىر ئىولور ئەرسە ئۆز،
ساڭا تىگگوسى يوق مىگىر ئىكى بوز.

يەشمىسى: نە پايدا ئاخىرى ئۆلۈر بولسا ئۆز،
ساڭا تەككۈسىدۇر پەقەت ئىككى بوز.

5176. ئاي ئىلىگ بو قارشى بو ئوردو ئورۇن،
ساڭا تەگمىش بىر توشون ئول كورون.

يەشمىسى: ئى ئىلىگ مۇشۇ قەسىر بۇ ئوردۇ ساراي،
ئۆتۈشكۈن ئۈچۈن ساڭا تەككەنلا جاي.

5177. سىنىڭدە ئوزاقى توشۇپ كەچتىلەر،
يىرىكمەدى توشتە ئوزو كوچتىلەر.

يەشمىسى: سېنىڭدىن بۇرۇنلەر چۈشۈپ ئۆتتىلەر،
تۇرالماي بۇ جايدا كۆچۈپ كەتتىلەر.

5083. مونى سەن ئايور سەن مىنىڭ تىپ مىنىڭ،
نەگركە ئايورسەن، نەگوكە سىنىڭ.

170. بىلىپ سۆزلىسە سۆز بىلىگكە سانور،
بىلىگسىز سوزى ئوز باشىنى يېيور،

يەشمىسى: بىلىپ سۆزلىسە سۆز بىلىم سانىلۇر،
بىلىمسىز سۆزى ئۆز بېشىنى يېيۇر.

مەغرۇرلۇقتىن ساقلىنىش توغرىسىدا:

1535. ئىكى كونلوك ئەر تەر ئاجونوغ بولوپ،
نەلوك كەردى غوكسىن قايا تەگ بولوپ.

يەشمىسى: ئىككى كۈنلۈك ئۆتكۈنچى دۇنيا كۆرۈپ،
نېچۈك كۆردى كۆكسىن قىيا تاش بولۇپ.

2119. كوۋەزلىك بىلەن كۆككە ئاغماز كىشى،
قالى قوزقى بولسا بوزۇلماز ئىشى.

يەشمىسى: تەكەببۇر بىلەن كۆككە چىقماس كىشى،
كىچىك پېئىل بولسا بۇزۇلماس ئىشى.

شائىر ھەققىدە:

4393. قىلىچتا يىتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى،
يانا قىلدا يىنچكە بو خاتىر يولى.

يەشمىسى: قىلىچتىن ئىتتىگرەك بۇلارنىڭ تىلى،
نازۇك ئىنچىكە دۇر تەپەككۇر يولى.

3750. بۇ قول قواتما قوللۇق ياراغسز بولۇر،
تا پوغچغا تاپسا ئوجوزلۇق بولور.

يەشمىسى: بۇ قۇل قولغا قۇللۇق ياراقسز بولۇر،
خزمەتچىگە خزمەت قەدرسز بولۇر.

كشنىڭ ياخشىسى كشىگە پايدىلىق ئىكەنلىكى تۇغرىسىدا:

3930. بەرو كەل توسولغىل، كشكە يارا،
توسولماز ئولوگ ئول، تىرىگلەر ئارا،

يەشمىسى: بۇيان كەل! بېرىپ نەپ، كشىگە يارا،
بىنەپ ئۇ ئۆلۈكتۇر تىرىكلەر ئارا.

3931. ئوز ئاسىغىن تىلەگلى كشمۇ بولور،
كشى ئول بولور كور ئىل ئاسىغىن قولور.

يەشمىسى: بولۇرمۇ ئادەم ئۆزى نەفسىن دېگەن،
كشى ئۇكى، ئەل نەفسىنى كۆزلىگەن.

2573. ئاسىغ قىلسا ئازغان ئانىڭ مەن قولى،
چېچەك ياسلىغ ئەرسە بىچەرمەن ئولى،

يەشمىسى: گەر ئازغان بېرەر نەپ مەن ئۇنىڭ قۇلى،
ئەگەر گۈل زىيانلىق كېسەرمەن غولى.

2575. ئاسىغسىز توساليماز قاداش ئەرسە قوز،
توسولور ئاداش توت ئاسىغ بىلە توز.

يەشمىسى: مېنى ئېيتادۇرسەن مېنىڭ دەپ مېنىڭ،
نەچۈن دەيسەن ئۆنداق! نېچۈك ئۇ سېنىڭ.

5184. سىنىڭدە باساقى ساڠا: چىق! تېيور،
ئـانوندى كوزەر ئوش مىنىڭ تىرمىنىڭ.

يەشمىسى: سېنىڭدىن كېيىنكىلەر دەر ساڠا: چىق!
كىرىشنى كۆتۆپ دەر «مېنىڭدۇر مېنىڭ»،

شاھلارنى تىل نەيزىلىرى بىلەن سانجىشلىرى:

3745. ساڠا بەردى دۇنيا ئىسىر كەمىدى،
ماڠا بىرمەگەيمۇ بىرىگلى ئىزى.

يەشمىسى: ساڠا بەردى دۇنيا دەرىخ تۇتمىدى،
سىخى ئۇ ئىگەم ماڠا بەرمەسمىدى.

3748. ساڠا يا سەنىڭ قاپغىڠا مەن بارىپ،
نەگونى تىلەيىن تىرىكلىك ئىزىپ.

يەشمىسى: ساڠا يا سېنىڭ ئىشىكىڭگە بېرىپ،
نېمەنى تىلەرمەن ھاياتنى بېرىپ.

3749. ئىكىگو بايات قوللارىمىز بىز ئوق،
بۇ قوللوق ئىچىندە قورومىز توز ئوق.

يەشمىسى: خۇدانىڭ قۇلىمىز بىز ھەر ئىككىمىز،
بۇ قۇللۇقتا ئوخشاش دەرىجىدىمىز.

## 11. «قۇتادغۇبىلىك» قانداق ئەسەر؟

ئەگەر «قۇتادقۇبىلىك» نى تۈرى ياقىدىن، نەزمىي شە-
كىل ياقىدىن، مەسنەۋى (ئىككىلىك) مەزمۇن ياقىدىن نوقۇل دى-
داكتىك داستان دەپلا ئۆتۈپ كەتكىلى بولسا، بۇ سوئالنىڭ جا-
ۋابى تولىمۇ ئاسان بولغان بولاتتى. لېكىن مەسىلە ئۇنداق ئە-
مەس. چۈنكى «قۇتادغۇبىلىك» ياكى ۋەقەلەرنىڭ بايانى بول-
غان تارىخ ياكى ئورۇن ۋە تاغ-شەھەرلەرنى سۆزلەيدىغان جۇغ-
راپىيە ئەمەس؛ ياكى دىنىي ئۆلىمالارنىڭ پائالىيىتىنى توپلىغان
خاتىرە كىتابى، ياكى ھېكمەتلەرنىڭ پىكرىگە تايانغان پەلسەپە
يىغىندىسى ۋە ياكى شەيخلەرنىڭ پەند-نەسىھەتلىرىنى يەتكۈزى-
دىغان نوقۇل نەسىھەتنامە ئەمەس.

ئۇ كۆرۈنۈشتە بەدىئىي ئەدەبىياتنىڭ تىپىك نەمۇنىسى، يۈكسەك
دەرىجىدىكى ئەدەبىي ئەسەر، لېكىن ئېپوپېيە ئەمەس. ئۇنىڭدا كۈچلۈك
لىرىزىم روھى بار، لېكىن نوقۇل لىرىك داستان ئەمەس. ئۇنىڭدا دراما
ئېلېمېنتلىرى مەۋجۇت، لېكىن دراما ئەمەس. شۇنىڭدەك ئۇ تام مەنىسى
بىلەن دېداكتىك داستانمۇ ئەمەس. چۈنكى بۇ ئەسەردە شۇنداق
مەزمۇنلار، ھەقىقىي ھاياتقا باشلايدىغان يوليورۇقلار، قەتئىي تەك-
لىپلەر، پەلسەپىۋى تەپەككۇرلار مەۋجۇتتۇركى، بۇ مەۋجۇدىيەت ئۇ-
نىڭغا «دېداكتىك» سۆزىنى بىز قوللىنىۋاتقان مەنا بىلەن قوللى-
نىش ئىمكانىيىتىنى بەرمەيدۇ. چۈنكى ھازىر بىزدە «دېداكتىك»
سۆزى نوقۇل ۋەز-نەسىھەت خاراكتېرىدىكى «شاھ مەشرەپ»، «قۇل
خوجا ئەھمەت»، «زەلىلى دىۋانى» گە ئوخشاش ئەسەرلەرگە باھا
بەرگەندە ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. ئەگەر «دېداكتىك» سۆزى تەلىم-تەربى-
يە ئۇقۇمى بىلەن بۇ ئەسەرگە يۈرگۈزۈلسە قىسمەن مۇمكىن. چۈن-
كى ئۇنىڭدا باشقا نۇرغۇن ئېلېمېنتلار بىلەن تەلىم-تەربىيىۋى
ئېلېمېنتلار ھەم مەۋجۇت. «قۇتادغۇبىلىك» تە ھاياتىي كۈچكە

يەشمىسى: قېرىنداش كۆيۈمسىز بى نەپ بولسا نوي،
ئاداش تۇت نەپسىلىكنى نەپ ئىلە توي.

.2574 باغىرسىز توسولماز ئوغۇلدا تورو،
باغىرساق تاپوغچى توسوسى ئورو.

يەشمىسى: كۆيۈمسىز، نەپسىز ئوغۇلدىن كۆرە،
كۆيۈمچان نەپسىلىك خىزمەتچى ئۆرە.

.4509 سورە ئىزما بوشلاغ ئوغواوغ ياۋا،
ياۋا بولغا بوشلاغ يوگورغا ئىۋە.

يەشمىسى: ئوغۇلنى يىكار بوش يۈرمە سەن قويۇپ،
بىكارچى بولۇر ئۇ لاغايلاپ يۈرۈپ.

ۋاپا توغرىسىدا:

.2197 ئورۇغلوق كىشلەر قىلىنچى سىلىنگ.
ۋىقا بىرلە خالققا يازىغلى ئىلىنگ،

يەشمىسى: ئېسىل زات كىشى خۇي پەيلى سىلىق،
ۋاپا بىرلە خەلققە سۇنار ئۇ ئىلىگ.

.2198 ئارىغسىز قىلىنچى ۋاپاسىز جاپا،
نەچە ھە يىتۇرسە شىكىر ھىم يىلىنگ.

يەشمىسى: ئېرىغسىز قىلىقى ۋاپاسىز جاپا،
بېرىپ باقسامۇ ئۇڭا شېكەر - ئىلىك.

768. بو ئايتولدى ئولدوردى ئاقرو ئامول،
كوزىن يەرگە تىكتى ياروتتى كوڭول.

يەشمىسى: بۇ ئايتولدى ئولتۇردى تىپتىنچ كېلىپ،
يورۇتۇپ كۆڭۈل كۆزىنى يەرگە تىكىپ.

770. ئىلىگكە باقا كوردى ياشرو كوزىن،
قاشى كوزدىن توگمىش، ئاچتىمىش يوزىن.

يەشمىسى: ئىلىككە يۆگۆرتتى يوشۇرۇنچە كۆز،
قاپاق، قاش تۈرۈلگەن پۈرۈشتۈرمە يۈز.

771. كوموش كورسى ئورمىش ئوزە ئولدورور،
بوكوردىسى ئازاقى ئوچ ئازرى تورور.

يەشمىسى: كۈمۈش كۈرسى ئۈستىدە جىم ئولتۇرۇر،
بۇ كۈرسى پۇتى ئۈچ، چېتىقسىز تۇرۇر.

772. بەزوك بىر بىچىگىك ئىلىگدە توتار،
سولىندىن ئوراغون ئوڭىندىن شىكەر.

يەشمىسى: قولىدا تۇتۇقلۇق يوغان بىر پىچاق،
ئوڭدا شېكەر، سولىدا ئوراغۇن بىراق.

773. ئانى كوردى ئەرسە بو ئاي تولدى چىن،
قاغىغ قورقتى ئوزكە، قوزى ئالدى تىن.

يەشمىسى: كۆرۈپ قورقتى ئايتولدى ئاشتى غېمى،
ئۇنى باستى تىترەك، كېسىلدى دېمى.

ئىنگە شۇ قەدەر رېئال كۆرسەتىلەر، ئالىي تىلەك ـ غايىلەر باركى، ئۇ ۋەز ـ نەسىھەت دائىرىسىدىن ئاللىقاچان ھالقىپ چىقىپ كەتـ كەندۇر. مەسىلەن، بىز ئەسەردىكى ئادالەت ۋە ھەربىيلىك توغرىـ سىدىكى پىكىرلەرنى كۆرۈپ باقايلى:

.765 ئىلىك بىر كون ئولدوروپ ئوزى ياڭلوزون،
ئەۋىن قىلدى خالى ئىرىكتى ئوزون.

يەشمىسى: ئىلىك ئولتۇرۇپ يالغۇز بىر كۈنى،
زېرىكتى ۋە قىلدى خالىي ئۆيىنى.

.766 ئوقىدى كور ئاي تولدىغا قىلدى يول،
بۇ ئايتولدى كىردى قاۋوشتوردى قول.

يەشمىسى: بۇ ئاي تولدىنى قىچقىرىپ بەردى يول،
بۇ ئايتولدى كىردى، قوۋۇشتۇردى قول.

.767 ئىلىگ ئوترو تۇردى ئازاقىن ئورو،
ئىلىگ سۆزلەمەدى بىر ئانچە تورو.

يەشمىسى: ئۇ تۇردى ئىلىكنىڭ ئۇدۇلىدا تىك،
تۇردى سۆزلىمەي خېلى بىر ۋاقىت ئىلىك.

.768 باقىپ كوردى ئىلىگ كوزىن ئىلمەدى،
ئىشارەت بىلە كەلگىل ئولدور تىدى.

يەشمىسى: قاراپ بىردەم ئىلىك كۆزىن ئىلمىدى،
ئىشارەت بىلەن كەلگىل، ئولتۇر! دېدى.

768. بو ئايتولدى ئايدى تاڭىم بو مىنىڭ،
كومۈش كورسى ئۇرنۇڭ نە ئۇل بو سىنىڭ.

يەشمىسى: دېدى ئايتولدى: ھەيرانلىقىمدۇر مېنىڭ،
نېچۈندۇر كۈمۈش كۆرسى ئورنۇڭ سېنىڭ.

787. بوئولدروغ نە كورسى يىرى ئۇل ساڭا،
بومەئنى ئۇقايىن ئايو بىر ماڭا.

يەشمىسى: بۇ كۆرستا ئولتۇرۇشتۇر نالايىق ساڭا،
ئۇنىڭ مەنىسىنى دېگىل سەن ماڭا.

788. ئىكىنچى ئىلىگدە نە ئۇل بو بىجەك،
مونى سا ئوزوم سەترو بىلگو كەرەك.

يەشمىسى: ئىككىنچى، قولۇڭدا پىچاق نە دېمەك،
بۇنى ياخشىراق ھەم بىلىشىم كېرەك.

789. ئۈچونچى ئوڭىڭدىن نەگو ئۇل شىكىر،
سولوڭدىن ئۇراغون نە ئۇل بو ساڭار.

يەشمىسى: ئۈچىنچى، ئوڭۇڭدا نېمىشقا شېكەر،
سولۇڭدا ئۇراغۇن نە مەنا بېرەر.

790. باقا كوردوم ئەرسە ئوزوك ئوۋكەلىگ،
مونى كوردوم ئەرسە يىتوردوم بىلىگ.

يەشمىسى: سېنى مەن غەزەپلىك شۇ ھالدا كۆرۈپ،
يىتتۇردۇم تامام بىلگىنىم ئۇنتۇپ.

774. بىر ئانچا توروپ باش كوتوردى ئىلىگ،
بو ئايتولدىقا ئايدى نەپرەت تىلىگ.

يەشمىسى: ئىلىگ باش كۆتۈردى بىر ئازدىن كېيىن،
دېدى ئايتولدىغا: قېنى، بىر سۆزلىگىن.

775. نەلوك سوزلىمەزسەن! ئاغىن تەي بولۇپ،
مېنى موندا يالگۇز بو يەگلىغ كوروپ.

يەشمىسى: نېچۈك سۆزلىمەيسەن گاچىدەك بولۇپ،
مېنى مۇندا يالغۇز بۇ ياگلىغ كۆرۈپ.

776. بو ئايتولدى ئايدى ئاي ئىلىگ قوتى،
مېنىڭ سۆزلەگوكە ئوزوم يوق شاتى.

يەشمىسى: بۇ ئايتولدى ئېيتتى: ئى، ساھىبقىران،
مادار مەندە سۆزلەشكە يوق بۇ زامان.

777. ئازنىغ كورور مەن بوكون قىلىق ئىتىگ،
ئاگار ئەيمەنور مەن ئاي بىلگە تىتىگ.

يەشمىسى: كۆرۈرمەن بۇ كۈن سەندە يات ھال ئۆزۈم،
ئەيمەندىم ئى ئاقىل، شۇگا يوق سۆزۈم.

785. ئىلىگ ئايدى كەلدور ماڭا ئاي سوزوك،
نەگونى تاڭىرقادى ئەمدى ئوزوك.

يەشمىسى: ئىلىك ئېيتتى: كەلگىل، ماڭا ئېيت سۆزۈك،
نېمىشقا تېڭىرقاپ تۇرىسەن ئۆزۈك.

يەشمىسى: مېنىڭ ھەم قىلىقىم ئېگىلمەس ئېرۇر،
ئېگىلسە دۇرۇستلۇق قىيامەت بولۇر.

809. كونىلىك ئۆزەلە كەرسەمەن ئىشىنگ،
ئازىرماس مەن بەگىنگ ياقولىنغ كىشىنگ.

يەشمىسى: قىلۇرمەن ئادالەت بىلەن ھەل ئىشىن،
ئايىرىمايمەن بەگ ياكى قۇل، دەپ كىشىن.

810. بوبوگدە بىچەك كىم ئىلىگدە تورور،
بىچىگلى كەسىگلى تورور ئى ئۇنور.

يەشمىسى: بۇ خەنجەر پىچاقكىم قولۇمدا تۇرۇر،
پىچاق ھەم كېسەر بۇ قورال ئى، غەيۇر.

811. بىچەك تەگ بىچارمەن كەسەرمەن ئىشىنگ،
ئۆزاتماز مەن دەئۋا قىلغىلى كىشىنگ.

يەشمىسى: پىچاقتەك كېسەرمەن پىچىپ ئىشنى،
سۆرەتمەيمەن دەۋاچى ھەر كىشىنى.

812. شىكەر ئول كىشى بىر ئاگار كوچ تەگىپ،
تورو بولسا مىندىن قاپوغقا كەلىپ.

يەشمىسى: شىكەر شۆكى: ھەركىم زۇلۇم يەتتى دەپ
ئىشىكىمگە كەلسە ئادالەت تىلەپ.

813. شىكەر تەگ سوچىيو بارىر ئول كىشى،
سەۋىنچلىغ بولور ئاندا يازلور قاشى.

.................................

799. بو كونمه مەنىڭ بو ئۇزوم قىلىقلارىن،
ماڭا كوركىتور بارچا ئەردەمىلىرىن.

يەشمىسى: بۇ كۈن كۆرسىتەي ئەمدى مەنىڭ ساڭا،
قىلىق ئەردەمىمنى قاراپ تۇر ماڭا.

800. مونى مەنمە كورگىل كونىلىك تورو،
تورو قىلىقلارى بو باقا تور كورو.

يەشمىسى: ئادالەت ۋە قانۇن ئۆزۈم مەن قارا،
قانۇن ۋەسفىنى سەن بۇلاردىن ئارا.

801. بو كورسى ئۇزەله ئوز ئولدوردوقى،
ئازاقى ئوچ ئول كور ئاي كوڭلوم توقى.

يەشمىسى: مۇنۇ مەن ئولتۇرغان بۇ كۇرسقا باق،
ئى، كۆڭلۈم توقى ئۇندا بار ئوچ ئاياغ.

802. قاموغ ئوچ ئازاغلىغ ئەمتمەز بولور،
ئوچەگو تورور توز قامتماز بولور.

يەشمىسى: پۈتۈن ئۈچ ئاياغلىق قىڭغايماس بولۇر،
تۇرۇر تۈز بۇ ئۈچ پۇت ۋە قايماس بولۇر.

808. مەنىڭ قىلىقىم ئوڭ كور، ئەمتمەز كونى،
كونى ئەگرو بولسا كونىلىك كونى.

2309. كېرەك سۇ باشىغا بۇ بىر قاچ قىلىق،
ياغىقا يۈز ئۇرسا بۇ تۈزسە يورىق.

يەشمىسى: كېرەك بىر نەچچە ئىش قوماندان ئۈچۈن،
يۈرۈش قىلسا ياۋغا تۈزەپ يول يىسۇن.

2311. توقۇزتەي تىتىملىگ بورى تەگ كوچى،
ئازىغلايۇ ئازغىر قوتوزتەگ ئۆچى.

يەشمىسى: توڭگۇز كەبى تەرسا، بۆرىدەك كۈچى،
ئېيىقتەك ئېتىلغان، قوتازدەك ئۆچى.

2312. يانا ئالچى بولسا قىزىل تىلكو تەگ،
تىتىر بۇغراسى تەگ كور ئوچ سورسە كەگ.

يەشمىسى: ئۇ بولسۇن ھىيلىگەر قىزىل تۈلكىدەك،
ئاداۋەتچى بولسۇن بۇغرا تۆگىدەك.

2313. ساغىزغاندا ساقراق كەرەك تۇتسا ئۈز،
قايا قوزغونى تەگ يىراق تۇتسا كوز.

يەشمىسى: سەگەكرەك سېغىزخاندىن ئۇلسۇن ئۆزى،
قىيا قوزغۇندەك يىراقتا كۆزى.

2314. ئۇلوغ تۇتسا ھىممەت كور ئارسلانلايۇ،
ئوگى تەي ئوسوز بولسا تونلە سايۇ.

يەشمىسى: قارا بولسۇن ھىممەتتە ئۇ ئارسلان،
كېچە بولسا ئويغاق ھۇقۇشتەك يامان.

يەشىمىسى: شېكەردەك لەززەتلە يانۇر ئۇ كىشى،
سۆيۈنۈپ ئىچىلۇر يۈزى ھەم قىشى.

814. ئوراغون يىمە ئول كىشىلەر ئىچەر،
ئۇزى كوچكەي ئەرسە كونىدىن قاچار.

يەشىمىسى: بۇ تۇرغان ئورا غوننى شۇلار ئىچەر،
قىلىپ زورلۇق ئۇ، توغرىلىقتىن كېچەر.

816. بو قاشىم توروگى بو كوركسۈز لوگوم،
كوچەمچى كەلىركە بىوريوز سوزلوكوم.

يەشىمىسى: بۇ قاشىم تۇرۇكى ۋە بۇ سەتلىكىم.
زۇلۇم قىلغۇچىغا بۇ يۈزسىزلىكىم.

817. كەرەك ئوغلوم ئەرسە ياقىن يا ياغوق،
كەرەك بارقىن ئەرسە كەچىگلى قونوق.

يەشىمىسى: كېرەك ئوغلۇم ئەرسۇن يېقىن تۇققىنىم،
يولۇچى مۇساپىر ۋە يا قونىقىم.

818. تورودە ئىكىگو ماڭا بر سانى،
كەسەردە ئازىن بولماغاي ئول مىنى.

يەشىمىسى: ماڭا تەڭ ئىككىسى قانۇن ئالدىدا،
بۆلەك بولمىغايمەن ھۆكۈم ۋاقتىدا.

شائىرنىڭ جەڭ ھەققىدىكى سۆزلىرىگە قاراپ باقايلى:

2355. ياغى سانچغوقا توتغو ئىسكى تولوم،
بو ئىكى تولومدىن ياغى يېر ئۇلوم.

يەشمىسى: كېرەك ياۋ يوقاتماققا ئىككى قورال،
بۇ ئىككى قورالدىن كۆرەر ياۋ زاۋال.

2356. ئەڭ ئاشنو ياغىقا كەرەك ھىلە ئال،
بو ھىلە بىلە قىل ياغى مەڭزى ئال.

يەشمىسى: ئەڭ ئاۋۋال كېرەكتۇر ھىلىنىڭ ئۆزى،
ياۋ ئالدانغىنىدىن قىزارسۇن يۈزى.

2357. ئىكىنچى بوساقلىق ئۇزوغلوق تورور،
قايوسى ساق ئەرسە ئول ئۈستەڭ بولور.

يەشمىسى: ئىككىنچى، سەگەكلىك ئويغاقلىق ئىرۇر،
كىم ئۇ بولسا سەزگۈر ئۈستۈن كېلۇر.

2376. ئەڭ ئاشنو يىراقتىن تىگىشگو ئوقون،
ياغوسا سوڭون تەگگو بىرسە بويون.

يەشمىسى: ئەڭ ئاۋۋال يىراقتىن ئوقىن ئاتقۇلۇق،
يېقىنلاشسا نەيزە بىلەن تىققۇلۇق.

2377. قاتىلسا قىلىج - بالدو بىرلە تەگىش،
تىشىن تىرگاقىن تەگ ياقا توت ئىلىش.

يەشمىسى: كىرىشكەندە پالتا قىلىچ بىرلە چاپ،
ياقادىن تۇتۇپ چىشلە ئال تاتىلاپ.

.2333 ئوکوش سو چەرىگ ئەرسە باشسىز بولور،
بۇ باشسىز چەرىگ سو يورەكسىز بولور.

يەشمىسى: قوشۇن سانى كۆپ بولسا باشسىز بولۇر،
قوشۇن بولسا باشسىز يۈرەكسىز بولۇر.

.2334 سىنامىش ياغىچى كىشى تەگلەمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرسو ئوكوش سو تىمىش.

يەشمىسى: سىنىغان بىر ھەربىي قىياسەن دېمىش،
ئون ئىككى مىڭ ئەرلىك قوشۇن كۆپ ئېمىش.

.2342 ئازىرغو ئوزورغۇ يەزەڭ تۇتغاقى،
يىراق توتغو ساقلاپ كوزى قولغاقى.

يەشمىسى: كېرەك چارلىغۇچى قىسىم خىللىماق،
قۇلاق، كۆزنى ساقلاپ يىراق قارىماق.

.2348 ئوسال بولماسا بولسا ئارتۇق ئۇزوغ،
ئوسال بولسا تەگرور باسىچىيوزوغ.

يەشمىسى: غاپىل قالمىسۇن بولسۇن ئۇ ھۇشيار،
غاپىل بولسا دۈشمەن زىيانلار ئۇرار.

.2349 ياغىقا ياغوسا يەزەكىن ئالو،
توشورسە تويوغ كورسە ئوت سو تالو.

يەشمىسى: يېقىنلاشسا ياۋغا دېرەكىن ئېلىپ،
قارار گاھنى قۇرسۇن ئۇ ئوت - سۇ كۆرۈپ.

نىڭ ئىلھاملاندۇرغانلىقى مەلۇم ئەمەس. ئۇنداق بولسا، بۇ بۈيۈك ئەدىبنى ئۆزى ئېيتقاندەك، ئىپار بېشىغا كاپۇر سېپىلگەن، ئەرغىۋان گۈلدەك قىزىل يۈزىگە زەئىپىران سۈركەلگەن، قېيىندەك مۇستەھكەم تۈز قامىتى يادەك پۈكۈلگەن يەنى ياشانغان چېغىدا بۇنداق زور مۇشەققەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا نېمە مەجبۇر قىلغاندى؟

شائىرنى بۇنداق سۆزلەشكە مەجبۇرلاپ تۈرتكە بولغان بىر نەرسە بار. ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ ئۆز دەۋرىدىن قاتتىق نارازىلىقى. شائىر بۇنى ئاشكارا سۆزلىمەيدۇ ھەم سۆزلىيەلمەيدۇ. ئۇ بولسىمۇ شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالدىن نارازىلىقى، ئۇنىڭ ھەممە كىشىنىڭ ياخشى ئىنسان بولۇشىغا بولغان تەشنالىقى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە پەزىلەتلىك، ئىلىملىك بىر ئىنسانلار توپى بولۇش ئارزۇسى، ئادالەتلىك ھاكىمىيەت ئاسايىشتا ياشايدىغان مەرىپەتلىك خەلق، قوي بىلەن بۆرە بىر جايدىن سۇ ئىچىدىغان تىنچ بىر ئىجتىمائىي ھايات تۈزۈمى قۇرۇش، نادانلار يوقىلىش، ئالىملار كۆپىيىش، شۇنىڭغا ئوخشاش نۇرغۇن ياخشى ئىشلار يولغا قويۇلغان بىر دەۋرنىڭ بولۇشىنى ئارزۇ قىلغان.

كىتاب يېزىلغان ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ 180 - يىلىغا توغرا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىت قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ تەرەققىيات، ئىلىم - مەرىپەتتە تازا ئۇچىغا چىققان دەۋرى بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ دەۋرى يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىدەك زور كىشىلەرنى يېتىشتۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما يەنە بىر تەرەپتىن ئىچكى تەرەپتىن چۈشكۈنلىشىپ، پارچىلىنىشقا قاراپ يۈز تۇتقان، بىر- بىرىنى ئۆلتۈرۈش، ئوردا ماجىرالىرى، ئۆز ئارا ئۇرۇش - جاڭجاللار كۆپەيگەن ۋە دۆلەتنىڭ ئەھۋالى يامانلاشقان بىر ۋاقىت بولغان. پەيلاسوپ شائىر بۇ يامان ئاقىۋەتنى ئالدىن ھېس قىلغان. لېكىن ئوچۇق سۆز بىلەن ئۆز پىكرىنى بايان قىلىش مۇمكىن بولمىغانلىقتىن بىر غايىۋى دۆلەت ۋە جەمئىيەت ئوبرازىنى سىزىپ چىققان. شائىرنىڭ مۇشۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى ئىچكى ئامىل ۋە تۈرتكىسىنى ئۇنىڭ تۆ-

238. كېلىن قىز سەۋىنچى كۆزەن تونلەرى،
كور ئالىپ ئەر كوۋەنچى چىرىگ كونلەرى.

يەشمىسى: كېلىن قىز سۆيۈنچى نىكاھ تويى تۈنى،
باتۇرنىڭ سۆيۈنچى سوقۇشقان كۈنى.

2381. كوۋەز ئالىپ سەكرتىپ چىرىگ سورسە بات،
لاچىن قوش قوۋار تەگ توكەر قانلارى.

يەشمىسى: سۈرەر ئالغا لەشكەر باتۇر ئات چېپىپ،
لاچىن قۇش ئالۇردەك تۆكەر ياۋ قېنى.

شائىرنىڭ يۇقىرىقى بېيىتلىرىدە ئادالەت ۋە ھەربىي ئىشلارنى قانداق ھەقىقىي سۈرەتلەپ بەرگەنلىكى بۇ ئەسەرنىڭ ۋەز - نەسىھەت تىزمىسىلا بولماي، بەلكى پەلسەپىۋى تەپەككۇر، رېئال ھايات، جانلىق ئوبراز، ھەقىقىي پىلان ئۈستىگە قۇرۇلغان ئەڭ نازۇك ۋە مۇرەككەپ بىر قۇرۇلمىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. «قۇتادغۇ بىلىك» سان - ساناقسىز تۈرلۈك رەڭدىكى قىممەتلىك جاۋاھىرات بىلەن تولغان بىر خەزىنىدۇركى، بۇ خەزىنە تاماشىچىلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆزى ياقتۇرغان جاۋاھىرات بىلەن ھەميانلىرىنى تولدۇرۇپ چىقىپ ئوتتۇرىدا كۆرسەتمەكتە. ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆرمەتكە سازاۋەر. بۇمۇ بۇ ئەسەرنىڭ قىممەتلىك خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرسى، قىسقىسى، «قۇتادغۇ بىلىك» — نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. كىشىنى زاھىرى ۋە مەنىۋى كامالەتكە يەتكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئەڭ بۈيۈك بىر قامۇستۇر.

12. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ بۇ ئەسەرنى يېزىشىغا نېمە تۈرتكە بولغان؟

بۇ ئەسەرنى يېزىشقا شائىرغا ھېچبىر ھۆكۈمدار ياكى بىرەر شەخس تەرىپىدىن بۇيرۇق، تىلەك قىلىنغانلىقى ياكى بىرەر دوست-

يەشمىسى: ئەگەر تاپسام ئەردى ۋاپالىغ سېخى ئەر،
يۇدۇپ ئۇنى يەلكەمدە كۆزگە سۈرەيمەن.

6570. قالى بولماسا مەن ۋافا بىرلە يالڭۇق،
كەيىك تاغى بىرلە تىرىگلىك قىلايى.

يەشمىسى: ئەگەر تاپمىسام مەن ۋاپادار كىشىنى،
ياۋايى كىيىك بىرلە ئۆمۈر سۈرەيمەن.

6571. يىگۈم ئوت كوكى بولو يامغۇر سوۋى تاپ.
ئەزىز قوم تونەيى تاغار توم كەزەيى،

يەشمىسى: يېمەك ئوت كۆكى بولسا يامغۇر سۈيى بەس،
قىلىپ قۇمنى تۆشەك تاغار تون كىيەيمەن.

6572. يا ۋەھشى بولۇپ، مەن بىياباندا يوگرو،
كىشىدە يىرايى ئاجوندا يىتەيى.

يەشمىسى: بولۇپ ۋەھشى ياكى بىياۋاندا يۈگۈرۈپ،
كىشىدىن يىراقلاپ جاھاندىن يۈتەيمەن.

6573. تاقى بولماز ئەرسە ئاچون بارجا قوزتون،
ئوگوز تەگ ئاقايى توپى تەگ توغايى،

يەشمىسى: بۇ ھەم بولمىسا گەر بۇ دۇنيانى تاشلاپ،
ئېقىندەك ئاقايمەن، شامالدەك ئۇچايمەن.

6574. ئىزىم موڭقا تەگدىم ۋىفاسىزغا تۈشتۈم،
ۋىفالىغ ئىم ئەركى سەۋوگ جان بىرەيى.

ۋەندىكى قەسىدىسى ئۇچۇق كۆرسىتىدۇ:

6565. تورايى، بارايى ئاجونوغ كەزەيى،
ۋىفالىغ كىم ئەرسە ئاجوندا تىلەيى.

يەشمىسى: تۇرايمەن، ماڭايمەن، جاھاننى كېزەيمەن،
جاھاندا ۋاپالىق ئىرۇر كىم، تاپايمەن.

6566. كىشى قىزلىقى بولدى قايدا تىلەگو،
تىلەپ بولغو ئەرسە تىلەيو كورەيى.

يەشمىسى: كىشى قىسلىقى بولدى ئىزدەي قەيەردىن،
تىلەپ تاپقىلى بولسا ئىزدەپ كۆرەيمەن.

6567. قاموغ ئاززو بولدوم كىشى بولمادىم مەن،
قالى بولسا ئارزوم يۈزىنگە باقايى.

يەشمىسى: جىمى ئارزۇ تاپتىم، كىشى تاپمىدىم مەن،
بۇ ئارزۇنى تاپسام يۈزىگە باقاي مەن.

6568. ۋىفا تاھتى بولدى، جىفاتولدى دۇنيا،
ۋەفا كىمدە ئەركى مەن ئازراق قولايى.

يەشمىسى: ۋاپا قەھتى بولدى جاھانغا تولۇپ جەۋر،
ۋاپا كىمدە باركىن، مەن ئازراق تىلەي مەن.

6569. تاپساڭ بولسا مەن بىر ۋىفالىغ ئاقى ئەر
ئەگىنكە رۆزەيى كۆزلۈمگە سورەيى.

يەشمىسى: كىشى كۆڭلى بىلەككە ئىدى گۆۋاھ تىل،
كۆڭۈل تىل ئالا بولدى كىمگە پۈتمەيمەن.

6580. بوكون مۇندا مەنچە كىمى ئەش قىلايى،
ياكىمگە بوتەيى كىمى دوست توتايى.

يەشمىسى: بۇ كۈن مۇندا كىمنى قىلاي ئۆزگە ھەمراھ،
پۈتەي كىمگە يا كىمنى بىر دوست تۇتايمەن.

6581. كوڭۇل كىمگە بىرگو مۇڭۇم كىمكو ئايغو،
موڭازتىم مەن ئەمدى بىر ئازراق ئايايى.

يەشمىسى: بىرەي كىمگە كۆڭۈل، مۇڭۇم كىمگە ئېيتاي،
مۇڭلاندىم ئەمدى بىر ئاز مۇڭ تۆكەيمەن.

6582. ئاداش قولداشىدا ئومىنچ بىلەدىم مەن،
قاراش قىلىقى يات تەگ نەگو تەگ ئاچايى.

يەشمىسى: ئاداش قولدىشىدىن ئۈمىد تاپىدىم مەن،
قاياش قىلىغى ياتتەك نېچۈك تىل ئاچايمەن.

6583. ئاپاك ئاندقا ئەرسە ئىنىنلىك بو تونلوك،
بو ئاند تۇتقۇچى كىم ئانى ئەر ئاتايى.

يەشمىسى: ئەگەر ئانت بىلەن بولسا ئۈمىد ئىشەنچى،
بۇ ئانت تۇتقۇچى كىم؟ ئۇنى ئەر ئاتايمەن.

6584. توز ئەتمەك ھاقى تىپ كوزەزىگلى بارمۇ،
كوموش جەۋھەر ئالتون بىلەن مەت قالايى.

یەشمىسى: ئېگەم موڭغا چۆمدۈم ۋاپاسىزغا ئۈچراپ،
ۋاپالىغ كىم ئۇلسا شېرىن جان بېرەيمەن.

6575. ئاتى قالدى راياڭوق كىشى ئاتى باردى،
بۇ قىلىق قانچە باردى ئۆزو مەن بارايى.

یەشمىسى: كىشى ئاتى قالدى يوقالدى كىشىلىك،
قايان كەتتى كىشىلىك سوڭىدىن بارايمەن.

6576. باغىرساق كىشى يوق ئاجوندا تىلەدىم،
باغرىسىزقا كۆڭلۈم نەگو تەگ ئولايى.

یەشمىسى: قېدىردىم جاھاندا كۆيۈمچان كىشى يوق،
كۆيۈمسىزگە كۆڭلۈمنى قانداق ئۇلايمەن.

6577. كىمى ئۆزكە كۆز تەگ ياقىن توتتوم ئەرسە،
ياغى چىقتى يەك تەگ يەكىنگ قىلايى.

یەشمىسى: كۆزۈمدەك يېقىن كۆرسەم مەن كىمنى ئۆزگە،
شەيتاندەك ياۋ ئۆلدى ئۇنى نە قىلايمەن.

6578. كىمى سەۋدىم ئەرسە سەۋوگ جانچە توتتوم،
جىفا كەلدى ئاندىن كىمى مەت سەۋيى.

یەشمىسى: كىمى سۆيدۈم ئەرسە شېرىن جانچە تۇتتۇم،
جاپا كەلدى ئاندىن، كىمنى سۆيەيمەن.

6579. كىشى كۆڭلى بىلگو تانوق ئەردى تىل سۆز،
كوڭول تىل ئالا بولدى كىمگە بوتەيى.

يەشمىسى: يا تەلۋە، يا ئەخمەق بولۇپ ئاينىدىم مەن،
ئىمە سۆزلىدىم مەن، سەن ئېيتقىن ئۇقايمەن.

6590. ياسەۋدا كوچەزىپ مەگىم ئارتادى ئول،
كوزومكە موكورنور ئوزوم هەب ئىچەيى.

يەشمىسى: ياسەۋدا كۆچىيىپ بۇزۇلغانمۇ مىگەم،
كۆزۈمگە كۆرۈنمەمدۇ؟ دورا ئىچەيمەن.

6591. ماڭا ئوقمۇ توشتى بۇ ياڭلىغ كىشىلەر،
ئازومەنمو تەترو كىشى مەن يانايى.

يەشمىسى: ماڭا كەلدىمۇ دۇچ يا شۇنداق كىشىلەر،
ئۆزۈم ياكى تەتۈرمۇ بۇندىن يانايمەن.

6592. ئىسزم، ئىسزم قانى ئول كىشىلەر،
ۋىغا ئاتى قوزتى ئاجوندا ئوگەيى.

يەشمىسى: قېنى ئۆتكۈچىلەر ۋاپادىن قويۇپ ئات،
قېنى ئۇلار ئەپسۇس ماختاپ ئۆتەيمەن.

6593. بوكون كورسە ئەردى بو ئوگدى توروقىلىق،
ئولار قوزمىش ئەرسە سەۋىنچلىگ بولا يى.

يەشمىسى: ئۇلار قويغان قانۇن يوسۇن قىلىقلارنى،
بۇ كۈن كاشكى كۆرسەم ئىدىم، خوش بولايمەن.

6594. يوق ئەرسە ئايو بىرسو ئوگدى توروقىلىق،
توزون توركە كەچسىمۇ ئوتونوغ سورەيى.

يەشمىسى: تۇز ھەم نانىنىڭ ھەققىنى ساقلاۋچى بارمۇ؟
كۆمۈش جەۋھەر ئالتۇن بىلەن غەرق قىلايمەن.

6585. قانى قوشنى ئاشنى سەۋىنىچ قازغوغا ئەش،
قاموغوم بىرەيى مەن ئەۋدىن چىقايى.

يەشمىسى: قىنى قوشنا - قولۇم سۆيۈنچ غەمدە ھەمراھ،
بىرىپ بارلىقىمنى مەن ئۆيدىن چىقايمەن.

6586. ئاداش قولداشىم تىپ ئىنانىچ بولداچى كىم،
ئانى بەگ قىلىپ مەن ئۆزوم قول بويى.

يەشمىسى: ئاداش قولدۇشۇم دەپ ئىشەنچ قىلغۇچى كىم،
ئۇنى مەن قىلىپ بەگ ئۆزۈم قۇل بولايمەن.

6587. كىشى بولمادىم مەن موڭا زورما يالگوز،
ساقىنچىن سىزارمەن سەۋىنچىن كولەيى.

يەشمىسى: كىشى تاپمىدىم مەن، قىلىپ مۇڭدا يالغۇز،
سىزىپ كەتتىم غەمدە، سۆيۈنۈپ كۈلەيمەن.

6588. نەلوك ئارتادى خالق نەگو ئوڭدى قوزتى،
قايو ئوزكە توشتوم يا قايدا تورايى.

يەشمىسى: بۇزۇلدى نېچۈك خەلق نىزامىنى ئېتىپ تەرك،
نېچۈك ۋاقتا قالدىم قاياققا كېتەيمەن.

6589. ئازۇ تىلۋە موندزمو بولدوم يا موندۇم،
نەگو سوزلەدىم مەن ئايو بىر ئوقاي.

يەشمىسى: تاپالمىدىم ئۆزگە، مۇشۇ جايدا خوپلۇق،
شەھەر يۇرتىنى تاشلاپ كىشىدىن قاچايمەن.

6600. ئاتىم بىلمەسۇنلەر، مېنى كورمەسۇنلەر،
تىلەپ بولماسۇنلەر سوزومنى كىسەيى.

يەشمىسى: ئېتىم بىلمىسۇنلەر، مېنى كۆرمىسۇنلەر،
تىلەپ تاپمىسۇنلەر سۆزۈمنى كېسەيمەن.

6601. چازاندەك تىكەرلەر چىبون تەگ سورارلار،
كۆمەك تەگ يۈرەرلەر قايۇسىن ئورايى.

يەشمىسى: چاياندەك چاقۇرلەر، چىۋىندەك شورارلەر،
ئىتتەك قاۋارلەر، قايۇسىن ئۇرايمەن.

6602. ئولىندىم مەن ئەمدى ئوتونلارقا تۇشتوم
ئوكونچ بىرلە تون كون نەچە يوك يوزەيى.

يەشمىسى: ئەلەم يەتتى ماڭا بۇ جاھىللار ئىچرە،
پۇشايماندا كۈن تۈن نېچۈك يۈك يۈدەيمەن.

6603. جىغا - جەۋر بارى ماڭا تەگمەسونى،
ئوتۇن بىغالاردىن ئىڭاردىن بولايى.

يەشمىسى: ماڭا كەلمىسۇن ھەممە جەبىر - جاپالار،
بۇ گۇستاخ ۋە پەستىن يىراقراق تۇرايمەن.

6604. ئىلاھى روزى قىل سەۋگ ساۋچى يوزىن،
يىمە تورت ئەشىنىڭ يۈزىنى كورەيى.

يەشمىسى: يابولمىسا تۈزسۈن يوسۇن، قىلمىق، قانۇن،
ھېكىم تۆرگە ئۆتسۇن، جاھىلنى سۈرەيمەز.

6595. قاموغ ئەزگۈ باردى تورو ئۇگدىن ئىلىتتى،
كىشى سوڭى قالدى نە ئەزگو بولايى.

يەشمىسى: جىمى ياخشى كەتتى يوسۇن قانۇن ھەم،
رەزىل قالدى، ياخشىنى نەدىن تاپايمەن.

6596. بو بوزىسىن يورىغلى كىشى ئەرسا بارچا،
فىرىشتەمو ئەردى ئۇلار نە بىلەيى.

يەشمىسى: بويى بارلىنىڭ ھەممىسى گەر بولسا ئىنسان،
پەرىشتە ئىدىمۇ ئۇلار نە بىلەيمەن.

6597. ئۇلار باردى قالدىم بۇلارنى بىلەمەن،
نەگو تەگ يورىيى نەقىلىقىن يارايى.

يەشمىسى: ئۇلار كەتتى قالدىم بۇلار بىلەن ئۆزۈم،
نىچۇكمۇ يۈرەيمەن نە ئىشقا يارايمەن.

6598. نەچە سوزلىسەمەن توكەمەز تاقى سوز،
بو مونچا تاپ ئەمدى سۆزلۈك نە بارايى.

يەشمىسى: نەچچە سۆزلىسەم مەن تۈگىمەس يەنە سۆز،
قىلاي بەس سۆزۈمنى مەن ئەمدى بارايمەن.

6599. ماڭا مۇنداق يىگرەك ئازىن بولمادىم مەن،
ئولوش كىند قوزاني كىشىدە يىرايى.

ئەربابى، «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ مۇئەللىپى يۈسۈپ خاس ھاجىپ،
ئىككىنچىسى بولسا، ئۇيغۇر ئالىمى، تىل مۇتەخەسسىسى، مىللىي
تىل تەتقىقاتچىسى، ئىلمىي قۇدرەتكە ئىگە مەشھۇر ئىلمىي ئەسەر
«تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ مۇئەللىپى، پەرەنسى (شاھزادە)
مەھمۇد قەشقەرىدۇر.

بۇ ئىككى ئالىمنىڭ ھاياتى ئاساسەن قاراخانىلار سۇلالى-
سىنىڭ پايتەختى قەشقەردە ئۆتكەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپ شۇ
خانلىق ئىچىدە بىر ئەرباب بولۇش بىلەن بىللە «قۇتادغۇبىلىك»
نى قەشقەردە يازغان. مەھمۇد قەشقەرى قەشقەر ئوپاللىق بولۇپ،
قاراخانىلار سۇلالىسى ئىچىدىكى بىر شاھزادە ئىدى. ھەر ئىككى-
سى بىر يۇرتتا، بىر ۋاقىتتا ياشىدى. ئەسەرلىرىنى بىرلا ۋاقىتتا
يازدى. ئىككى ئالىمنىڭ ياشىغان ۋاقتى بىر بولۇش بىلەن ئە-
سەرلىرىنى يېزىشقان ۋاقىتلىرى ئىككى يىلدىن ئالتە يىلغىچە ۋا-
قىت ئىچىدە، لېكىن زور ئالىم بىر - بىرىنى تونۇشىدىغان ياكى
تونۇشلۇقىنى ئىزھار قىلىشمىغان.

بۇ يەردە مۇلاھىزە قىلىشقا تېگىشلىك نۇقتا بار. بۇلار نې-
مە ئۈچۈن تونۇشمايدۇ؟ نېمە ئۈچۈن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئە-
سىرىنى قەشقەردە يېزىپ، قەشقەردە قاراخانىلار سەلتەنەت تەختى-
دە ئولتۇرۇشلۇق تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغرا قاراخان ئەبۇئەلى ھەسەن
ئىبنى سۇلايمان ئارسلان قاراخانغا تەقدىم قىلىدۇ؟ نېمە ئۈ-
چۈن شاھزادە مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان» نى باغداتتا خەلىپە
ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىدۇ؟

مۇشۇ ھاللارنى مۇلاھىزە قىلغاندا ئىككى ئالىمنى بىر - بىرى-
دىن ئايرىغان، تونۇشماس قىلىپ تۇتۇپ تۇرغان نەرسە شۇ دەۋر-
نىڭ سىياسىي ھاياتىدىن ئىبارەت، چۈنكى شۇ دەۋرلەردە قاراخانى-
لار سۇلالىسى ئىچىدە بۆلۈنۈش، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈش، زەھەر-
لەش، تەرەپبازلىق، كۆرەلمەسلىك كۈچەيگەن. ئۆزئارا ئىختىلاپ
ئەۋج ئالغان بىر زامان بولۇپ، بۆلۈنۈش يۈز بەرگەن. بۇ ئىك-

يەشمىسى: ئىلاھا نېسىپ قىل سۆيۈملۈك رۇسۇلىنىڭ،
ۋە تۆت يار دىدارىنى بىر كۆرەيمەن.

شائىرنىڭ ئۆز زامانىسىدىن قانداق قاتتىق زارلانغانلىقى مانا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۆز قەلبىدىكى ئېچىنىشلىق ئاھ - زارلىرىنى ۋە تىلەك - ئارزۇلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن غايىۋى بىر دۆلەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مەۋھۇم ئوبرازىنى يارىتىپ، شاھتىن تارتىپ بارلىق ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنى ۋە جەمئىيەتنى غايىۋى شاھ - كۈن تۇغدىنى ماختاش نىقابى ئاستىدا تەنقىد نەيزىسى بىلەن سانجىغان يەنە «مۇشۇنداق دۆلەت ۋە جەمئىيەت بولۇش كېرەك ئىدى... لېكىن سەنلەر بۇنىڭ ئەكسىچە...» دېگەن تەنقىدىنى ئالقىشقا سازاۋەر دۆلەت يارىتىش ئوبرازى ئارقىلىق شۇنداق دانىشمەنلىك ۋە ماھارەت بىلەن ئوتتۇرىغا قويغانكى، شاھ ۋە ئۇنىڭ ئەربابلىرى يازغۇچىدىن ئاغرىنىشقا، ئاداۋەت تۇتۇشقا ئويلاپ يېتەلمىگەن. ئەكسىچە، ئۇنى تەقدىرلىگەن. دېمەك بۈيۈك ئەدىبنى بۇ ئەسەرنى يېزىشقا تۈرتكە بولغان مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى، شۈبھىسىزكى، مانا شۇدۇر.

## 13. قەشقەرلىك ئىككى ئۇيغۇر ئالىمى نېمە ئۈچۈن تونۇشىدى؟

11 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا قەشقەر ئۇيغۇر مىللىتى ئۈچۈن ئەڭ زور ئىقتىدارلىق ئىككى بۈيۈك پەرزەنت تۇغۇپ، بۇلارنى ئىككى بۈيۈك ئالىم قىلىپ يېتىشتۈرۈپ ئىلىم دۇنياسىغا تەقدىم قىلدى.

ئۇلارنىڭ بىرى - يىراق ئۆتمۈشتىكى ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتىنىڭ نامايەندىسى، سەنئەت ماھىرى، ئەدىب، پازىل ئالىم، ئەخلاق ئادالەت ۋە بىلىم ھامىسى، قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەشھۇر

هاياجانغا سېلىپ قوزغىتالايدىغان شائىر بولۇش تەس.

دۇنيادىكى مەشھۇر شائىرلار شېئىرلىرىنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆ-
رۈشى ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ تۇيغۇلۇق بولغانلىقىدا ۋە ئۇلارنىڭ
تۇيغۇلۇق شېئىر يازالىغانلىقىدا.

بۇۋىمىز يۇسۇپ مانا شۇنداق شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) شېئىر
يازغان شائىرنىڭ بىرىدۇر. ئۇ ئىجاد قىلغان «قۇتادغۇبىلىك»
نىڭ مىڭ يىللار ئۆتۈپ، يەنە قولدىن - قولغا ئۆتۈپ ساقلى-
نىپ كېلىشى بۇ شېئىرىي ئەسەرنىڭ كىشىلەر شۇئۇرىنى (تۇي-
غۇسىنى) ئۆزىگە تارتقان، بەدىئىي ئۇسلۇبىدىكى شېئىرىيەت ماھارى-
تىدۇر. ئۇنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» ناملىق بۇ شۇئۇر (تۇيغۇ) دېڭىزىگە
چۆمۈپ، تۆۋەندىكى ئۈنچىلەرنى كۆرگەن ۋە بۇ گۈللۈكنى ئارىلاپ،
ئۇنىڭدىكى تۈمەن رەڭلىك چېچەكلەرنى تاماشا قىلىپ ھىدلىرى-
نى پۇرىغان ھەر بىر كىشى ئۆزىدە ئىختىيارسىز بىر مەپتۇنىيەت
ھېس قىلىدۇ. يۇسۇپنىڭ «بۇغراخان خاقان بولدى» دېگەن مەق-
سەت بايانى ئۈچۈن يازغان تۆۋەندىكى شائىرانە شۇئۇرلۇق شې-
ئىرلىرىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى. نېمىلەرنى ھېس قىلدۇرىدىكەن قېنى!...

63. توغاردى ئەسە كەلدى ئۆگدۈن يېلى،
ئاچون ئىتگۈگە ئاچتى ئۇشتماخ يولى.

يەشمىسى: ئىسسىپ كەلدى شەرقتىن باھارنىڭ يېلى،
بېزەشكە جاھان ئاچتى، جەننەت يولى.

64. ياغىز يىر يىپار تولدى كافۇر كىتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كوركىن ئېتىپ.

يەشمىسى: قوڭۇر يەر ئىپار تولدى كاپۇر كېتىپ،
بېزەنمەك تىلەر دۇنيا كوركىن ئېتىپ.

كى ئالىمنى ھايات ئېقىمى سۆرەپ بېرىپ ھەر بىرىنى بىر گو-رۇھقا مەنسۇپ قىلىپ قويغان. ئەۋج ئالغان سىياسىي كۈرەش ئاخىر بېرىپ مەھمۇد قەشقەرىنى باغداتقا بېرىشقا مەجبۇر قىلغان. يۈسۈپ قەشقەردە قالغان. ھادىسىلەرنىڭ تەرەققىياتى ئىككى ئالىمنى بىر - بىرىنى تونۇمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويغان. بۇ ئەجەبلىنەرلىك ھال ئەمەس. چۈنكى بۇنداق ھادىسىلەردىن ئۇرغۇنلىرىنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكى تارىخ ئاشنالىرىغا چۈشىنىشلىك. دېمەك ئىككى ئالىمنىڭ بىر - بىردىن چەتنەشلىرى مانا شۇ بولسا كېرەك.

## 14. «قۇتادغۇبىلىك» ۋە شېئىرىيەت

قىممەتلىك ئۇنچىلەر بىلەن تولۇپ تاشقان بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ ئەدەب - ئەخلاق دەرسلىكى، پەزىلەتلەر قامۇسى، ئەنئەنىۋى بىر ئەستىلىك بولۇشى بىلەن بىللە بەدىئىي ئەدەبىياتىمىزنىڭ ئەڭ كونا نەمۇنىلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ شېئىرىيەت دۇنياسىدىكى ئورنى تولىمۇ زور.

مەلۇمكى، شېئىر (تۇيغۇ) ئۇنىڭ شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) بولۇشىدا، يەنى يۈرەكنىڭ تۇيغۇ تارلىرىنى تىترىتەلىشىدە ... شائىر (تۇيغۇچى) نىڭ شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) سۆز يارىتالىشىدا. شېئىر — بىزنىڭ ئىستىلاھىمىزچە ئۆلچەملىك، قاپىيىلىك، تىزىپ قويۇلغان سۆزلەرگە ئېيتىلغان بىلەن، ئۇنىڭ لۇغەت مەنىسى — تۇيغۇدۇر. شۇڭا يۈرەكنى ھەرىكەتلەندۈرۈش كۈچىگە ئىگە سۆزلەر شېئىر دېيىلىدۇ. شائىر دەپ شۇنداق سۆز يازغۇچىغا دېيىلگەن بىلەن، لۇغەت مەنىسى تۇيغۇچى دېمەكتۇر. شائىر بولغاندا شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) سۆز يازىدۇ. تۇيغۇلۇق سۆز يازالىغاندا شائىر بولالايدۇ. شېئىر يېزىش مۇمكىن، ئەمما شۇئۇرلۇق (تۇيغۇلۇق) شېئىر يېزىش قىيىن. شائىر دېيىش ئاسان، لېكىن يۈرەكلەرنى

70. تومەن تو چىچەكلەر يارىلدى كولە،
يىپار تولدى كافۇر ئاجۇن يىر بىلە.

يەشمىسى: تۈمەن رەڭ چېچەكلەر ئېچىلدى كۆلۈپ،
ئىپار، كاپۇر ھىدىغا دۇنيا تولۇپ.

71. سابا يىلى قوپتى قەرانغول يىزىن،
ئاجون بارچا بوترو يىپار بورىكىن.

يەشمىسى: ئىسسىپ تاڭ شامىلى قەلەمفۇر پۇراق،
ئىپار بۇيىغا تولدى دۇنيا بىراق.

72. قاز، ئوردەك، قوغو، قىل قالىقىغ تورى،
قاقىلايو قايىنار يوقارو قوزى.

يەشمىسى: غاز، ئۆردەك، قىل، ئاققۇ خۇشاللىق بىلەن،
قاقىلداپ ئۇچۇشار يۇقىرى- تۆۋەن.

73. قايوسى قوپار كور قايوسى ئوچار،
قايوسى چاپار كور قايو سوۋ ئىچەر.

يەشمىسى: قارا! بىرسى قونسا ئۇچار ئۇ بىرى،
بىرى ئۈزسە ئويناپ، ئىچەر سۇ بىرى.

74. كوكىش تورنا كوكتە ئونىن باڭقولار،
تىزىلمىش تىتىر تەگ ئوچار يىلكورەر.

يەشمىسى: تىزىلغان تۆگىدەك كۆكۈش تۇرنىلار،
ئۇچار يەلپۈنەر ھەم ئۈنىن ياڭرىتار.

65. ئىرىنچىگى قىشىغ سوردى يازقى ئەسىن،
ياروق ياز يانا قوردى دۆلەت ياسىن.

يەشمىسى: جاپا قىشنى قوغلاپ بۇيازقى ئىسىن،
پارلاق ياز يەنى قۇردى، دۆلەت ياسىن.

66. ياشىق ياندى بولغاي يانا ئورنىگا،
بالىق قوزروقىندىن قوزى بورنىگا.

يەشمىسى: قۇياش ياندى بولغاي يەنە ئورنىغا،
بېلىق قۇيرۇقىدىن قۇزى بۇرنىغا.

67. قوردىمىش يىغاچلار توناندى ياشىل،
بىزەندى يىپون ئال، سارىغ، كۆك، قىزىل.

يەشمىسى: قۇرۇغان ياغاچلار كىيىندى يېشىل،
بېزەندى يىپۇن هال، سېرىق، كۆك، قىزىل.

68. ياغىز يىر ياشىل تورقو يوزكە بادى،
خىتاي ئارقىشى يازتى تاۋغاچ ئەزى.

يەشمىسى: قوڭۇر يەر يېپىندى يېشىل تورقۇنى،
تاۋغاچ رەختى يايدى قىتان كارۋىنى.

69. يازى تاغ قىر ئوبرى توشەندى يازىپ،
ئىتىندى قولى قاشى كوك ئال كەزىپ.

يەشمىسى: دالا - تاغ، قىر - ئويمان تۆشەندى يېيىپ،
بېزەندى ۋادىلار يېشىل هال كىيىپ.

80. قالىق قاشى توگدى كوزى ياش ساچار،
چېچەك يازدى يوزكور كولەر قاتغورار.

يەشمىسى: قېشىن توردى ئاسمان، كۆزى ياش ساچار،
چېچەكلەر يۈز ئاچتى كولۇپ قاتقۇرار.

81. بۇ ئۆزتە ئاجون ئوز - ئوزىگە باقىپ،
كوۋەنىپ سەۋنىپ ئەزشىگە باقىپ.

يەشمىسى: بۇ ۋاقتا جاھان ئۆز - ئۆزىگە قاراپ،
سۆيۈنۈپ قۇۋانىپ مېلىغا قاراپ.

[شائىر بۇ يەرگە كەلگەندە ئىنتىقال (يۆتكىلىش) ماھا-
رىتىنى كۆرسىتىدۇ]

82. ئىلە تو ماڭا ئاچتى دونيا سوزىن،
ئايور كورمەدىڭ‌ۇ بۇ خاقان يوزىن.

يەشمىسى: ماڭا كۆز يۇگۇرتكەچ ئۇ ئاچتى سۆزىن،
دېدى: كۆرمىدىڭمۇ بۇ خاقان يۈزىن.

83. ئوزىر ئەردىڭ ئەرسە تورئاچ ئەمدى كوز،
ئىشتمەدىڭ ئەرسە ئەشىت مەندە سوز.

يەشمىسى: ئەگەر ئۇيقۇلۇقەن، تۇر ئاچ ئەمدى كۆز،
ئىشىتمىگەن ئولساڭ ئىشىت مەندە سۆز.

84. تۇمەن يىلدا بەرو تول ئەردىم تولاس،
دوتول تونى سوچلوپ ئوروك كەزتىم ئاس.

75. ئۇلار قوش ئۇنىن يازتى ئوندەر ئىشىن،
سىلىنگ قىز ئۇقىر تەگە كۆكۈل بەرمىشىن.

يەشمىسى: ئۇلاي سايرىدى ئۇندەپ ئۇ يولدىشىن،
گۈزەل قىز قىچقارغان كەبى سۆيىمىشىن.

76. ئونىن ئوتتى كەكلىك كولەر قاتقورا،
قىزىل ئاغزى قان تەگ قاشى قاپ - قارا.

يەشمىسى: قاقىلدىدى كەكلىك كۈلۈپ قاتغۇرا،
قىزىل ئاغزى قاندەك، قاشى قاپقارا.

77. قارا چومغوق ئوتتى ستا تومشقىن،
ئونى ئوغلاغو قىز ئونى تەگ ياقىن.

يەشمىسى: قارا قۇشقاچ ئۆتتى سىتا تۇمشىقىن،
ئۇنى نازىنىن قىز ئۇنىگە يېقىن.

78. چىچەكلىكتە ساندۋاچ ئوتەر مىڭ ئونون،
ئوقىر سورى ئەبرى تونون ھەم تونون.

يەشمىسى: چېچەكلىكتە مىڭ خىلدا بۇلبۇل ئۇنى،
ئوقۇر سۈرە ئەبرىنى تۈنى ھەم كۈنى.

79. ئىلىك كولمەز ئوينار چىچەكلەر ئوزە،
سىغون مويغاق ئاغنار يوررىر تەپ كەزە.

يەشمىسى، ئېلىك ۋە جەرەن گۈل ئارا ئوينىشۇر،
ئارقار ۋە تاغ ئۆشكىسى جۈپ سەكرىشۇر.

ئىختىيارسىز ئۇنىڭ مەپتۇنى بولۇپ قالىدۇ. بۇ شېئىردىكى لەتاپەت
نازاكەت ۋە تولۇپ - تاشقان گۈزەللىكتىن قەلبلەر تاس قالىدۇ
ئېرىپ كەتكىلى!...

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ بۇ قەدەر قوزغىتىش ۋە تارتىش كۈ-
چىگە ئىگە بولغانلىقى ئەسەر ئىجادچىسىنىڭ سۆزدىكى پاساھەت
ۋە بالاغەت ئامىللىرىدىن بولغان مائانى، بايان بەدىئىي ئىلىم-
لىرىگە ئالىملىقى ۋە ئۇنىڭ بەدىئىي شېئىر يېزىشتا كېرەك بولغان
ماجاز، ئىستىئارە، تەشبىھ، كىنايە، مۇبالىغە ۋە ئىنتىقال ( يۆتكى-
لىش) غا ئوخشاش نازۇك - سەنئەتلەرنى ئىشلىتىشكە ئۇستىلىقى
ۋە بۇ ھۈنەرلەرنى ئۆز شېئىرىگە شۇئۇر بېرەلەيدىغان بىر تەپەك-
كۇر بىلەن ئورۇندىغانلىقىدىدۇر. چۈنكى قەلبنى ھاياجانغا سې-
لىپ تىترىتىش ئوڭاي ئەمەس. قەلب كۆرۈنۈشتە كىچىك بىر
پارچە بولغان بىلەن پۈتۈن بارلىق ئۇنىڭ ئىچىگە سىغىپ كې-
تىدىغان ئاجايىپ زور جىسىمدىن ئىبارەت. قەلب تەرىپىدە بىر
ئەرەب شائىرى مۇنداق دەيدۇ:

ئەتەھسە بۇ، ئەننەكە چورمون سەغىرۇن،
ۋە فى كە ئەنتەۋەل ئالەمۇل ئەكبەرو.

تەرجىمىسى: ئۆزۈڭنى كىچىك جىسىم دەپ ئويلىما،
سىغىپ كېتىدۇ ساڭا بۇ چوڭ جاھان.

ھەقىقەتەن قەلبنىڭ چوڭلۇقىنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدۇ.
كىچىككىدىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر كۆرگەن، بىلگەن، ئەتكەن،
ئاڭلىغانلىرىڭنىڭ ھەممىسى ھازىر قەلبىڭدە بار. ئەگەر پۈتۈن يەر
شارىنى ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقالىساڭ، ھەممە سەييارىلەرنى كې-
زەلىسەڭ ئىدىڭ، ئۇلارنىڭ بارلىقى يەنە قەلبىڭگە سىققان بولات-

يەشمىسى: تولەن يىل تول ئەردىم، سولغۇن يۈز ئىدىم،
سېلىپ تول كىيىم، كىيدىم ئاق ئاس كىيىم.

85. بىزەندىم نەكىم بولدى خاقان ئۇلۇغ،
ئۇتۇندۇم مونو قولسا جانىم يۇلۇغ.

يەشمىسى: ئۇلۇغ خان بېگىمدۇر ياساندىم شۇڭا،
قوبۇل قىلسا جانىم پىدادۇر ئۇڭا.

ئەدىب شۇلاردىن كېيىن بۇغرا خاننى سۆزلەشكە باشلايدۇ...

يۇقىرىقى مىسرالارنى ئوقۇغاندا، كىشىنى ئۆزىگە ئاشىق قى-
لىدىغان مۇنداق ئاجايىپ گۈزەل بىر مەنزىرە كۆرۈنىدۇ:

شەرقتىن چىقىۋاتقان سالقىن شامال، جەننەتتەك ياسانغان
دۇنيا. ئېرىپ كەتكەن قار كاپۇرلىرى، ئېچىلغان ئىپار رەڭلىك
تۇپراق، يېشىل بەرگلەردىن تون كىيگەن دەرەخلەر، قىزىل، كۆك
بىنەپشە، ھال رەڭدە ئېچىلغان چېچەكلەر، ئىپار، كاپۇر ھىدى
بىلەن تولغان جاھان، دۇنيانى قەرەنفۇل ھىدلىرى بىلەن تولغۇز-
غان تاڭ شامىلى، بىرى سۇ ئىچسە بىرى تۇرۇۋاتقان، بىرى ئۇچ-
سا، بىرى قونۇۋاتقان قۇشلار، تىزىلغان تۆگىدەك قاتارلىشىپ يۇ-
قىرى تۆۋەن ئۇچۇۋاتقان تۇرنىلار، سۆيگەن سۆيۈملۈكىنى ئۇندە-
گەن گۈزەل قىزدەك ئىسقىرتىۋاتقان ئولاي قۇش، قاندەك قىزىل
ئاغزىدا قاقىلداۋاتقان قارا قاش كەكلىك، چېچەكلەر ئارا ساي-
راۋاتقان بۇلبۇللار، جۈپ - جۈپ بولۇپ گۈللەر ئۈستىدە سەكرەپ
ئېغىنىشىۋاتقان كىيىك - جەرەنلەر، سىم - سىم يېغىۋاتقان يام-
غۇر، كۈلۈپ ئېچىلىپ كەتكەن چېچەكلەر. شائىر، ئەڭ ئۇستا
رەسسامىمۇ ئۇنى تەسۋىرلەشكە ئاجىز كېلىدىغان مۇشۇنداق بىر
گۈزەل مەنزىرىنى ئۆز شېئىرى بىلەن بىزنىڭ تۇيغۇمىزغا شۇن-
داق بىر نەپىس، نازاكەت بىلەن سىزىپ كۆرسىتىدۇكى، قەلبلەر

يەشمىسى: يوشۇردى يۈزىن يەرگە رۇمى قىزى،
جاھاننىڭ يۈزى بولدى زەڭگى يۈزى.

«تاك ئاتتى» دېگەننى مۇنداق سەنئەتلەر بىلەن بېرىدۇ:

4966. قالتى يىرتىق كەزمىش قارا كۆڭلەكىن،
ئاچىلدى ياروق يوز كوتوردى ئەگىن.

يەشمىسى: پەلەك يىرتتى كىيگەن قارا كۆڭلىكىن،
كۆتۈرۈپ پەرەنجە ئۇ ئاچتى يۈزىن.

4967. كوله باقتى ئورلەپ تالو قىز يوزى،
بارودى بۇ دونيا ئىرى ھەم قوزى.

يەشمىسى: كۈلۈپ باقتى ئۆرلەپ گۈزەل قىز يۈزى،
يورۇدى جاھاننىڭ ھەر ئىككى يۈزى.

قاراپ باقايلى، بۇ مىسرالاردا قانچىلىك بەدىئىي سەنئەت ئورۇنلاشقان:

كۈننىڭ پېتىش چاغدىكى سېرىقلىقىنى ئالتۇنغا ئوخشىتىدۇ. شەپەقنى كۈن يۈزىگە زەپە سۈرتۈلدى دەپ ئوخشىتىش قىلىدۇ. كۈن يوقىلىپ ھاۋانىڭ قارامتۇللاشقانلىقىنى شىشىگە، ھاۋانىڭ قارايغانلىقىغا مەھبۇبلەرنىڭ قارا قېشىنى ئىستىئارە قىلىپ كۆرسىتىپ ئوخشىتىش ياسايدۇ. زەڭگى يۈزىنى كېچىدىن، رۇمى قىزىنى قۇياشتىن كىنايە قىلىدۇ. ھاۋانىڭ زۇلمەت بىلەن تولغانلىقىنى قارا قۇش يۈڭى بىلەن تولدى دەپ مۇبالىغە ۋە ئوخشىتىش قىلىدۇ. كېچە قاراڭغۇسىنى قارا كۆڭلەككە ئوخشىتىپ، تاڭ ئاتقانلىقىنى قارا كۆڭلەك يىرتىلدى دەپ ئىستىئارە قىلىدۇ. قۇياشنىڭ تۇغۇپ چىقىشىنى قىز يۈزىگە ئوخشىتىپ، تەشبىھ ۋە مۇبالى-

تى. دېمەك، مانا شۇنداق چەكسىز قەلبىنى قىزغىنتىش ئوڭاي ئەمەس.

يۇسۇپ ئۆزىنىڭ شۇئۇر (تۇيغۇ) بىلەن تولغان شېئىرىي ئەسىرى «قۇتادغۇبىلىك» بىلەن، بۇ زور ئىشنى، يەنى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ھاياجانغا سېلىش ئىشىنى ئورۇنلىغان. ئۇنىڭ بۇ ماھارىتىنى يالغۇز يۇقىرىدىكى مىسرالاردىلا ئەمەس، باشقا جايلاردىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. مەسىلەن، «كەچ بولدى» دېگەننى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

4959. قىزىل روز ئوڭى ئوڭدى بولدى سارىغ،
ئاجون بولدى ئالتون ئوڭى تەگ ئارىغ.

يەشمىسى: قىزىل يۈزى بولدى پەلەكنىڭ سېرىق،
جاھان بولدى ئالتۇن رەڭدىكى ئېرىق.

4960. ياشىق تورتتى سارىغ زافەران،
ئوزىن قىلدى مىنا ئوڭى تەگ جاھان.

يەشمىسى: قۇياش سۈرتتى يۈزىگە سېرىق زەپىران،
پۈركەندى ھاۋارەڭ شىشىگە جاھان.

4961. قالىق بوترو تونتى سەۋوكلەر قاشى،
ئاجون بولدى زەنگى ھەبەش قىرتىشى.

يەشمىسى: مەشۇقلار قېشىدەك بولۇپ ئاسان،
ھەبەش زەڭگى تۇسىگە كىردى جاھان.

4948. يوزىن كىزلەدى يىركە رومى قىزى.
ئاجون قىرتىشى بولدى زەنگى يوزى،

6479. قانى بىر كونىلىك قىلغىلى قانى،
قانى تەڭرىلىق ئىش يورىگىلى قانى.
ئاجون بارچا بوترو توكەل ئارتادى،
كۆرۈپ تاڭلا داچى قانى بىر مونى.

يەشمىسى: قېنى، بىر دۇرۇستلۇق قىلغۇچى قېنى،
خۇدالىق ئۈچۈن ئىش قىلغۇچى قېنى.
جاھان باشتىن - ئاخىر بۇزۇلدى پۈتۈن،
كۆرۈپ تاڭ قالۇر كىشى بارمۇ قېنى.

3168. بىلىنگ بىرلە يازلور قاموغ تەرس توگون،
بىلىنگ بىل ئوقوش ئوق تىرىلگىل ئوگون.
بىلىنگ ئىشقا توتغىل تاقى تىل كونى،
تاقى ئوگرەنو تور ئوسانىما بو كون.

يەشمىسى: بىلىم بىرلە يېشىلۇر پۈتۈن تەس تۈگۈن،
بىلىم بىل، ئەقىل ئوق، ياشىغىل ئۈگۈن①.
بىلىم بىرلە ئىش قىل تىلىڭ توغرا تۇت،
ئۆگەن سەن، بىكار كەتمىسۇن مۇشۇ كۈن.

2759. كوڭول تىل كونى توت قىلىنچىڭ بوتون،
ساڭا كەلگو دولەت بو دونيا بوتون.
كونى بولدۇڭ ئەرسە قوتازغاي كونوڭ،
سالامەت تىرىلگىل سەۋىنچىن قوتون.

يەشمىسى: كۆڭۈل تىلنى تۈز تۇت قىلىقنى پۈتۈن،
كېلۇر ساڭا دۆلەت بۇ دۇنيا پۈتۈن.

① ئۈگۈن — ئەقىللىق

غە سەنئەتنى ئىشلىتىدۇ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش...

ئەگەر شائىر شۇئۇرلۇق شېئىر يارىتاي دېمىسە، «كەچ بولدى، تاڭ ئاتتى» دېگەن ئىككى جۈملە بىلەن مەقسەت ئۇقۇلاتتى. لېكىن شائىر يۇقىرىقىدەك گۈزەل ئىبارە ۋە سەنئەت ماھىرلىقى بىلەن مەقسەتنى ئىپادە قىلغانلىقتىن، شېئىرىيەتنىڭ شۇئۇرلۇق رەڭمۇ - رەڭ گۈللىرى بىلەن گۈلدەستە تۈزۈپ سۇنۇلغانلىقتىن قەلبلەر ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا مەپتۇن، جانلار ئۇنىڭغا ئاشىق بولغان. چۈنكى قەلب ۋە جان ھەر قاچان گۈزەللىكنىڭ مەپتۇنى ۋە ئاشىقلىرىدۇر.

بۈيۈك ئەدەب بۇ ئەسىردە بەدىئىيەتنىڭ يۇقىرىقىدەك يېشۇرۇن ئامىللىرىنى ئىشلىتىش بىلەنلا قالماي، شېئىرنىڭ ئاشكارا سەۋەبلىرىدىن بولغان ۋەزىن، قاپىيە، تۈرلەرگە ھەم ئېتىبار بېرىپ، رۇبائىي، قەسىدە، مەسنەۋى، تەجنىس، تۇيۇق، ئىنتىقال (يۆتكىلىش)، ئىرسال ئۇلمەسەل (سۆزنى مەسەل بىلەن كۈچلەندۈرۈش) سەنئەتلىرىنى ھەم قوللىنىپ ئۆتكەن. ئەسەردىكى ھەممە رۇبائىيلار «ئىرسال ئۇلمەسەل» يولى بىلەن كەلتۈرۈلگەن، يۇقىرىدىكىلەرگە مىسال:

رۇبائىيلىرىدىن:

6343. نەچە قازغۇ ساقىنىچ سىنى بولاناسا،
يانا ئوق كۆلەر كوز نەچە يىغلاسا.
ئاچۇن ئۆگدىسى بو تەلىمدە بەرو،
ئەسىز ئەزگۈ ئەرتەر نەچە يىغلاسا.

يەشمىسى: سېنى قانچە قىلسا ئەسىر قايغۇ - غەم،
كۆلەر بۇ كۆزۈڭ يىغلىسا قانچە ھەم.
جاھان قانۇنى بۇ ئۆزۈندىن بۇيان،
ئۆتەر قانچە ئۇرسا يامان - ياخشى ھەم.

يۇقىرىقىلار — بۇ بەدىئىي ئەسەر ۋە ئۇنىڭ شېئىرىيەت دېڭىزىدىن ئېلىنغان بىر قانچە تامچىلاردۇر.

«قۇتادغۇبىلىك» مانا شۇنىڭ ئۈچۈن دۇنيا ۋى كىلاسسىك ئەسەرلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا ئورۇن ئېلىپ، تۈزۈلۈشى، مەزمۇنى، غايىسى، ئىنسانىيەتكە پايدىسى، تەلىم - تەربىيىسى، بەدىئىي ئالاھىدىلىكى، كۈچلۈك شېئىرىيىتى بىلەن ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلگەندۇر. ئۇنچە - مارجان دۈۋىلىرى بىلەن تولغان بىر خەزىنە تاماشىچىسى، بىر بىرىدىن گۈزەل، بىر - بىرىدىن جۇلالىق، قىممەت باھا گۆھەرلەر ئارىسىدا قانداق ھەيرەتتە قالىدىغان بولسا، «قۇتادغۇبىلىك» خەزىنىسىنى كۆزدىن كەچۈرگەنلەرمۇ شۇنداق ھەيرانلىقتا قالىدۇ. ئالىمسا كۆڭلى ئۇنىمايدىغان، ئالسا ئېلىپ تۈگىتەلمەيدىغان بىر ئەھۋالغا ئۇچرايدۇ.

يۇقىرىدىكى قۇرلارنى يېزىپ كېلىۋاتقان قەلەممۇ ئۆزىنىڭ بۇ ھەيرانلىق گىرىپتارى بولغانلىقىنى ھېس قىلىپ، چارىسىز ھالدا «قۇتادغۇبىلىك» تىن تۆۋەندىكى بېيىتلەرنى كەلتۈرۈش يولى بىلەن يورۇشنى بەس قىلىدۇ:

3496. ئۆزۈڭگە باغرساق سېنىڭ ئۆز - ئۆزۈڭ،
كىشىگە ئىنانما كەسىلدى سوزۇڭ.

يەشمىسى: ئۆزۈڭگە كۆيۈمچان سېنىڭ ئۆز - ئۆزۈڭ،
كىشىگە ئىشەنمە، تۈگەت بەس سۆزۈڭ.

869. تاشى تەگ ئىچى ئول ئىچى تەگ تاشى،
بۇ رەڭلىغ بولور ئول كونى چىن كىشى.

يەشمىسى: تېشىدەك ئىچىمۇ ئىچىدەك تېشى،
بۇ يەڭلىغ بولۇر چىن ۋە توغرا كىشى.

ئەگەر توغرا بولساڭ فۇتانقاي كۈنۈك،
سالامەت ياشايسەن. سۆيۈنچتە قوتۇن.

تەجنىس:

1247. ئەزىز ئۇل، ئەزىز كىم، ئەزىزلەرگە ئىز،
ئانىڭدىن تەگمر ئىز، ئەزىز ئەمدى قىز.

يەشمىسى: ئەزىز ئۇل ئەزىز كىم، ئەزىزلەرگە ئىز ①،
ئۇنىڭدىن تېگۈر ئىز، ئەزىز ئەمدى قىز.

4289. ئوتۇنقا قاتلىما ئاي ئاشلىق ئارىغ،
يۈزۈڭنىڭ سۈۋىن ئىلتىگە سىندىن ئارىغ.

يەشمىسى: قوشۇلما نادانغا ئەي ئەسلى ئېرىغ،
تۆكەر ئابرۇيىنى سېنىڭدىن ئېرىغ.

4558. ئاجۇنقا يازىماق تىلىسە ئاتىڭ،
ئۇمەگ ئىزگو توتغىل يوگوردى ئاتىڭ.

يەشمىسى: جاھانغا يېيىلسۇن دېسەڭ سەن ئېتىڭ،
مۇساپىرنى كۈتكىل، تارار شۆھرىتىڭ.

1628. بولوغلوغ كورورمەن ياراغو مونى،
كىچىكلىكتە تاشتىن ئازىن يوق مونى.

يەشمىسى: كۆرەرمەن يارامىلىق تولۇق مەن ئۇنى،
كىچىكلىكتىن ئۆزگە ئۇنىڭ يوق مۇنى②

① بۇ يەردىكى ئىز «ئىززەت» مەنىسىدە
② مۇنى — ئەيىبى

## «قۇتادغۇبىلىك» كىمنىڭ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىل

بىزگە مەلۇمكى، دۇنيادا ئۆتكەن ھەر بىر مىللەتنىڭ شۇ مىللەتنى تارىخ بېتىدە ئەسلىتىپ تۇرىدىغان ئەسلەتمە خاتىرە بەلگىلىرى بولغان. ئۇلار ئەنە شۇ خاتىرە بەلگىلىرى بىلەن زامان ئۆزگىرىشىنىڭ مەھۇ - ئىنتىزارلىق تۇمانلىرى ئاستىدا يوقىلىپ كەتمەي، ئۆتمۈش ھاياتىنىڭ بارلىق بەلگىلىرىنى تارىختا نامايان قىلىپ، پەخىرلىنىپ كەلگەن. مەسىلەن: جۇڭگو كۇڭزى ۋە ئۇنىڭ تەلىماتى، ساۋ شۆچىن ۋە ئۇنىڭ «قىزىل راۋاقتىكى چۈش» رومانى بىلەن؛ يۇنانلىقلار ئۆز پەيلاسوپلىرى ئەپلاتون، ئارىستوتىل، بۇقرات، سوقرات، فىساغۇرس ۋە ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن؛ ھىندىلار بىدپاي ھېكىم ۋە ئۇنىڭ «كەلىلە - دەمنە» سى بىلەن؛ ئىرانلىقلار فىردەۋسى ۋە ئۇنىڭ «شاھنامە» سى بىلەن؛ ئىنگلىزلار بايرون، شېكسپىر بىلەن؛ رۇسلار تولستوي ۋە ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن پەخىرلىنىپ كەلدى. بىزمۇ ئەمدىلىكتە ئۆزىمىزنىڭ تارىختىكى شانلىق كۈنلىرىمىزنىڭ مەرىپەت نىشانلىرىنى خۇددى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن مىللەتلەر، دۆلەتلەرگە ئوخشاشلا بۈيۈك تەنتەنە ساداسى ئىچىدە كۆتۈرۈپ چىقىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتۇق. ئۇ بولسىمۇ بىز ئۇنىڭ دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ مىڭ يىللىقىنى خاتىرىلەۋاتقان يىگانە ئەسەر «قۇتادغۇ بىلىك» تۇر. ھازىر بۇ ئەسەر خەلقىمىز قولىغا ئۆتتى: نەزمىي يەشمىسى نەشىر قىلىنىپ تارالدى. بۇ ئەسەر ئوتتۇرىغا چىقىش بىلەن ئۇنى ھەر تەرەپلىمە تەتقىق قىلىش باشلىنىپ كەتتى. بۇ يەردە شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش زۆرۈركى، «قۇتادغۇ بىلىك» نى تەتقىق قىلىشنى قولغا ئېلىشتا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئايدىڭلاشتۇرۇۋې-

870. كوڭۈلنى چىقارسا ئايادا تۇتۇپ،
يورىسا ئۇ يازماي يالىڭۇق كورۇپ.

يەشمىسى: چىقىرىپ يۈرەك ئالقىنىدا تۇتۇپ،
ئۇ ياتماي يۈرەلسە ئەلنى كۆرۈپ.

دەيدۇ، ھەقىقىي ئىنسان يۇسۇپ خاس ھاجىپ.

1983 - يىل ماي

قاراشلاردىن ئىبارەت. تەتقىقاتچىلارنىڭ بۇ مۇھىم مەسىلە ئۈستىدىكى كۆز قاراشلىرى، پىكىرلىرى ئوخشاش ئەمەس. بۇ توغرىدا ئەھۋال شۇ دەرىجىدىكى، «قۇتادغۇبىلىك» ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ، ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان دەپ قويۇش بىلەنلا مەسىلە ھەل بولمايدىغان ھالدا، چۈنكى ھەر بىر تەتقىقاتچىنىڭ بۇ توغرۇلۇق قىلغان تۈرلۈك سۆزلىرى، كەلتۈرگەن دەلىل - ئىسپاتلىرى، تۇيغۇ - ھېسسىياتلىرى بار.

شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگىمۇ پىكىر ۋە مۇھاكىمىمىزنى، دەلىل - ھۆججەتلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ جەزمەن ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپلۇقى، ئۇنىڭ تىلىنىڭ «مۇقەررەر ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت» لىكىنى ئىسپاتلاش زۆرۈر بولۇپ قالدى.

«بارىقەئى ھەقىقەت تەساددۇمى ئەفكاردىن چىقار، يەنى ھەقىقەت چاقماقلىرى پىكىرلەرنىڭ بىر - بىرىگە ئۇرۇلۇشلىرىدىن چاقنايدۇ» دېيىلىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئەسەرنىڭ تەۋەلىكى توغرىسىدىكى بۇ تۇمانلىق ھاۋا، بۇ پىكىرلەرنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان نۇر ئۇچقۇنلىرى بىلەن سۈزۈلەر ۋە ئايدىڭلىشار.

## 1. «قۇتادغۇ بىلىك» قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ۋە ئۇنىڭ تىلى قايسى تىللىقى توغرىسىدا تەتقىقاتچىلارنىڭ پىكرى

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكىنىمىزدەك، بۇ ئەسەر ئىلىم دۇنياسىغا تونۇلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن تەتقىق ۋە تەھلىللەر ئېلىپ بېرىلغان بولسىمۇ، چىقىرىلغان خۇلاسىلەر ئوخشاش بولمىدى. بەزى مەسىلىلەردە جىددىي ئىختىلاپلار كۆرۈلدى. بولۇپمۇ ئۇلارنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ مەنسۇبىيىتى ۋە ئۇنىڭ تىلى توغرىسىدىكى كۆز قاراشلار ھەر خىل بولدى.

تەتقىقاتچىلاردىن رادلوۋ «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلى توغرىسىدا سۆزلىگەندە، بەزى ئۇنداق، بەزى مۇنداق دېدى. ئاخىرى

ىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا بار. ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ مەنسۇبىيەت مەسىلىسى ۋە ئۇنىڭ تىلىنىڭ قايسى مىللەت تىللىقى مەسىلىسىدۇر.

«قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ يېزىلغانلىقىغا مىڭ يىل بولغان بولسىمۇ، شۇ ئۇزاق تارىخىي جەرياندا، ئۇ بەزىدە كۆرۈلۈش، بەزىدە كۆمۈلۈش ھالىتىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزدى. ناھايەت 1925 - يىلى پروفېسسور فىترەتنىڭ تاشكەنتتە چىقىدىغان «مائارىپ ۋە ئوقۇتقۇچى» ناملىق مەجمۇئەدە بۇ ئەسەر توغرىسىدا ئومۇمىي مەلۇمات بېرىشتە ئۆزى ئۇچراتقان نەمەنگان نۇسخىسىدىن 154 - بەتنىڭ فاكسىمىلىنى بېرىشى بىلەن بۇ ئەسەر دۇنياغا تونۇلدى. شۇندىن بېرى «قۇتادغۇ بىلىك» قولدىن قولغا ئۆتۈپ، ئالەمشۇمۇل شۆھرەتكە ئىگە بولۇپ كەلمەكتە.

شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ نۇرغۇن دۆلەتلەر، جۈملىدىن ۋېنگرىيە، دانىيە، گېرمانىيە، تۈركىيە، ئىتالىيە، ياپونىيە، سوۋېت ئىتتىپاقى قاتارلىق دۆلەتلەردە بۇ ئەسەر ئۈستىدە ئىلمىي خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلدى. تەتقىقاتچى ئالىملاردىن ئوتتو ئولبرىت (گېرمانىيە)، ۋامبېرى (ۋېنگرىيە)، نەجىپ ئاسىم، رەشىت رەھمىتى ئارات، سەدرى مەخسۇدى، ئا. دىل ئاچار، كوپرولى فوئاززادە (تۈركىيە)، بومباچى (ئىتالىيە)، مالوۋ، رادلوۋ، بارتولىد، ساموئىلوۋىچ (چاررۇسىيە)، فىترەت، ئەخمەت زەكى ۋەلىدى، ئېمىر نەجىپ، قەييۇم كەرىموۋ (سوۋېت ئىتتىپاقى)، تومسىن (دانىيە)، بىروكلىمان، ھارتمان (گېرمانىيە) لەر «قۇتادغۇ بىلىك» ئۈستىدە نۇرغۇن ئىلمىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىپ، ئىلىم دۇنياسىغا ئالقىشقا سازاۋەر زور خىزمەتلەرنى تەقدىم قىلىشتى.

بىز ئۇلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرىنى كۆزدىن كەچۈرگىنىمىزدە، بەزى ئىختىلاپلارنىڭ بارلىقىنى كۆردۇق. ئۇ بولسىمۇ «قۇتادغۇ بىلىك»نىڭ قايسى مىللەتكە مەنسۇپلۇقى، ئۇنىڭ تىلى قايسى مىللەتنىڭ تىللىقىدىكى بىر خىل بولمىغان مۇجمەل

كەلتۈرۈپ، مۇنداق بىر پىكىر ئوتتۇرىغا قويۇلغان:

«...بۇغراخان تىلىنچە دېيىلگەن تىل، بۇغراخان قول ئاستىدا بىرلەشكەن ھەممە قەبىلىلەرگە چۈشىنىشلىك بولغان، شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئەسەر قايۇ - ئىقلىم ۋە قايۇ پادشاھقا يەتسە قەدىرلىنىپ ئوقۇلغان، دېمەك، ئەسەر تىلى شۇ دەۋر تۈرك قەبىلىلىرى تىللىرى ئاساسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن قۇتادغۇ بىلىكنى XI ئەسىرلەردە ياشىغان بىر مىللەتنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى دېگەن قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش خاتا بولىدۇ...»

دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك» تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بۇ خۇسۇستىكى كۆز قاراشلىرى، پىكىرلىرى، چىقارغان نەتىجىلىرىدە تېخى مانا شۇنداق مۇجمەللىكلەر بار.

## 2. بۇ ھەقتە مېنىڭ پىكرىم ۋە دەلىل - ئىسپاتلار

1) رادلوۋنىڭ پىكرى تومسېننىڭ سۆزى بىلەن رەت قىلىندى، ئۇ ئۆز پىكرىنى مۇقىملاشتۇرالمىغان.

2) مالوۋ «قۇتادغۇ بىلىك» تىلىنى «ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكارلىقى» دەپ جاھانغا ئېلان قىلدى. بۇ بىر دەلىل - ھۆججەت.

3) ئەمدى «قۇتادغۇبىلىك، كە ئۆزبېكچە تەۋسىف» نىڭ كىرىش سۆزىدىكى كۆز قاراش ئۈستىدە بىر ئاز توختىلىش زۆرۈر.

بۇ سۆزلەرنىڭ ئاپتورى: «‹قۇتادغۇ بىلىك› نى XI ئەسىردە ياشىغان بىر مىللەتنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى دېگەن قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش خاتا بولىدۇ» دەيدۇ ۋە ئۆز پىكرىگە مۇنۇ مىساللارنى كەلتۈرىدۇ:

(1) بۇغراخان تىلى ھەممىگە چۈشىنىشلىك بولغان تىل.

(2) شۇڭا ھەممىسى قەدىرلەپ ئوقۇغان.

«قۇتادغۇ بىلىك تىلى» دېگەن بىر يېڭى «ئىستىلاھ» ئويلاپ چىقىپ، ئەسەرنى «ئالتاي تىلى سىستېمىسى» دا ھېسابلاپ، ترانسكرىپسىيىلەشتۈرگەن بولسىمۇ، تومسون بۇ ترانسكرىپسىيىنى ناتوغرا تاپتى.① رادلوۋ ئۇن يىلدىن كېيىن ئۆزىنىڭ خاتالىقىنى سېزىپ، تومسوننىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.② دېمەك، «قۇتادغۇ بىلىك نىڭ تىلى ئالتاي تىلىغا مەنسۇپ» دېگەن پىكىر يوققا چىقتى.

مالوۋ بۇ ئەسەر تىلىنى تەتقىق قىلىپ، دەسلەپتە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تىلىنى «چاغاتاي تىلى» دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئۇزۇن تەتقىق قىلغاندىن كېيىن چۈشەنچىسىدىن يېنىپ، «قۇتادغۇ بىلىك» ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى يادىكارلىقى، دەپ تونۇدى. بۇ ئىختىلاپلار ھازىرقى كۈنىمىزدىن خېلى بالدۇر كۆرۈلگەن ئىختىلاپلار ئىدى. ئەمدى يېقىن كۈنلەردە يەنى ئۇيغۇر مىللىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ بىر ئەزاسى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ، ئۆز ھوقۇقى توغرىسىدا سۆزلەشكە باشلىغان، ئۆز مىراسلىرىغا ئۆزى ئىگىدارچىلىق قىلىش، ئۆز ھوقۇقىنى ئۆزى مۇداپىئە قىلىشقا باشلىغان بىر چاغدا، بەزى مۇجمەل قاراشلار ئوتتۇرىغا چىقتى. شۇ جۈملىدىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىشلەنگەن «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ تەۋسىف نۇسخىسىنىڭ كىرىش سۆزىدە «قۇتادغۇ بىلىك» نىڭ نەسرىي مۇقەددىمىسىدە يېزىلغان: «چىن ماچىن ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى قامۇغ ئىتتىپاق بولدىلەركىم، مەشرىق ۋىلايىتىدە قامۇغ تۈركىستان ئەللىرىدە بۇغراخان تىلىنچە تۈرك لۇغاتىنچە بۇ كىتابتىن يەقشىراق ھەرگىز كىم ئەرسە تەسنىف قىلمادى. بۇ كىتاب قايۇ پادىشاھقا ياقايۇ ئىقلىمغا تەگدى ئەرسە غايەت ئۆزلۈكىندىن، نىھايەتتىن كەچە كۆركلىكىدىن ئول ئەللەرنىڭ ھېكىملىرى، ئالىملىرى قەبۇل قىلىپ تەگە بىرى بىر تۈرلۈگ ئات - لەقەب ئۇردىلەر» دېگەن جۈملىلەرنى ئىستاتا

① مالوۋ: «تۈرك كونا يازما يادىكارلىقلىرى»، 1951 - يىل نەشرى.
② رادلوۋ: «قۇتادغۇ بىلىك، نەشرگە بېرىلگەن ئاخىرقى سۆز».

سۆز «خاقان» بىلەن ئوخشاشلا خانلىق ئۇنۋانى. بۇغراخان خا-
قان، خاقان — بۇغراخان. بىزدە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىن-
غان «تۈركى تىللار دىۋانى» نىڭ كىرىش سۆزىدە مەھمۇد قەشقە-
رى نەزىرىدە «خاقانىيە تۈركى تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلى — بىر
تىل، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق» دەپ كۆر-
سەتكەن. ئۇيغۇر تىلى بىلەن خاقانىيە تىلى بىر تىل بولىدىغان
بولسا، بۇغراخان تىلى بىر ئۇنۋان ئاساسىدىكى بىر تىلنى ئۇقتۇ-
رىدىغان بولسا، نېمە ئۈچۈن مۇقەددىمىدىكى «بۇغراخان تىلىنچە»
دېگەن جۈملە ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسەتمەيدۇ؟

نېمە ئۈچۈن ئۇيغۇر تىلى بىلەن بىر تىل ھېسابلىنىدىغان
«بۇغراخان تىلىنچە» (خاقانىيە تىلىنچە) يېزىلغان «قۇتادغۇبىلىك»
ئۇيغۇر مىللىتىگە مەنسۇپ بولالمايدۇ؟

دېمەك، پاكىتلار «قۇتادغۇ بىلىك، XI ئەسىرلەردە ياشىغان
بىرەر مىللەتنىڭ ياكى قەبىلىنىڭ ئەدەبىي يادىكارلىقى دېگەن
قەتئىي بىر پىكىرگە كېلىش خاتا بولىدۇ» دېگەن پىكىرنى قەتئىي
رەت قىلىدۇ، يوققا چىقىرىدۇ.

يۇقىرىقىدەك پاكىتلار ئاساسىدا بىز «قۇتادغۇ بىلىك، ئۇيغۇر
مىللىتىگە مەنسۇپ، ئۇنىڭ تىلى — ئۇيغۇر تىلى» دېگەن بىر
ھەقىقەتنى سۆزلەشتە ئۆزىمىزنى تامامەن ھەقلىق تاپىمىز. چۈنكى
دەلىل بىلەن ئىسپاتلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە كۆز قاراش ھەر
قاچان ئۇستۇنلۇككە ئىگە.

3. بۇ خۇسۇستا «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ شاھادىتى

1) ئەسەردە قوللىنىلغان، ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا قوللىنىلىۋات-
قان سۆزلەردىن نەمۇنە:

| | | |
|---|---|---|
| ئاچ | بەزەك | چىرىك |
| ئۇفتىماق | بىتىك | چىۋىن |
| ئاقساق | بۆرە | چۇمغۇق |
| ئالقىش | بۆرك | ئەم |

(3) ئۇ شۇ دەۋردىكى ھەممە قەبىلىلەر تىللىرى ئاساسىنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرگەن.

بۇ قاراشلارغا مېنىڭ پىكرىم مۇنداق:

(1) ئەگەر بۇغراخان تىلى ھەممىگە چۈشىنىشلىك ئىكەن، ماقۇل، ئەمما بىر مىللەت ئالىمى يازغان بىر ئەسەرنى باشقا مىللەتلەر چۈشەنسە، ئۇ ئەسەر شۇ ئەسەرنى يازغۇچىنىڭ مىللەت مەنسۇپلۇقىدىن چىقىپ كېتەلەمدۇ؟

ياق، ھەرگىز چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

(2) مۇقەددىمىدە: «ئول ئەلنىڭ ئالىملىرى، ھېكىملىرى تەرەپتىن چۈشىنىلىپ، تۈرلۈك ئات ـ لەقەبلەر ئۇرۇلغان» دېگەن. بۇنىڭدىن «قۇتادغۇ بىلىك» نى باشقا ئەللەر تامامەن چۈشەندى دېگەن مەنە كېلىپ چىقامدۇ؟

ياق. چۈنكى، تەبىئىيكى، بىر مىللەتنىڭ ئالىملىرى، ھېكىملىرى چۈشەنگەن نەرسىنى ھەرقاچان پۈتۈن مىللەتنىڭ چۈشىنىپ كېتەلىشى ناتايىن.

(3) «باشقا ئەلنىڭ ئالىملىرى، ھېكىملىرى چۈشىنىپ شۇنداق ئات ـ لەقەب ئۇرۇشقان» دېگەن ئۇقۇم ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر تىلىنى تەشكىل قىلىدۇ دەپ قارالغان تۈركەش، ياغما، قارلۇق قەبىلىلىرى «قۇتادغۇ بىلىك» نى ھازىرقى ئۇيغۇرلار چۈشەنگەندەك چۈشىنەلەمتى؟

ياق!

(4) بىر مىللەت ئىجاد قىلغان بىر ئەسەرنى باشقا مىللەتلەرنىڭ ئالىملىرى ۋە ھېكىملىرى چۈشەنگەن تەقدىردە بۇ ئەسەرنى چۈشەنگەن ئالىمنىڭ مىللىتىگە مەنسۇپ دېگىلى ۋە بۇ ئەسەرنى ئۇنىڭ ئىجادچىسى مەنسۇپ بولغان مىللەتنىڭ مەنسۇبىيىتىدىن ئۈچۈرۈپ تاشلىغىلى بولامدۇ؟

ياق.

(5) «بۇغراخان تىلىنچە» دېگەن جۈملىدىكى «بۇغرا» دېگەن

ياشىن يات ياۋاش
ياز يازدى يىلدىز
يىلقى يىراق يىنىك
يەڭ (كىيىمنىڭ يېڭى)

« قۇتادغۇبىلىك » تە يۇقىرىقىدەك سۆزلەر ناھايىتى كۆپ.

2) ھازىرقى ئۇيغۇرلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان سۆزلەرنىڭ « قۇتادغۇبىلىك » مىسرالىرىدىكى نىسبىتىدىن نەمۇنە:

76. ئۇنىن ئۆتتى كەكلىك كۈلەر قاتغۇرا،
قىزىل ئاغزى قان تەك (دەك) قاشى قاپقارا.

ئۈن، كەكلىك، كۈلەر، قاتغۇرماق، قىزىل، ئېغىز، قان، تەك، تاش، قاپقارا. ( ئون بىر سۆزنىڭ بارى ئۇيغۇرچە )

3480. كۆڭۈل كىمنى سەۋسە كۆرۈر كۆزدە ئول،
كۆزۈن قانچە باقسا ئۇچار يۈردە ئول.

كۆڭۈل، كىم، سەۋمەك، كۆرمەك، كۆز، دە، ئول كۆز، قانچە، باقماق، ئۇچماق، يۈز، دە، ئول. ( ئون تۆت سۆزنىڭ بارى ئۇيغۇرچە )

3481. كۆڭۈلدە نەگۈ ( نېمە ) ئەرسە ئارزۇ-تىلەك،
ئاغىز ئاچسا بارچە تىلىن سۆزدە ئول.

كۆڭۈل، ئەرسە، ئارزۇ، تىلەك، ئېغىز، ئاچماق، بارچە، تىل، سۆز، ئول، دە، ( ئون ئىككى سۆزدىن ئون بىرى ئۇيغۇرچە )

4917. ئۇلۇغلۇققا ئارتۇق كوۋەنمە ( قوۋانما ) كۆلە،
ئۇلۇغ بولدوڭ ئەرسە، باش ئاغرىق بىلە.

| | | |
|---|---|---|
| ئارىخ | بوغرا | ئەمچى |
| ئازغاش | بۇلاق | ئىملا (ئىملى ناھىيىسى) |
| باي | بۇرۇن | ئىنجىق |
| بەلگۈلۈك | بۇرۇن | ئىنچ (تىنچ) |
| ئىرىك (ژىرىك) | مەڭ | سوغالساق |
| ئىششىخ | ماڭىم (ماڭدىم) | سۆگەك |
| قاچان | مەڭزى | شاتۇ |
| قارا قۇش | مەڭگۈ | تاغار |
| قاراقچى | موك | تاڭشۇق |
| قارماق | ئوغرى | تەلۋە |
| كىزىك | ئۇك | تۇغ |
| قىلىق | ئوڭاي | تۇن |
| كىزىن (كېيىن) | ئوت | تۇرقۇ (تاۋار-توقا) |
| كېگەش | ئۇزا | توسون |
| كەڭ | ئۆكۈز | تورا |
| قىڭغۇز | ئۆكۈنچ | تۇش (تەگتۇشى) |
| كۆك (كۆكلىدى) | ئۇرۇك | توشاغ |
| كۆپ | ئۆتۈنچ | تۇرۇك |
| كورك | ئوزە | ئۇرۇغ |
| قۇلان | سان | ئۇۋۇت (ئۇيات) |
| قوتۇز | سارت | ئۇز |
| لاچىن | سىلىگ | |
| ئولۇش | تۇغ (بايراق) | |
| ئۆزۈك | تۇرۇك | |
| يىغى | تاقۇغ (خىزمەت تاپقاندىن چىققان) | |
| يالىڭ | ساقىش (ھېساب، ساق ئىشتىن چىققان) | |
| يەڭلىغ | بىغىرساق (شەپقەت، باغرى ساقتىن چىققان) | |
| ياراغ | يارلىغ | يارماق |

كىشى، ئەمگەك، ساغا، بەلگىلىك، ئۆنۈتما، ئول، بولماق، ئۆ-لۈك. (ئون سۆزدىن توققۇزى ئۆيغۇرچە)

237. تىرىك ئۆلگۈ ئاخىر توشەنگو يىرىگ،
كىشى ئۆلسە ئەدگۈن ئاتى تىرىگ.

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ بارى ئۆيغۇرچە)

464. يۈزى كۆرۈكلۈگ ئەردى كۆرۈپ كۆز قامار،
سۆزى يۈمشاق ئەردى تىل تۈز تامار.

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون ئىككى سۆزنىڭ بارلىقى ئۆي-غۇرچە، چۈشىنىشلىك)

204. سۆزۈم سۆزلەمىشكە ساغا ئەيمەنۈ،
ئۆزۈم ئۆزى قولدى ساغا ئوش مونو.

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى چۈشىنىشلىك. گەرچە قىلماق (ئۆتۈنۈش)، ئوش (ھازىر) دېگەن سۆزلەر ئىس-تېمالدىن چىققان بولسىمۇ.)

416. ئىقۇشلۇق كىم ئەرسە ئوقىتتى ئانى،
بىلىكلىك كىم ئەرسە بەزۈتتى ئانى.

(بۇ ئىككى مىسرادىكى ئون سۆزنىڭ ھەممىسى ئۆيغۇرچە، چۈشىنىشلىك)

3292. قاپىغ ئاچتى چىقتى قاداشىن كۆرۈف،
قۇچۇشتى، ئېسەنلەشتى يۈز - كۆز ئۆ فۇف.

ئۇلۇغ، ئارتۇق، كۆلمەك، ئۇلۇغ، بولماق، ئەرسە، باش، ئاغ-
رىغ، بىلە. ( ئۇن سۆزدىن توققۇزى ئۇيغۇرچە )

1196. ئۆلۈمۈگ ئاسىغ (مەنپەئەت) قىلماز ئالتۇن - كۈمۈش،
ئۆلۈمگە تىزۇماز ( توسماس ) بىلىگ يا ئوقۇش.

ئۆلۈم، قىلماق، ئالتۇن، كۈمۈش، تىزۇمار، بىلىگ، ئوقۇش.
( توققۇز سۆزدىن سەككىزى ئۇيغۇرچە )

1387. ئاتا ئارقىسىدىن تۇغۇلسا ئوغۇل،
ئانا قارنى، مەنزىل قاچ ئايلىق ئامۇل.

ئاتا، ئانا، ئارقا، تۇغۇلماق، ئوغۇل، قېرىن، قاچ، ئاي.
(ئۇن سۆزدىن توققۇزى ئۇيغۇرچە، بىرى ئەرەبى چۈشىنىشلىك )

3031. خەزىنە نەرەك (نەكېرەك) كۆڭ ئەر ئات چوق كېرەك،
بېگى باي كېرەكسىز بۇزۇن توق كېرەك.

خەزىنە، نەرەك، كۆپ، ئەر، ئات، كېرەك، بەگ، باي، توق.
( ئۇن ئىككى سۆزدىن توققۇزى ئۇيغۇرچە )

1061. ئۇت ئەم قالمارى كۆرنەچە قىلدىلەر،
ياراشىق نە ئىرسە ئانى بەردىلەر.

ئۇت، ئەم، قىلماق، كۆز، نەچە، قىلماق، ياراشىق، ئەرسە،
ئانى، بەرمەك. ( ئۇن سۆزنىڭ بارى ئۇيغۇرچە )

1595. كىشى ئەمگەك ئىدسا ( قىلسا ) ساڭا بەلگىلىك.
ئۇنۇتما ئۇل ئەمگەكنى بولما ئۆلۈك.

370. تاتىغ ئەردى ئوقتەگ، كۆكۈل ئەردى با،
كۆكۈل قىلغۇ ئوق تەگ بوزوم بولدى يا.

376. تاتىغ ئەردە بارچە يىگىتلىك ئىشىم،
ئاغۇ قىلدى ئەمدى ماڭا يەر ئاشىم.

372. يىگىتلىك نەگو (نىمە) يىغدى ئەرسە ساڭا،
قارىلىق كەلىپ ئالدى، كەلگەي ساڭا.

383. قاراڭغۇدا ئەردىم يارۇتتى تۇنۇم،
تۇنەرقتە ئەردىم تۇغۇردى كۇنۇم.

187. ساڭا سۆزلەدىم مەن سۆزۈم ئى ئوغۇل،
ساڭا بەردى بۇ پەند ئۆزۈم ئى ئوغۇل.

189. كۇمۇش قالسا ئالتۇن مېنىڭدىن ساڭا،
ئانى تۇتماغىل سەن بۇ سۆزگە تەڭا.

956. بۇ ئاي تولدى ئۇ ئولدوردى ئاقرۇسلىڭ،
كۆزدىن يىر - تىكتى بەكۇتتى تىلىڭ.

957. ئىلىگ ئايدى: ئاي تولدى سۆزلە سۆزۈك،
نەلۈك شۇك تۇرۇرسەن نە بولدى ئۆزۈك.

966. قارا باش ياغىسى قىزىل تىل تۇرۇر،
نەچە باش يېدى بۇ تاقى ما يېيۇر.

967. باشىڭنى تىلەسە تىلىڭنى كۆدەر،
تىلىڭ تەگمە ھەر كۇندە باشىڭنى يانۇر.

( ئون سۆزنىڭ بارى ئۇيغۇرچە، چۈشىنىشلىك )

3 ) ھېچقانداق يەشمىسىز ھازىرقى ئۇيغۇرلار بىۋاسىتە چۈشىنەلەيدىغان مىسرالاردىن نەمۇنە:

211. كىشى كۆڭلى تۇسۇز تەگىز تەك تۇرۇر،
بىلىگ يىنچۈ سانى تۆپۈندە ياتۇر.

350. كىتاب ئاتى ئۇردۇم قۇتادغۇبىلىگ،
قۇتادسۇ ئوقىغلىقا تۇتسۇ ئىلىگ.

1953. بەگ ئاتى بىلىگ بىرلە باغلىغ تۇرۇر،
بىلىگ لامى كىتسە بەكى ئاتى قالۇر.

167. سۆزۈڭنى كودەز گىل باشىڭ بارماسۇن،
تىلىڭنى كودەز گىل تىشىڭ سىنماسۇن.

168. بىلىپ سۆزلەسە سۆزگە بىلىگكە سانۇر،
بىلىگسىز سۆزى ئۆز باشىنى يېيور.

768. باقىپ كۆردى ئىلىگ كۆزىن ئىلمەدى،
ئىشارەت بىلە كەلگىل، ئولتۇر تىدى.

774. بىر ئانچە تۇرۇپ باش كۆتۈردى ئىلىگ،
بۇ ئاي تولدىقا ئايدى تەبرەت تىلىگ.

67. قۇرىمىش يىغاچلار توناندى ياشىل.
بەزەندى يىپون، ئال سارىغ، كۆك، قىزىل.

ئىلمى )، ئېتىمولوگىيە ( سۆزنىڭ كېلىپ چىقىشىنى تېپىش ئىلـ
مى )، فونېتىكا ( ئاھاڭ )، فونېماتىكا ( سۆز مەنىسىنىڭ گراما-
تىك شەكىللىرىنى بىلىش ئىلمى ) ۋە لېكسىكولوگىيە نۇقتىسىنەزە-
رىدىن تەتقىق ۋە تەھلىل قىلغاندا يەنىمۇ ئۇچۇق ئىسپاتلىنىدۇ.
ھازىر بىزدە «قۇتادغۇبىلىك» شۇناسلىق بويىچە تۇنجى ئىلمىي
مۇھاكىمە جەمئىيىتى قۇرۇلدى.

بىز ئىشىنىمىزكى، «قۇتادغۇبىلىك» ئۈستىدە بۇ يېڭى دەۋر-
نىڭ باشلىنىشى بىلەن ئىلمىي خىزمەتلەر ئېلىپ بېرىلىدۇ، مۇج-
مەل قاراشلار تۈزىتىلىدۇ. ئۆتمۈشتىكى پارلاق ئىلىم-مەرىپەت-
لىك ھاياتىمىزنىڭ گۇۋاھچىسى بولغان يىمىرىلمەس ئىلمىي ئە-
رام «قۇتادغۇبىلىك» نىڭ ئەھمىيەت دەرىجىسى يەنىمۇ يۈكسىلىدۇ.

1986-يىل 5-ئاي، ئۈرۈمچى

1382. نەچە قاچسا ئاخىر ئۆلۈم يوتغۇسى،
نەچە قالسا ئاخىر ئۆلۈم يەتكۈسى.

1384. قانى كىم قۇتۇلدى ئۆلۈمدىن قاچىپ،
قانى كىم ئاشۇندى ئۆدىندىن كەچىپ.

1396. بۇ تۇش تەگ تىرىگلىك كەچەر بەلگۈسۈز،
كەرەك بەگ كەرەك قول بارىر كەلگۈسۈز.

1419 ئەدىز كەڭ بەدىزلىگ سارايىڭ قالىپ،
قاراڭغۇ يەر ئەۋدە ياتۇرسەن ئۆلىپ.

1441. ۋەپا قىلغىز ئەرمەز بۇ دۇنيا بىلىن،
كەچەر دۇنيادا ئۆز ئازۇقۇڭ ئالىن.

1501. ئايۇر ئاي ئوغۇل كۆردۈڭ ئەمدى مەنى،
نە ھالىن بارىر مەن ئۇنىتما مۇنى.

1503. كەرەكلىك سۆزۈگ مەن تونوزدوم ساڭا،
سۆزۈمنى ئۇنۇتما، دۇئا قىل ماڭا.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا، « قۇتادغۇبىلىك » نىڭ ئۇيغۇر مىللىتى-
گە مەنسۇپلۇقىنى ئۇنىڭ ئۇيغۇر بەدىئىي ئەدەبىياتى ۋە تىلىنىڭ
بىردىنبىر نەمۇنىسى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدىغان نۇرغۇن دەلىللەر
بارلىقىنى كۆرۈپ يەتمەكتىمىز.
بۇ نۇقتىلار « قۇتادغۇبىلىك » فىلولوگىيە ( تىل - ئەدەبىيات
ئىلمى ) دائىرىسىدە قولىغا ئېلىنىپ، ئۇنى مورفولوگىيە ( سۆز-
لەرنىڭ تۈرلىنىشى)، سىمالوگىيە ( سۆز مەنىلىرىنى تەتقىق قىلىش

**阿合买德·孜亚伊作品选**　（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市建中路54号）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷三厂印刷
850×1168毫米　32开本　7.5印张　4插页
1987年5月第1版　1988年2月第1次印刷
印数：1——1,600

ISBN7－228－00138－9/I·53　定价：1.70 元